# لا إله إلا الله نىڭ شەرتلىرى

## شُرُوط لا إله إلا الله

ئەبۇ بەسىير تارتۇسىي

## مۇندەرىجە

**مۇقەددىمە ............................................ 5**
**دەسلەپكى مۇھىم قائىدىلەر ............................ 20**
1 ـ قائىدە ................................................ 20
2 ـ قائىدە ................................................ 24
3 ـ قائىدە ................................................ 25
4 ـ قائىدە ................................................ 27
5 ـ قائىدە ................................................ 28
**لاإله إلاالله نىڭ مەنىسى ................................ 30**
ھاكىمىيەت تەۋھىدى ئۈچ قىسىم تەۋھىدنىڭ قايسى قىسمىغا تەۋە؟ ....... 36
**شەرت ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ............................ 44**
**لا إله إلا الله نىڭ شەرتلىرى ............................ 45**
**بىرىنجى شەرت : تىلدا سۆزلەش ۋە ئىقرار قىلىش.............. 45**
تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى بىرىشىنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىرەر ئەمەل بارمۇ؟ ....... 54
باشقا بىر سەۋەب بىلەن كافىر بولغۇچىنى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى سۆزلەش ئىسلامغائەكىرەلەمدۇ؟ ........................................ 58
**ئىككىنچى شەرت : تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ....................... 61**
نېمە ئۈچۈن تەۋھىد كەلىمىسىدە نەفىي مەزمۇن ئىسبات مەزمۇنىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ؟ ............................ ........................ 65
تاغۇت ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ......................................... 67

تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنىڭ سەۋىيەتلىرى ........................ 72
1ـ تاغۇتنى ئېتىقادىي جەھەتتىن ئىنكار قىلىش ........................ 73
2ـ تاغۇتنى سۆز بىلەن ئىنكار قىلىش ........................74
3ـ تاغۇتنى ئەمەلدە ئىنكار قىلىش ........................ 77
تاغۇت سۆزىنى مۇسۇلمانغا قارىتىپ ئېيتىش دۇرۇسمۇ؟ ........................ 81
**ئۈچىنچى شەرت : ئىلىم (لا إله إلا الله نى بىلىش) ........................82**
لا إله إلا الله قا شەرت بولىدىغان ئىلىمدىن قايسى خىل ئىلىم كۆزدە تۇتۇلغان؟ ........................ 89
«بەزى ئەھلى ئىلىملەر مۇمايلارنىڭ ئېتىقادى ۋە ئىمانىغا قىزىقتۇرغان» دېگەن شۇبھىگە رەددىيە ........................ 92
تەۋھىدنى بىلىمگەنلەرنىڭ تۈرى ۋە ھۆكۈملىرى ھەققىدە مۇھىم بايان...... 97
بىلمەسلىكتىن ئازغۇچىغا ھۆججەت تۇرغۇزۇشنىڭ پرىنسىپلىرى ......... 104
**تۆتىنچى شەرت : راستچىللىق (سەمىمىيەت) ۋە ئىخلاس ........... 108**
**بەشىنچى شەرت : شەكنىڭ يوقۇلۇپ، جەزمىيەت ھاسىل بولىشى...113**
**ئالتىنچى شەرت : لا إله إلا الله قا ئەمەل قىلىش ........................116**
ناماز ـــ تەۋھىدنىڭ دۇرۇسلۇقىغا شەرت بولىدىغان ئەمەللەرجۈملىسىدىندۇر 123
ئىنسان قانداق ئەھۋالدا ئەمەلنى تەرك ئېتىش سەۋەبىدىن كافىر بولۇپ كېتىدۇ؟24
**يەتتىنچى شەرت : تەۋھىدكە نىسبەتەن يامان كۆرۈش ۋە ئۈچمەنلىككە ئورۇن قويمايدىغان چىن مۇھەببەت ........................129**
چىن مۇھەببەتنىڭ بەلگىلىرى ........................140
1ـ ھەر ئىشتا پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ..........140

2ـ تاللاشقا توغرا كەلگەندە اللّٰه ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش.......................................143
3ـ سىناق ـ كۆلپەتلەرگە ئۇچراش ۋە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش .........146
**سەككىزىنچى شەرت : رازىلىق ۋە بويسۇنۇش** ...................152
**توققۇزىنچى شەرت : تەۋھىد ئۈستىدە ۋاپات تېپىش** ...............161
**خۇلاسە** ...........................................................165
**زۆرۈر ئەسكەرتمىلەر** ............................................166
1ـ ئەسكەرتمە ...........................................................166
2ـ ئەسكەرتمە ...........................................................167
3ـ ئەسكەرتمە ...........................................................171
4ـ ئەسكەرتمە ...........................................................176
5ـ ئەسكەرتمە ...........................................................178
6ـ ئەسكەرتمە ...........................................................180
7ـ ئەسكەرتمە ...........................................................183
**لا إله إلا الله دەۋاتقان تەقدىردىمۇ قىلىچ ئۇرۇلۇۋېرىدىغان ھالەتلەر......**
1ـ ئېغىر دەرىجىدە مۇرتەد بولغۇچى........................................187
2ـ زىندىق ..............................................................194
3ـ پەيغەمبەرﷺگە تىل سالغۇچى ........................................197
4ـ شەرىئەتتىكى ئۆلۈم جازاسىغا تېگىشلىك بولغان ئادەم ..................199
**قۇرئان كەرىمدىكى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ مىسالى** ......................200
**خاتىمە** ..............................................................209

# مۇقەددىمە

إنَّ الْحَمْدَ لِلّهِ نَحْمَدُهُ وَنَسْتَعِيْنُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَعُوذُ بِاللهِ مِنْ شُرُورِ أنْفُسِنَا وَمِنْ سَيِّئَاتِ أعْمَالِنَا مَن يَهْدِهِ اللهُ فَلَا مُضِلَّ لَه وَمَنْ يُضْلِلْ فَلَا هَادِيَ لَه وَأشْهَدُ أَلَّا إلَهَ إلَّا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَه وَأشْهَدُ أنّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُه

﴿يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ حَقَّ تُقَاتِهِۦ وَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ۝١٠٢﴾

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱتَّقُواْ رَبَّكُمُ ٱلَّذِي خَلَقَكُم مِّن نَّفۡسٍ وَٰحِدَةٍ وَخَلَقَ مِنۡهَا زَوۡجَهَا وَبَثَّ مِنۡهُمَا رِجَالًا كَثِيرًا وَنِسَآءًۚ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَ ٱلَّذِي تَسَآءَلُونَ بِهِۦ وَٱلۡأَرۡحَامَۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ عَلَيۡكُمۡ رَقِيبًا ۝١﴾

﴿ يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ ٱتَّقُواْ ٱللَّهَ وَقُولُواْ قَوۡلًا سَدِيدًا ۝٧٠ يُصۡلِحۡ لَكُمۡ أَعۡمَـٰلَكُمۡ وَيَغۡفِرۡ لَكُمۡ ذُنُوبَكُمۡۗ وَمَن يُطِعِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدۡ فَازَ فَوۡزًا عَظِيمًا ۝٧١﴾

أمَّا بَعْد: فَإنَّ أصْدَقَ الْحَدِيثِ كَلَامُ اللهِ وَخَيْرَ الهَدْيِ هَدْيُ مُحَمَّدٍ ﷺ وَشَرَّ الأُمُورِ مُحْدَثَاتُها وَكُلَّ مُحْدَثَةٍ بِدْعَة وَكُلَّ بِدْعَةٍ ضَلَالَة وَكُلَّ ضَلَالَةٍ فِي النَّار.

**جىمى گۈزەل مەدھىيلەر الله تەئالاغا خاستۇر، بىز ئۇنى مەدھىيلەيمىز، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيمىز، ھىدايەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز، الله تەئالاغا سىغىنىپ دىللىرىمىزنىڭ قارىداپ، ئەمەللىرىمىزنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن پاناھ تىلەيمىز. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىن باشقىسى ھەق ئىلاھ ئەمەس، گۇۋاھلىق بېرىمەنكى مۇھەممەدﷺ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.**

**﴿ئى مۇئمىنلەر، الله قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت**

**مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەن ۋاپات بولۇڭلار.﴾** [ئال ئىمران: 102]

**﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن نۇرغۇن ئەر-ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، بىر- بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا نامى بىلەن سورايدىغان الله تىن قورقۇڭلار، سىلە- رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار، الله ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.﴾**

[نىسا :1]

**﴿ئى مۇئمىنلەر، الله تىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ). گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ.﴾**

[ئەھزاب: 70ـ71]

**ئەمما بەئدۇ:**

**ھەقىقەتەن ئەڭ راست سۆز الله نىڭ كىتابى، توغرا يول مۇھەممەد ﷺنىڭ يولى، ئەڭ يامان ئىش (قۇرئان-سۈننەتكە ئاساسلانماي) يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىشلاردۇر، ھەممە يېڭى پەيدا قىلىنغان ئىش بىدئەتتۇر، ھەممە بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەممە ئازغۇنلۇق دەۋزەختا بولىدۇ.**

شۈبھىسىزكى، ئادەم ﷺ دىن تارتىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گىچە ئەۋەتىلگەن بارچە پەيغەمبەر-ئەلچىلەرگە الله تەئالا ۋەھى قىلغان ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ كاتتا سۆز ـ تەۋھىد كەلىمىسى «لاإله إلا الله»دۇر.

الله تەئالا ئادەم ﷺنى ياراتقان كۈندىن بۇيان تاكى بۈگۈنگىچە ۋە قىيامەت

قايىم بولغۇچە ئىنسانىيەت تەلەپپۇز قىلىدىغان ئەڭ بۈيۈك سۆز ـ تەۋھىد كەلىمىسى «لاإله إلا الله»دۇر.

زىكىرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ـ «لاإله إلا الله» دۇر.

دىنىنىڭ مەھكەم تۇتقۇسى، نىجاتلىقنىڭ سۇنماس ھالقىسى «لااله إلا الله» دۇر.

الله تەئالا پەقەت مۇشۇ پۈتكۈل مەۋجۇداتنى كەلىمە ئۇچۇنلا ئاپىرىدە قىلغان، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەن، كىتابلارنى نازىل قىلغان. مانا مۇشۇ كەلىمە سەۋەبىدىن جەننەتلەر زىننەتلەنگەن، دەۋزەخلار قىزىتىلىپ قىپقىزىل ھالەتكە ئاندىن قاپقارا زۇلمەتلىك ھالەتكە كەلگەن. مۇشۇ كەلىمە ۋەجىدىن الله تەئالا جىھادنى، ئۆلتۈرۈش ۋە جەڭ قىلىشنى، تىنچلىق ۋە ئۇرۇش ھالەتلىرىنى، دوستلۇق ۋە دۈشمەنلىكنى شەرىئەتتە بېكىتىپ بەرگەن بولسا، بۇ كەلىمىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد ۋە ئازادلىق قوشۇنلىرى جەڭگە ئاتلىنىپ بارچە قىممەتلىك نەرسىلىرىنى، ئەزىز جانلىرىنى، بىباھا قانلىرىنى ئەرزىمەس نەرسە سۈپىتىدە تەقدىم قىلغان.

«لاإله إلا الله» غايىلەرنىڭ غايىسى ۋە ئەڭ بۈيۈك مەقسەد بولۇپ، باشقا ھەرقانداق غايە ـ مەقسەد ۋە مەنپەئەتلەر ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىلەن باراۋەرمۇ بولالمايدۇ. بۇ كەلىمە ئارقىلىق دۇنيادا ئۇنىڭغا ئىگە بولغان كىشىنىڭ قېنى قوغدىلىدۇ، سەۋەنلىكى كەچۈرۈلىدۇ، شۈبھى ـ گۇمان قىلىنغاندا بۇ سۆزنى قىلغۇچىنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇلمايدۇ. ئاخىرەتتە بولسا كىشىلەر مۇشۇ كەلىمە ئاساسىدا جەننەتكە ياكى دەۋزەخقە كىرىدۇ. ئۇنىڭ شەرتلىرىنى سەممىي ئىخلاس بىلەن لايىقىدا ئورۇندىغان كىشى جەننەتكە كىرىدۇ. كىمكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ھەقلىرىنى ئورۇندىمىسا، شەرتلىرىگە رىئايە قىلمىسا ئۇ شەكسىز دەۋزەخقە

كىرىدۇ، ئۇنىڭغا ئازاب ۋەدىسى تېگىشلىك بولىدۇ.

لاإله إلا الله تىن ئىبارەت تەۋھىد گۇۋاھلىقى شۇ قەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنكى، ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچىدىن شىرىكتىن باشقا ھەرقانچە يامان گۇناھلار سادىر بولسىمۇ، بۇ سۆز يەنىلا ئۇنىڭغا نىجاتلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭغا ئىگە بولماي تۇرۇپ، ئاسمان- زېمىن توشقىچىلىك ساۋابلىق ئىشلارنى قىلغان بىلەن، ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇ ئەمەللىرى ھېچنەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.

الله نىڭ نەزىرىدە لا إله إلا الله نىڭ قىممىتى پۈتكۈل جاھاندىن ئارتۇق بولۇپ، مۇبادا بۇ كەلىمە ئاسمان- زېمىن بىلەن تارازىدا ئۆلچەنسە ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

" إِنَّ نَبِيَّ اللَّهِ نُوحًا ﷺ لَمَّا حَضَرَتْهُ الْوَفَاةُ قَالَ لِابْنِهِ: ... آمُرُكَ بِلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، فَإِنَّ السَّمَوَاتِ السَّبْعَ، وَالْأَرْضِينَ السَّبْعَ، لَوْ وُضِعَتْ فِي كِفَّةٍ، وَوُضِعَتْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ فِي كِفَّةٍ، رَجَحَتْ بِهِنَّ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَلَوْ أَنَّ السَّمَوَاتِ السَّبْعَ، وَالْأَرْضِينَ السَّبْعَ، كُنَّ حَلْقَةً مُبْهَمَةً، قَصَمَتْهُنَّ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ...." رواه أحمد في المسند.

**«نۇھ ﷺ سەكرات ھالىتىدە ئوغلىغا قىلغان ۋەسىيىتىدە شۇنداق دېگەن: مەن ساڭا ‹لاإله إلا الله› نى تەۋسىيە قىلىمەن. شۈبھىسىزكى يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن تارازىنىڭ بىر پەللىسىدە قويۇلۇپ، يەنە بىر پەللىسىدە ‹لاإله إلا الله› قويۇلسا، ئەلۋەتتە ‹لاإله إلا الله› ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدۇ. مۇبادا يەتتە ئاسمان، يەتتە زېمىن بىر مەۋھۇم ھالقا دەپ تەسەۋۋۇر قىلىنسا ‹لاإله إلا الله› ئۇنى سۇندۇرۇپ تاشلايدۇ.. »**

عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ ، قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: " قَالَ مُوسَى عَلَيْهِ السَّلامُ: يَا رَبِّ عَلِّمْنِي شَيْئًا أَذْكُرُكَ بِهِ وَأَدْعُوكَ بِهِ، قَالَ: يَا مُوسَى قُلْ: لا إِلَهَ إِلا

اللَّهُ، قَالَ: يَا رَبِّ كُلُّ عِبَادِكَ يَقُولُ هَذَا، قَالَ: قُلْ: لا إِلَهَ إِلا اللَّهُ، قَالَ: لا إِلَهَ إِلا أَنْتَ يَا رَبُّ، إِنَّمَا أُرِيدُ شَيْئًا تُخُصُّنِي بِهِ، قَالَ: يَا مُوسَى لَوْ كَانَ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ، وَعَامِرُهُنَّ غَيْرِي، وَالأَرَضِينَ السَّبْعُ فِي كِفَّةٍ، وَلا إِلَهَ إِلا اللَّهُ فِي كِفَّةٍ مَالَتْ بِهِنَّ لا إِلَهَ إِلا اللَّهُ ".

رواه الحاكم في المستدرك وقال : هَذَا حَدِيثٌ صَحِيحٌ

**ئەبۇ سەئىد خۇدرىيﷺ دىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: مۇسا ﷺ ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىم، سېنى ياد ئېتىشىم ۋە ساڭا دۇئا قىلىشىم ئۈچۈن ماڭا بىر سۆز ئۆگىتىپ قويغىن. الله ئېيتتى: ئى مۇسا، «لَا إِلهَ إِلَّا الله» دېگىن. مۇسا ئېيتتى: ئى پەرۋەردىگارىم، بۇنى ھەممە بەندىلىرىڭ دەيدىغۇ! الله ئېيتتى: «لَا إِلهَ إِلَّا الله (الله تىن باشقىسى ھەق ئىلاھ ئەمەس)» دېگىن. مۇسا دېدىكى: «سەندىن باشقىسى ھەق ئىلاھ ئەمەس»، ئى پەرۋەردىگارىم، مەن ماڭا خاس بىر سۆزنى دېمەكچىدىم. الله ئېيتتىكى: ئى مۇسا، مۇبادا يەتتە ئاسمان ۋە مەندىن باشقا ئۇلارنى ئاۋات قىلغۇچىلار، يەتتە زېمىن بىلەن ھەممىسى تارازىنىڭ بىر پەللىسىدە قويۇلۇپ، يەنە بىر پەللىسىدە لَا إِلهَ إِلَّا الله قويۇلسا، ئەلۋەتتە لَا إِلهَ إِلَّا الله ئۇلارنى بېسىپ چۈشكەن بولاتتى.**

شۇنداق تۇرۇقلۇق تارىختىن بۇيان تا بۈگۈنمىزگە قەدەر تەۋھىد كەلىمىسى لا إله إلا الله ئۈچرىغان بۇرمىلاش، ئۆزگەرتىش، خاتا چۈشەندۈرۈشلەرگە ھېچقانداق بىر سۆز ئۇچرىغان ئەمەس. بۇ كەلىمىنى كافىر ئىلمانىيلار[1]دىن باشلاپ

[1] ئىلمانىيلار ــ دىننى ھايات پائالىيەتلىرىدىن ۋە ھاكىمىيەتتىن ئايرىپ تاشلاشنى دەۋا قىلىدىغانلار. بۇلارنىڭچە بولغاندا، دىن پەقەت مەسجىدلەردە شوغۇللىنىدىغان دىنىي پائالىيەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا شۇنداقلا، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوردا-قەسىرلىرىدىكى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ مەشھۇر سۆزىدىن: «الله نىڭ ئىشى ئايرىم، پادىشاھنىڭ ئىشى ئايرىم. الله نىڭ ھەققىنى الله قا، پادىشاھنىڭ ھەققىنى پادىشاھقا ئادا قىلغىن..» [مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ «ئىلمانىيلار ۋە ئىسلام» دېگەن

ئازغۇن سۇفيلارغىچە، مۇرجىئە[1]، جەھمىيەر[2]دىن تارتىپ ھاياتى ۋە ئىلىملىرىنى خائىن شاھ-سۇلتانلارنى، تاغۇت ھۆكۈمرانلارنى قوغداشقا ئاتىۋەتكەن

كىتابىغا، ئۇستاز ئەبۇ بەسىيرنىڭ «ئىلمانىيلار، لۇت قەۋمى ۋە ھىجاب» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.] تەرجىماندىن (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ « ـــــ ت.» بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.)

[1] مۇرجىئە ــ ئىمان بابىدا ۋە بەزى ئەقىدە مەسىلىلىرىدە خاۋارىجلارغا قارشى مەيدانغا چىققان، شۇنداقلا ئەھلى سۇننە ۋەلجەمائەگە قارشى يول تۇتقان ئازغۇن پىرقىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ گەۋدىلىك ئازغۇنلۇقى ئىماننى پەقەت تىلدىكى سۆز ۋە دىلدىكى تەسدىقتىن تەركىپ تاپىدۇ، ئاشكارا ئەمەلنىڭ ئىمان بىلەن مۇناسىۋىتى يوق دەپ قاراپ، ئەمەلنى ئىماننىڭ ھەقىقىتىدىن ئايرىپ تاشلىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇلارنىڭچە، اللہ نىڭ بىرلىكىگە قەلبىدە تەسدىقى بار ئادەمگە ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش قىيامەتتە اللہ قا تاپشۇرۇلىدۇ. «مەن مۇسۇلمان» دەيدىغان ۋە ئىككى گۇۋاھلىقنى سۆزلىگەن بىر ئادەم پۈتۈن پەرزلەرنى ئورۇنداشتىن باش تارتقان، بارلىق ھارام ئىشلارنى قىلغان تەقدىردىمۇ، ھەتتا ئۇ بۇتقا سەجدە قىلسىمۇ، مۇسۇلمانلارغا قارشى كافىرلارغا ھەمدەمدە بولسىمۇ، ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ قېنىنى شورايدىغان جاللات بولۇپ كەتسىمۇ شۇلارنى ھالال سانايدىغانلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلىمىگەن بولسىلا، ئۇ جەننەتكە كىرىدىغان مۇئمىن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىماندىن ئەمەلنى كېچىكتۈرگۈچى دېگەن مەنىدىكى «مۇرجىئە» نامى بىلەن ئاتالغان. بۇ ئازغۇنلۇقنى ئەڭ ئاۋۋال ئوتتۇرىغا چىقارغۇچى تابىئىنلار دەۋرىدە ئۆتكەن زەر ئىبنى ئابدۇللاھ ئەلھەمدانيي بولۇپ، ئۇ ھىجرىيە 1-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆلگەن. [«ئىسلام تورى» بېكىتىدىكى «المرجئة عقيدتهم وموقف السلف منهم (مۇرجىئەلەر، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن سەلەفلەرنىڭ مەيدانى» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.] ـــــ ت.

[2] جەھمىيەر ــ اللہ تەئالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىدىغانلارغا ئورتاق ئىشلىتىلىدىغان بۇ نام مۇشۇ ئازغۇن ئەقىدىنى پەيدا قىلغان جەھم ئىبنى سافۋان(ھىجرىيە ؟ــــ128)غا نىسبەت بېرىلىدۇ. جەھمىيەرنىڭ باتىل ئەقىدىلىرى جۈملىسىدىن: ئۇلار اللہ تەئالانىڭ بارلىق ئىسىم-سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ؛ ئەمەلنى ئىماندىن ئايرىۋېتىدۇ؛ قۇرئان مەخلۇق دەپ قارايدۇ؛ بەندىدە ئىختىيارلىق يوق، ھەممە بەندىلەر قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى مەجبۇرىي ھالەتتە قىلىدۇ، دەيدۇ؛ مۇئمىنلارنىڭ جەننەتتە اللہ نىڭ جامالىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ؛ جەننەت بىلەن دەۋزەخنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ ۋە ھاكازالار. جەھم ئىبنى سافۋان يۇنان پەلسەپىلىرىنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرىغاچقا، ئۇنىڭ بۇ ئەقىدىسى شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۇستازى جەئدى ئىبنى دىرھەم دېگەن ئادەم ئەينى چاغدا كۇفە شەھىرىنىڭ ھاكىمى تەرىپىدىن زىندىقلىق بىلەن ئەيىپلىنىپ قەتلى قىلىنغان، كېيىن ئۆزىمۇ شۇ ئاقىۋەتتە ھالاك بولغان. شۇڭا نۇرغۇن مۆتىۋەر ئۆلىمالار جەھمىيەرنى ئىسلامغا تەۋە ئەمەس دەپ قارايدۇ. جەھمىيەرنىڭ ئىمان بابىدىكى ئازغۇنلۇقى ئاساسەن مۇرجىئەلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كەتكەچكە، ئۇلار مۇرجىئە پىرقىلىرى قاتارىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇلارنىڭ تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن يېرى شۇكى، ئۇلار ئىماننى پەقەت دىلدا اللہ نى تونۇش دەپ، كافىرلىقنى بولسا اللہ نى تونىماسلىق دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭچە ئاشكارا ھەرقانداق ئەمەلنىڭ ۋە تىلدىكى ھەرقانداق سۆزنىڭ ئىمانغا دەخلىسى بولمايدۇ. قەلبىمدە ئىمانىم بار دەيدىغان بىر ئادەم اللہ نىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺگە ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن تىل تەككۈزسىمۇ ۋە باشقا ھەرقانداق ئاشكارا كۇفرىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسىمۇ، يەنىلا مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ... [سەفەر ئەلھەۋالىينىڭ «الجهمية (جەھمىيەر)» دېگەن ماقالىسىغا قاراڭ.] ـــــ ت.

زامانىمىزدىكى ساختا سەلەفىيلەر[1] گىچە بارلىق ئازغۇن-گۇمراھ تۈپلار ھۇجۇم نىشانىغا ئايلاندۇرۇلدى.

ئۇلار بۇ كەلىمىنى ھىيلە- مىكرى، ئاساسسىز بوزۇق ئويدۇرمىلىرى ئارقىلىق ئۇ ئىپادىلىگەن مەنا-مەزمۇن ۋە ئۇنىڭ مەقسەدلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسان قەلبىنى قىلچە ئىللىتالمايدىغان، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىگە ئەمەلىي تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، پەقەتلا مەسجىد بۇلۇڭلىرىدا تەسۋى دانىچىلىرىنى تاراقشىتىپ تىلنىڭ ئۇچىدا تەكرارلايدىغان قۇرۇق ھەرپ ئورنىدا مۇئامىلە قىلىشتى.

ئۇلار بۇ كەلىمىگە ئۇنىڭدىن مەقسەد قىلىنغىنى بويىچە ھايات يولى سۈپىتىدە، ئىنسانىيەت جەمئىيەتلىرىنى شىرىك پاتقىقىدىن تەۋھىد نۇرىغا، جاھىلىيەتنىڭ زۇلمىدىن ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە، اللّٰه تىن ئۆزگە كىم ۋە نېمە بولىشىدىن قەتئىنەزەر، مەخلۇققا قۇلچىلىق قىلىشتىن يىگانە اللّٰه تەئالانىڭ ئىبادىتىگە

---

[1] سەلەفىيلەر ــــ سەلەف سالىھلارنىڭ يولىنى تۇتقان، ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئەقىدىسىنىڭ بايراقدارلىرىنىڭ بۇ گۈزەل نامىنى بۇگۈنكى كۈندە ھەقتىن تېيىپ كەتكەن بەزى كىشىلەر سۇيئىستىمال قىلىشىپ، ئۆزلىرىنى زۇلۇم ۋە بوھتان بىلەن ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىۋاتىدۇ. بۇنداقلارنىڭ گەۋدىلىك ئازغۇنلۇقى ئۇلار ئىسلام دۇنياسىنى بېسىپ تۇرىۋاتقان ۋە ئۇممەتنى دەۋزەخقا چاقىرىۋاتقان ھاكىمىيەت تاغۇتلىرىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتقان بولۇپ، ئۇلارغا مۇرجىئە ۋە جەھمىيلەرنىڭ ئازغۇن ئېتىقادى بىلەن مۇئمىن-مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، ھەمدە ئۇلارنى ئاۋام مۇسۇلمانلارغا دوست تۇتۇش ۋە ئىتائەت قىلىش پەرز بولغان شەرئىيەتكە مۇۋاپىق رەھبەرلەر، مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرلىرى قىلىپ كۆرسىتىپ، تاغۇتلارنىڭ كۇفرى ھاكىمىيىتىنى پۈتۈن جان-جەھلى ۋە ئىلمۇ-ئەقلى بىلەن قوغدايدۇ. ئەمما زامانىمىزدىكى تەۋھىد دەۋەتچىلىرىنى، تاغۇتلارغا قارشى جىھنى ۋە مېلى بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان اللّٰه يولىدىكى مۇجاھىدلارنى بولسا خاۋارىجلارنىڭ ئازغۇن ئېتىقادى بىلەن دىندىن چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ قېنىنى، مېلىنى ھالال دەپ پەتىۋا بېرىشىدۇ. ئۇلار ئىمان بابىدا مانا مۇشۇنداق ئىككى بىسلىق ئۆلچەم بىلەن ياشايدۇ، تىلىدىكى دەۋاسىدا بولسا ئۆزىنى سەلەفىي دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ھەقىقى سەلەفىيلەر ئۇلارنىڭ بۇ ئېتىقادى ۋە قىلمىشىدىن پاكتۇر. ئاللاھ مۇنداق مۇرەككەپ ئازغۇنلۇقتىن سىز ۋە بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن. [مۇھەممەد ئەبۇ رۇھەيمنىڭ «حقيقة الخلاف بين السلفية الشرعية وأدعيائها (ھەقىقى سەلەفىيلەر بىلەن ساختا سەلەفىيلەر ئارىسىدىكى ماھىيەتلىك ئىختىلاپلار)» دېگەن كىتابىغا ۋە ئۇستاز ئەبۇ مۇھەممەد ئەلمەقدىسىينىڭ «إمتاع النظر في كشف شبهات مرجئة العصر (يېڭى زامان مۇرجىئەلىرىنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە)» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.] ــــ ت.

يۈكسەلدۈرۈشتىكى بىر پۈتۈن ھايات پروگراممىسى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشمىدى.

ئۇلار بۇ كەلىمىنى ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن، ئۇنىڭ روھىيىتىدىن، نازىل قىلىنىشتىكى مەقسەدتىن ئايرىپ تاشلاپ، ئۇنى خالايىقلا پەقەت زىكىر-تىلاۋەت قىلغاندا تەبەررۈك بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان، كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشىغا، ھاياتلىقتىكى پائالىيەتلىرىگە ئالاقىسى يوق، ئالاقىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان مەناسىز ھەرپلەر قىلىپ كۆرسەتتى:

لا إله إلا الله دەپ تىلىڭنىڭ ئۇچىدىلا بولسىمۇ بىر قېتىم دېگىن- دە، ئاندىن قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭ نېمە بولۇپ كەتسە مەيلى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىساڭمۇ، دىنىڭ زۆرۈر پەرز- ئەركانلىرىنى ئورۇندىمىساڭمۇ بولىۋېرىدۇ. ھەتتا سەن ۋەھشى مۇرتەد-مۇناپىقلاردەك ياشىساڭمۇ، دۇنيا- ئاخىرەتتە نىجات تاپىدىغان ئىمان ئەھلىدىن بولىسەن.

ئۇنى بىر قېتىم دەپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزۈڭ خالىغان ئىلاھلارغا، بۇتلارغا، زالىم تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلساڭ، بويسۇنساڭ، چوقۇنساڭ بولىۋېرىدۇ.

سەن ئۇنى ھاياتىڭدا بىر قېتىم دېگەنىكەنسەن، مۇستەھكەم قورغانغا ئىگە بولغان بولىسەن، دۇنيادا باشقىلار سېنى كافىر دېيەلمەيدۇ، ھەتتا ئاخىرەتتە دەۋزەخقە كىرىشتىن ئەنسىرىمەيسەن. ئەمەل-ئىبادىتىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ساڭا، سېنىڭ دىنىڭ ۋە ئىمانىڭغا قىلچىلىك شەك قىلىشقا بولمايدۇ.»

ئۇلار كىشىلەرگە تەۋھىدنى ئىزچىل مۇشۇنداق تەلىم بەردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. بۇ بۇزۇق تەلىمنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى، ئىبادىتى ۋە ھايات پائالىيەتلىرىگە ئېلىپ كەلگەن سەلبىي تەسىرىدە قۇرئان- سۈننەتتىكى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىسلام چۈشەنچىسى باشقا-باشقا دۇنيا بولۇپ

قالماقتا. شۇنداق تۇرۇقلۇق يەنە نۇرغۇن كىشىلەر پۈتۈنلەي غەپلەتتە ئۆزلىرىنى توغرا يول ئۈستىدە دەپ ئويلايدۇ.

بۇ بىچارىلەر زامانىمىز مۇرجىئەلىرىنىڭ ئازدۇرۇشلىرى سەۋەبىدىن تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى تۈرلۈك سورۇنلاردا ياكى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا يادلاپ بېرىشنى، ئۇنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلىشنى دىن ۋە تەۋھىد دەپ تونۇۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ دىن ۋە تەۋھىددىن ئېرىشكەن نېسىۋىسى شۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنگەن خالاس. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە لا إله إلا الله نىڭ مەزمۇنى ۋە شەرتلىرىنى، تەلەپ- تەقەززاسىنى بىلىش ھەمدە ئۇنى رېئال ھاياتقا، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئېتىبارسىز، ئارتۇقچە ئىش بولۇپ قالغان.

ئۇلارچە ئىمان-تەۋھىد مەسىلىسى شۇ قەدەر ئوڭاي ۋە ئاددى بىر ئىش بولغاچقا، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا دەپ ئۇنىڭ سايىسىدا جان بېقىشى، دىن دۈشمەنلىرىنىڭ لا إله إلا الله نى قالقان قىلىپ ئۆزىنىڭ رەزىل پىتنە-پاساتلىرىنى تارقىتىشى شۇنچىلىك ئاسانلىشىپ كەتكەن. قارايدىغان بولساق، ھاكىمىيەت تاغۇتلىرىمۇ لا إله إلا الله دەۋاتقان، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كىرىۋالغان زىندىقلارمۇ، ئىلمانىيلارمۇ، قەبرىلەرگە بۇتپەرەسلەردەك ئىبادەت قىلىۋاتقان مۇشرىكلارمۇ ئۇنى تىلىدىن چۈشۈرمەيۋاتقان، ھەتتا دەھرىي كوممۇنىستلارمۇ، كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ ئېغىزىدا «لا إله إلا الله» دەپ «بىز مۇسۇلمان!» دەۋاتقان. تېخى گاھى كافىر- مۇرتەدلەرنىڭ ئاچچىقلىرىنى بېسىش ئۈچۈن «ئەستەغفىرۇللاھ (الله تىن مەغپىرەت تىلەيمەن)» دېگىنىگە ئوخشاش، ئۇلاردىن ئىككىيلەن گەپ تالىشىپ قالغاندا، بىرسىنى گەپتىن توختۇتۇپ جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن «ئاغىنە، ‹لا اله إلا الله› دېگىنە» دېيىشلىرىدىن تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ ھەرىپلىرىنى ئېغىزدا تەلەپپۇز

قىلىپ قويۇش ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە نەقەدەر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلار ئۈچۈن ئويۇن-چاقچاقنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

مۇرجىئە-جەھمىيەلەرنىڭ قۇيرۇقىغا ئېسىلىۋالغان زامانىمىزدىكى بەزى مولللارنىڭ ھۆكۈم- پەتىۋالىرى بىلەن، بۇنداقلار ھەممىسى ئۆزلىرىنى مۇئمىن-مۇسۇلمان ۋە جەننەت ئەھلى دەپ بىلىپ، ئۇلارچە بولغاندا ھەرقانداق كىشىنىڭ، ئۇلارنىڭ بۇ «ساغلام» ئىمان- ئىسلامىغا تىل تەككۈزۈشى ياكى ئۇلارغا كۇفرى-مۇرتەدلىك بىلەن «تۆھمەت» قىلىشى دۇرۇس ئەمەس، كىم شۇنداق قىلسا، ئۇ كىشى ئازغۇن خاۋارىج[1] ۋە ھەددىدىن ئاشقان تەكفىرىي[1]

---

[1] خاۋارىجلار— بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «ئۆكتە قوپقۇچى، ئىتائەتتىن چىققۇچى» دېگەنلىك بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرىگە ناھەق ھالدا قارشى قوپقۇچىلارغا قارىتىلىدۇ. بۇلار ئىسلام تارىخىدا ئەڭ دەسلەپ مەيدانغا چىققان بۆلگۈنچى گۇرۇھ بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى پەيغەمبەر ﷺ زامانىسىدا ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىشقا باشلىغان. پەيغەمبەر ﷺ غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىۋاتقاندا زۇلخۇۋەيسىر لەقەملىك ئابدۇللاھ ئەلتەمىمىي دېگەن ئادەم: «بۇ تەقسىماتتىن ھەرگىزمۇ الله نىڭ رىزاسى كۆزلەنمىدى» دېگەن ۋە پەيغەمبەرﷺگە: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئادىل بول!» دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «ۋاي ساڭا! مەن ئادىل بولمىسام، كىممۇ ئادىل بولسۇن؟! ئەگەر مەن ئادىللىق قىلمايدىغان بولسام سەن تۈگىشىپ ھالاك بولاتتىڭ!» دېگەن. ئاندىن ئۇ ئادەم ھەققىدە يەنە: «پات ئارىدا بۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر چىقىدۇ. ئۇلارنىڭ ناماز-روزىسى ئالدىدا ئۆزۈڭلارنىڭ ناماز-روزىسىنى تۆۋەن چاغلاپ قالىسىلەر. بىراق ئۇلار خۇددى ئوق ئولجىنى تېشىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك دىندىن چىقىپ كېتىدۇ...» دېگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە: «...ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، لېكىن قۇرئان ئۇلارنىڭ گېلىنىڭ تۈۋىنىگە ئۆتمەيدۇ. ئۇلار ئىسلام ئەھلىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇشرىكلار ۋە بۇددىستلار بىلەن كارى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئۇچرىتىدىغان بولسام، ئاد قەۋمىنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنىدەك ئۇلارنى قەتلى قىلىپ تاشلايتتىم» دېگەن. بۇ ۋەقەلىكنىڭ تەپسىلاتى بۇخارىي بىلەن مۇسلىمنىڭ سەھىھ كىتابىدا نەقىل قىلىنىدۇ.
ئەمما بۇلار ئۆز ئالدىغا پىكىر-ئېتىقادى، قائىدە-پرىنسىپلىرى، كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئەگەشكۈچىلىرى بولغان مۇستەقىل بىر گۇرۇھ سۈپىتىدە ئەلىي رضي الله عنهنىڭ دەۋرىدە ئاشكارا بولغان. ئۇلار ئەلىيرضي الله عنه بىلەن مۇئاۋىيەرضي الله عنهنى شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ سېپىدىكى نۇرغۇن ساھابىلارنى ئۆزىنىڭ باتىل ئېتىقادى بويىچە كافىر دەپ ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئەلى بىلەن مۇئاۋىيەنى شەرىئەت سوتىغا تارتىپ، ئۇلارنىڭ «جىنايەت»لىرىگە جازا بېرىشنى دەۋا قىلىپ توپلانغان. تارىخي كىتابلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى سانى 12مىڭ ئەتراپىدا ئىكەن. ئەلىي رضي الله عنه ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش ئېچىپ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. ئۇلار دەككىسىنى يېگەندىن كېيىن، سۇيىقەست پىلانلاپ ئەلىي رضي الله عنهنى شېھىد قىلىۋەتكەن. ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە پىرقىگە پارچىلىنىپ كەتكەن. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىبادىييە(الإباضية) دېگەن پىرقىسى ھېلىھەم ئۇممانىنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئالجىرىيە، تۇنىس، لىۋىيە، ۋە تانزانىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلاردا مەۋجۇد بولۇپ كەلمەكتە.

خاۋارىجلارنىڭ گەۋدىلىك ئازغۇنلۇقى ۋە بەلگە- نىشانلىرى: ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئىمان بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ، ئۇ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولمايدۇ. ئۈممەت ئىچىدىكى ئاددى بىر ئادەم بىلەن ئەبۇ بەكرى سىددىق ﵁نىڭ ئىمانى، ئەبۇ بەكرى بىلەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئىمانى ئوپمۇ ئوخشاش بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىمانغا نامۇۋاپىق ھەرقانداق بىر ئىش بىلەن، ھەتتا چوڭ كۇفرى ۋە چوڭ شىرىككە يەتمەيدىغان گۇناھى كەبىرىلەر بىلەنمۇ مۇسۇلماننى كاپىرغا چىقىرىدۇ ۋە دەۋزەختا مەڭگۈ قالىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ؛ قىيامەت كۈنىدىكى شاپائەتنى ئىنكار قىلىدۇ؛ شۈبھىلىك ئىشلارغا چۈشۈپ قالغۇچىلارنى كېسىپ كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشىدۇ؛ مۇسۇلمانلارنىڭ رەھبىرى ھەرقانداق زۇلۇم ياكى فاسىقلىق ئۆتكۈزۈپ سالغان ھامان، ئۇنىڭ ئىتائىتىدىن چىقىشنى ۋە ئۇنىڭغا قارشى قوپۇشنى پەرز دەپ قارايدۇ؛ قىلىچ ئۇچىنى ئەھلى قىبلە مۇسۇلمانلارغا قارىتىپ، جىنايەتكار كافىرلار بىلەن كارى بولمايدۇ.... يۇقىرىقىلاردىن باشقا ئۇلارنىڭ يەنە الله تەئالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىشى، جەننەت ئەھلىنىڭ الله نىڭ جامالىنى كۆرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشى، قۇرئاننى مەخلۇق دەپ، ئۇنىڭ مۇقەددەسلىكىنى يوق قىلىشى قاتارلىقلاردا مۇئتەزىلە ۋە چەكتىن ئاشقان جەھمىيلەر بىلەن ئورتاقلىقى بار. دېمەك كىمدە مۇشۇنداق سۈپەتلەر تېپىلسا، ئۇنىڭغا خاۋارىج دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بىراق، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ كافىر دەپ ھۆكۈم قىلغان ۋە دىنىدىن چىقىرىۋېتىدىغان تۈرلۈك كۇفرىي قىلمىشلارنىڭ ھەممىنى دېگۈدەك قىلىپ بولغان ۋە قىلىۋاتقان، شۇنداقلا، الله نىڭ بەندىلىرىنى ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، ئاللىبۇرۇن دىنىدىن ھېچقانداق نېسىۋىسى قالمىغان جىنايەتچى تاغۇتنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىپ، الله ئۆلتۈرۈشكە، ئۇرۇش ئېچىشقا بۇيرىغان كافىر-مۇرتەدلەرگە قارشى ئۇرۇش ئوتى ئېچىۋاتقان، ئۈممەتنى، ئىسلامنى ۋە ئەقىدىنى ھىمايە قىلىپ جېنى ۋە مېلى بىلەن جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارنى بۇ سۈپەت بىلەن سۈپەتلەپ، ئۇلارنى سۆككەنلىك الله نىڭ ھۆكمىنى ۋە شەرىئەتتىكى ئۇلۇغ بىر ئىبادەتنى سۆككەنلىك بولۇپ، ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. بەلكىم بۇ شۇ كىشىنى كافىرلىققا، دىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ئېلىپ بېرىشى مۇمكىن. [مۇھەممەد ئەلقۇرەشىينىڭ «الخوارج: عقيدة وتاريخ وحاضر (خاۋارىجلار.. ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى، تارىخى، ھازىرى)» دېگەن ماقالىسى، ئۇستاز ئەبۇ بەسىيرنىڭ «أصول الخوارج (خاۋارىجلارنىڭ مەزھەب ئاساسلىرى)» دېگەن فەتۋاسىغا قاراڭ.] ـــــ ت.

[1] تەكفىري ـــ بۇ، 19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدا مىسىردا پەيدا بولغان، ئۆزىنى «مۇسۇلمانلار جامائىتى» دەپ ئاتىغان، باشقىلار تەرىپىدىن «تەكفىر ۋە ھىجرەت جامائىتى» دەپ ئاتالغان، ئىمان بابىدا خاۋارىجلارنىڭ يولىنى تۇتۇپ چەكتىن ئاشقان بىر ئازغۇن توپقا تەۋە كىشىگە قارىتىلىدىغان سۆز. ئۇلارنىڭ ئازغۇن ئېتىقاد ۋە خاتا پىكىرلىرى جۈملىسىدىن: ئۇلار كافىرلىق ھۆكمىنى بېكىتىشتىكى شەرىئەت ئۆلچەملىرىگە، ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئەقىدىسىدىكى قائىدە-پرىنسىپلارغا رىئايە قىلماستىن، كۆپىنچە ئۆز ھاۋايى ھەۋىسى بىلەن تۈزىۋالغان پرىنسىپلىرى بويىچە،بەزى مۇجمەل ۋە ئومۇمىي ھۆكۈمنى بايان قىلىدىغان ئىبارىلەرگە تايىنىپ ئالدى بىلەن ئىسلام دىيارلىرىدىكى بارلىق ھۆكۈمران سىنىپنى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئاۋام خەلقنى پەرقلەندۈرمەي ئومۇملاشتۇرۇپ كافىرغا چىقىرىدۇ؛ ئۇلارنىڭ دەۋىتى يەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ جامائىتىگە كىرمىگەن ۋە رەھبىرىگە بەيئەت قىلمىغان بارلىق ئىسلام تەشكىلاتلىرىنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا كىرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قول ئۈزگەن ئادەمنى مۇرتەد ۋە قېنى ھالال دەپ ھېسابلايدۇ. ساھابىلارنىڭ جۈملىدىن، خۇلەفائى راشىدىنلارنىڭ سۆزى ۋە ئىشىنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. سەلەف پىشىۋالىرىنىڭ ھەتتا ساھابىلارنىڭ ئىجمائىنى تۇتقان ياكى قىياس، ئىستىھسان قاتارلىق دەلىللەرگە تايانغان كىشى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مۇشرىك كافىر ھېسابلىنىدۇ. ھىجرىيە 4-ئەسىردىن كېيىنكى زامانىنى كۇفرى ۋە جاھىلىيەت دەۋرى، چۈنكى ئۇنىڭدا «تەقلىدچىلىك» الله نىڭ ئورنىدا ئىلاھ قىلىنغان، ئەسلىدە، ھەربىر مۇسۇلمان دىنىي ئىشلىرىنىڭ ھەممىدە ھېچكىمگە تەقلىد قىلماي، ئۆزى بىۋاستە قۇرئان-سۈننەتتىكى دەلىلگە تايىنىپ ئىش

ھېسابلىنىدۇ.

---

قىلىشى كېرەك ئىدى، دەپ قارايدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ھەقىقەتپەرۋەر ئۆلىمالار سۆزلىرىنىڭ ۋە ئاساسلىق تەفسىر ۋە ئەقىدە كىتابلىرىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق. چۈنكى ئۇممەتنىڭ قەدىمقى ۋە ھازىرقى كاتتا ئۆلىمالىرىنىڭ تولىسى ئۇلارنىڭ خىيالىدا مۇرتەدلەردۇر. ئۇلار قۇرئان-سۈننەتنىڭ ھۆججەتلىكىنى دەۋا قىلىسىمۇ، ئەمما باشقا ئازغۇن توپلارغا ئوخشاش ئالدى بىلەن ئازغۇن پىكرىنى پەيدا قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قۇرئان-سۈننەتتىن دەلىل ئىزدىگەن، ئۆز خاھىشىغا ئۇدۇل كەلگەننى تۇتۇپ، قارشى كېلىپ قالغاننى ھىيلە بىلەن رەد قىلغان ياكى مەزمۇننى بۇرمىلىۋەتكەن. بۇ جامائەتنىڭ يەنە بىر تۇتقۇسى ھىجرەت بولۇپ، جامائەت ئەزالىرى بۈگۈنكى جاھىلىيەت جەمئىيەتلىرىدىن ماكان ۋە مەنىۋىيەت جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ، ئۆز ئالدىغا ئىسلامىي ھايات بەرپا قىلىشى لازىم. زېمىندىكى بارلىق مەسجىدلەر «مەسجىدى زىرار» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىماملىرى ھەممىسى كافىرلاردۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە ناماز ئۆتەشكە بولمايدۇ، پەقەت تۆت مەسجىد ـ ھەرەم مەسجىدى، پەيغەمبەر مەسجىدى، قۇبا مەسجىدى ۋە ئەقسا مەسجىدى قاتارلىقلاردا ئۆز ئادەملىرىنىڭ كەينىدە ناماز ئۆتسە بولىدۇ، دەيدۇ. مۇشۇ ئۇممەت كۈتىۋاتقان ئىمام مەھدىي دەل ئۇلارنىڭ ئەمىرى شۇكرى مۇستافا بولۇپ، الله تەئالا ئۇنىڭ قولى بىلەن بۇ ئۇممەتنى باشقا ھەممە دىنلاردىن غالىب قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دەۋرى پات ئارىدا يۈز بېرىدىغان ئامېرىكا-سوۋېت ئىتتىپاقى (ھازىر ئاللىقاچان زېمىندىن يوقالغان) ئارىسىدىكى ئۇرۇشتا جاھان ۋەيران بولۇپ، زامانىۋىي قۇراللار ھەممىسى ئەمەلدىن قالىدۇ ۋە ئەينى زاماندىكى قىلىچ، نەيزە، ئوقيالار بىلەن ئۇدۇلمۇ-ئۇدۇل جەڭ بولىدىغان زامان كەلگەندە باشلىنىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ. جامائەت رەھبەرلىرى ئۆزىنى خەلىپىلىك ۋە مۇتلەق ئىجتىھاد پەللىسىگە يەتكەن، شۇڭا، پۈتكۈل ئۇممەتكە شۇنداقلا سەلەف ۋە خەلەفلەر بىرلىككە كەلگەن (ئىجما قىلغان) ئىشلاردىمۇ قارىمۇ قارشى يول تۇتسا تامامەن بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.... ۋەھاكازالار. [ئۇلارنىڭ ئەقىدىسى ۋە پىكىرلىرى ھەققىدە بىرقەدەر تەپسىلىي توختالغان ئەسەر دەسلەپتە ئۇلارغا ئەزا بولۇپ كېيىن چېكىنىپ چىققان ئايدۇرراھمان ئەبۇلخەيرىنىڭ «ذكرياتي مع جماعة المسلمين ـالتكفير والهجرةـ (مۇسۇلمانلار ـتەكفىر ۋە ھىجرەت- جامائىتىدىكى ئەسلىمەلىرىم)» دېگەن كىتابى. شۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلساڭىز بولىدۇ.]

شۇ نەرسە سەمىڭىزدە بولسۇنكى، بۈگۈنكى كۈندە جاھاندىكى ھاكىمىيەت موللىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمىغان گاھى موللىلار «تەكفىرىي» دېگەن بۇ قەبىھ نامنى تەۋھىدنى مۇكەممەل ئوتتۇرىغا قويىدىغان ھەق دەۋەتچىلىرىگە ۋە الله يولىدا مېلى ھەم جېنى بىلەن جىھاد قىلىۋاتقان مۇجاھىدلارغا قارىتىپ ئېيتىۋاتىدۇ. بۇ ھېچقانچە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس، چۈنكى، ھەق ئىگىلىرىنىڭ ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئەقىدىسى ئالدىدا ئۇلارنىڭ مۇرجىئەلەرچە ياشاپ ئادەتلەنگەن جانباقتىلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەق ئىگىلىرىنى «تەكفىرىي» دېگەن شۇ سەت نام بىلەن قارىلاش ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئابرۇيىنى قوغداپ قېلىشىنىڭ زۆرۈر ۋاستىسى بولۇپ قالغان. شۇنداقلا ئۇلارنىڭ «لا إله إلا الله» دەپ قويۇپ خۇدالىق دەۋاسى قىلىۋاتقان زامانىۋىي فىرئەۋنلەر ۋە ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىدىن تەركىپ تاپقان بەزى قېرىنداشلىرى ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئەقىدىسىدە كافىر-مۇرتەد بولۇپ قالغاچقا، ئۇلار مۇشۇ ئىغۋاگەرچىلىكى ئارقىلىق شۇلارنى ئاقلىماقچى، خالاس. ئۇلارغا پەقەت الله تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى كۇپايە: ﴿هَاأَنتُمْ هَؤُلاء جَادَلْتُمْ عَنْهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا فَمَن يُجَادِلُ اللّهَ عَنْهُمْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَم مَّن يَكُونُ عَلَيْهِمْ وَكِيلاً﴾ **﴿سىلەر شۇنداق كىشىلەرسىلەركى، ھاياتىي دۇنيادا ئۇلارنى (يەنى جىنايەتكار خائىنلارنى) ئاقلاپ دەتالاش قىلدىڭلار، قىيامەت كۈنى كىم ئۇلارنى ئاقلاپ الله بىلەن مۇنازىرىلىشەلەيدۇ؟! ياكى كىم ئۇلارغا ھامىي بولىدۇ؟!﴾** [نسا:109] ـــــ ت.

ئۇلار بۇ ھەقتە، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدىغان بەزى ئايەت- ھەدىسلەرنى سۇيئىستىمال قىلىپ، ئۇنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺ مەقسەد قىلغان توغرا، شەرئىي مەزمۇنلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، ئاساسسىز بۇزۇق چۈشەندۈرمىلىرى ئارقىلىق خاتا مەنا- مەزمۇنلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، شۇنىڭغا تايانماقچى بولىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۆز ھاۋايى ھەۋەسلىرىگە بويسۇنىدۇرۇپ، مەرەز چۈشەنچىلىرى بىلەن بۇرمىلىۋەتكەن ھەدىسلەر جۈملىسىدىن:

1- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ "مَنْ قَالَ لا إِلهَ إِلَّا اللهُ دَخَلَ الجَنَّةَ" رواه الترمذي وغيره.

**«كىمكى ‹ لا إله إلا الله › دېسە جەننەتكە كىرىدۇ.»** دېگەن سۆزى.

ئۇلار: «مانا بۇ، دەل مۇشۇ مەسىلىگە جاۋاب بولىدىغان ھەدىستۇر. بۇ ھەدىس كىم بولسا بولسۇن، لا إله إلا الله نىڭ تاۋۇشلىرىنى ئېغىزىدا تەلەپپۇز قىلسا، ئۇ شەكسىز جەننەت ئەھلىدىن بولىدۇ، دېگەننى ئىپادىلەيدۇ»، دەيدۇ.

2- پەيغەمبەرﷺ نىڭ مۇنۇ سەھىھ ھەدىسى:

قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ : " إِنَّ اللَّهَ سَيُخَلِّصُ رَجُلًا مِنْ أُمَّتِي عَلَى رُءُوسِ الْخَلَائِقِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ فَيَنْشُرُ عَلَيْهِ تِسْعَةً وَتِسْعِينَ سِجِلا كُلُّ سِجِلٍّ مِثْلُ مَدِّ الْبَصَرِ، ثُمَّ يَقُولُ: أَتُنْكِرُ مِنْ هَذَا شَيْئًا؟ أَظَلَمَكَ كَتَبَتِي الْحَافِظُونَ؟ فَيَقُولُ: لَا يَا رَبِّ، فَيَقُولُ: أَفَلَكَ عُذْرٌ؟ فَيَقُولُ: لَا يَا رَبِّ، فَيَقُولُ: بَلَى، إِنَّ لَكَ عِنْدَنَا حَسَنَةً فَإِنَّهُ لَا ظُلْمَ عَلَيْكَ الْيَوْمَ، فَتَخْرُجُ بِطَاقَةٌ فِيهَا أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، فَيَقُولُ: احْضُرْ وَزْنَكَ، فَيَقُولُ: يَا رَبِّ مَا هَذِهِ الْبِطَاقَةُ مَعَ هَذِهِ السِّجِلَّاتِ؟ فَقَالَ: إِنَّكَ لَا تُظْلَمُ، قَالَ: فَتُوضَعُ السِّجِلَّاتُ فِي كَفَّةٍ وَالْبِطَاقَةُ فِي كَفَّةٍ، فَطَاشَتِ السِّجِلَّاتُ وَثَقُلَتِ الْبِطَاقَةُ، فَلَا يَثْقُلُ مَعَ اسْمِ اللَّهِ شَيْءٌ " رواه الترمذي وغيره.

شۈبھىسىزكى الله تەئالا قىيامەت كۈنى ئۈممىتىمدىن بىر كىشىنى خالايىقلارنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ نامە- ئەمالى پۈتۈلگەن 99 پارچە دەپتەرنى ئاچىدۇ. (پۈتۈنلەي گۇناھ- مەئسىيەتكە تولغان) بۇ دەپتەرلەرنىڭ ھەر بىرى كۆز يەتكىچىلىك يەرگىچە يېيىلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن الله تەئالا ئېيتىدۇ:

- بۇ گۇناھلىرىڭدىن بىرەرنى ئىنكار قىلامسەن؟ ھافىز، كاتىپ پەرىشتىلىرىم ساڭا زۇلۇم قىپتىمۇ؟

بەندە : - ياق، ئى پەرۋەردىگارىم ،- دەيدۇ. الله تەئالا دەيدۇ:

- سېنىڭ بىرەر ئۆزرەڭ بارمۇ؟

- ياق، ئى پەرۋەردىگارىم،- دەيدۇ بەندە. الله تەئالا:

- ئۇنداق ئەمەس، دەرگاھىمىزدا سېنىڭ بىر ياخشىلىقىڭ بار. بۈگۈن ساڭا قىلچىلىك زۇلۇم قىلىنمايدۇ،- دەيدۇ-دە، «أَشْهَدُ أَلَّا إِلهَ إِلَّا الله وأَشْهَدُ أنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُه (الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.)» دەپ يېزىلغان بىر باغاقچىنى چىقىرىدۇ.

- (ياخشىلىق- يامانلىقىڭنىڭ) تارازىدا ئۆلچىنىشىگە شاھىد بول،- دەيدۇ الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا . بەندە ئېيتىدۇ: ئى پەرۋەردىگار، بۇ بىر تال باغاقچە تۇرسا، ماۋۇ بولسا شۇنچە كۆپ دەپتەرلەر تۇرسا؟!

- ساڭا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، دېيىلىدۇ!- دەيدۇ الله تەئالا. پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھەممە نامە-ئەمال دەپتەرلىرى تارازىنىڭ بىر پەللىسىدە قويۇلۇپ، ھېلىقى باغاقچە يەنە بىر پەللىسىدە

**قويۇلشى بىلەن دەپتەرلەر لەيلەپ باغاقچە ئېغىر كېلىدۇ. ھېچ بىر شەيئى الله نىڭ نامىدىن ئېغىر كەلمەيدۇ.**

زامانىمىز مۇرجىئەلىرى ئېيتىدۇكى، «مانا بۇ بىزنىڭ سۆزىمىز ۋە تۇتقان يولىمىزنىڭ توغرىلىقى، بۇ مەسىلىدىكى قارشى پىكىردىكىلەر سۆزىنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىغا دەلىل بولىدىغان ھەدىس.»

مەن دەيمەن: بۇ ھەدىسلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇلارنىڭ سۆزىگە ئاساس بولمايدۇ. بەلكى ئوقۇرمەن بۇرادىرىم بۇ ھەدىسلەرنىڭ ئۇلارنىڭ باتىل قارىشى ئۈچۈن ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدىغانلىقىنى ئۇزاققا قالماي بىلىپ قالىدۇ. مۇرجىئەلەر ۋە شۇ خىلدىكى ئازغۇنلارنىڭ بىلىمسىز ئاۋام خەلق ئارىسىدا تارقىتىپ يۈرگەن يۇقىرىقىدەك شۇبھەلىرىگە رەددىيە بېرىش ئۈچۈن، لا إله إلا الله نىڭ ۋاپا قىلىش ۋە ئەمەلىيەتكە چىقىرىشقا تېگىشلىك زۆرۈر شەرتلىرىنى بايان قىلىشقا كىرىشىشتىن ئاۋال، ئوقۇرمەنلەر بىلەن ئورتاقلىشىۋېلىش زۆرۈر بولغان نۆۋەتتىكى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قائىدىلەرنى مۇقەددىمە ئورنىدا ئالدىن ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەن.

الله تەئالادىن تەۋپىق بېرىپ ھەقتە بەقارار قىلىشنى ھەمدە ئەمەلىمىزنى مەقبۇل قىلىشنى تىلەيمەن. ئۇ ھەققەتەن بەندىلىرىنىڭ دۇئالىرىنى يېقىندىن ئاڭلاپ ئىجابەت قىلىشقا قادىر زاتتۇر.

الله تەئالا يولباشچىمىز ۋە رەھبىرىمىز مۇھەممەدﷺگە، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىغا رەھمەت ۋە ئامانلىق بېغىشلىغاي! ئامىين!!!

# دەسلەپكى زۆرۈر قائىدىلەر

**1- قائىدە :**

يۇقىرىقى 99 پارچە نامە-ئەمال دەپتىرى گۇناھ-مەئسىيەت ۋە خاتالىق بىلەن تولۇپ كەتكەن ھېلىقى ئادەم توغرىسىدىكى ھەمدە شۇ مەزمۇندىكى تۇزۇك ياخشى ئەمەل قىلمىغان تۇرۇپمۇ جەننەتكە كىرىدىغان بەزى كىشىلەر ھەققىدىكى ھەدىسلەرنى ـــ چوقۇم ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرى ۋە گۇناھلىرى ھەر قانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئارىسىدا ئىنساننى دىندىن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئوپئوچۇق كۇفرى ياكى ئالەمچە سالىھ ئەمەللەرنى يوققا چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ شېرىك جىنايىتى يوق ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىكىمىز لازىم. ئەگەردە چوڭ كۇفرى ياكى شېرىك گۇناھى بولىدىغان بولسا، الله نىڭ ئالدىغا ھەربىرى بىر كۆز يېتىم يەرگىچە ئېچىلىدىغان 99 پارچە دەپتەر توشقىچىلىك گۇناھ-مەئسىيەت بىلەن ئەمەس، ئاشۇ دەپتەرلەرنىڭ ھەممىسى توشقىچىلىك سالىھ ئەمەللەر بىلەن بارغان تەقدىردىمۇ، شېرىك ياكى مۇرتەدلىك جىنايىتى شۇ ئەمەللەرنىڭ ھەممىسىنى چاڭ-توزانغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ-دە، ئۇ ئىنسان دەۋزەخ ئەھلى بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەدىسلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەقسەد ئەمەلىيەتتە تەۋھىدنىڭ ـــ لا إله إلا الله گۇۋاھلىقىنىڭ پەزىلىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەكسى بولغان الله قا شېرىك كەلتۈرۈش جىنايىتىنىڭ قاباھىتى ۋە خەتىرىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

الله تەئالا مۇنداق دېگەن :

﴿إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَغۡفِرُ أَن يُشۡرَكَ بِهِۦ وَيَغۡفِرُ مَا دُونَ ذَٰلِكَ لِمَن يَشَآءُۚ وَمَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱفۡتَرَىٰٓ إِثۡمًا عَظِيمًا ﴿٤٨﴾﴾

**﴿الله ھەقىقەتەن الله قا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت**

قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اللە قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ﴾ [نىسا: 48]

﴿إِنَّهُۥ مَن يُشۡرِكۡ بِٱللَّهِ فَقَدۡ حَرَّمَ ٱللَّهُ عَلَيۡهِ ٱلۡجَنَّةَ وَمَأۡوَىٰهُ ٱلنَّارُۖ وَمَا لِلظَّٰلِمِينَ مِنۡ أَنصَارٖ ٧٢﴾

﴿ شۈبھىسىزكى، كىمكى اللە قا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دەۋزەخ بولىدۇ، زالىملارغا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى اللە نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى) بولمايدۇ.﴾ [مائىدە: 72]

﴿ لَئِنۡ أَشۡرَكۡتَ لَيَحۡبَطَنَّ عَمَلُكَ وَلَتَكُونَنَّ مِنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ٦٥﴾

﴿(ئى پەيغەمبەر) ئەگەر سەن اللە قا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن ﴾ [زۇمەر: 65]

﴿ وَلَوۡ أَشۡرَكُواْ لَحَبِطَ عَنۡهُم مَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ٨٨﴾

﴿ ئەگەر ئۇلار (يەنى شۇ پەيغەمبەرلەر) شېرىك كەلتۈرسە ئىدى، ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرى، ئەلۋەتتە، بىكار بولۇپ كېتەتتى﴾ [ئەنئام: 88]

﴿وَقَدِمۡنَآ إِلَىٰ مَا عَمِلُواْ مِنۡ عَمَلٖ فَجَعَلۡنَٰهُ هَبَآءٗ مَّنثُورًا ٢٣ ﴾

﴿بىز ئۇلارنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇنى ئۇچۇپ يۈرگەن توزاندەك قىلىۋېتىمىز، (يەنى ئۇلار ئىمانسىز بولغانلىقتىن، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىنى يوققا چىقىرىمىز) ﴾ [فۇرقان: 23]

«ھەر قانچە كۆپ گۇناھلىرى بولسىمۇ، شىرىكتىن ساقلىنىپ اللە نىڭ دەرگاھىغا ساپ تەۋھىد بىلەن بارغان ئادەم اللە نىڭ ئازابىدىن نىجاد تاپىدۇ. نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپتۇ-يۇ، بىراق تەۋھىدتىن مەھرۇم ھالدا شىرىك بىلەن اللە قا ئۇچراشقان ئادەم ھەرگىز نىجاد تاپالمايدۇ. بۇنداق شىرىك ئارىلاشقان ياخشى ئەمەللەرنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمايدۇ.»

مانا بۇ ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئۆلىمالىرى قۇرئان- سۈننەت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھىم بىر قائىدىدۇر.[1]

ئەبۇ دەردا ﷺدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن:

"قال اللّٰه تَعالى : يَا ابْنَ آدَم ! مَهْما عَبَدتني و رَجَوْتَني و لَمْ تُشرِكْ بِي شَيْئًا غَفَرْتُ لَكَ عَلى مَا كَانَ مِنْكَ وَ إنِ اسْتَقْبَلْتَني بِمِلءِ السَّماءِ و الأرض خَطَايَا وَ ذُنُوبًا اسْتقبلْتُك بِمِلْئِهِنَّ مِنَ الْمَغْفِرَةِ وَ أغْفِر لَكَ وَ لا أُبَالي" رواه الطبراني وصحه الألباني

**«اللە ئېيتىدۇ: ئى ئادەم بالىسى! سەن ماڭا قانچىكى ئىبادەت قىلساڭ، ماڭا سېغىنساڭ، ماڭا ھېچبىر شەيئىنى شىرىك كەلتۈرمىسەڭ مەن سېنىڭ قىلمىشلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن. دەرگاھىمغا ئاسمان-زېمىن توشقىچە خاتالىق، گۇناھلار بىلەن كەلسەڭمۇ، سېنى جاھان توشقىچىلىك مەغپىرەت بىلەن قارشى ئالىمەن، ھېچنىمىگە پەرۋا قىلماستىن گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىمەن.»**

ئەڭ مۇھىمى، ئۇ بەندە اللە قا ئىبادەت قىلىدىغان تەۋھىد ئەھلىدىن بولۇشى،

[1] بۇ ھەقىقەتەن قۇرئان- سۈننەت تەقەززا قىلغان توغرا ئەقىدىدۇر ، ئەمما «ھەر قانداق گۇناھ تەۋھىد ياكى ئىمانغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ» دېگەن سۆز بولسا ئاساسسىز باتىل سۆز بولۇپ، ئۇ مۇرجىئەلەرنىڭ جۆيلىمىلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭغا ئىنتايىن سەزگۈر بولۇڭ! سەلەفىي نامىدىكى زامانىمىز مۇرجىئەلىرىنىڭ: «قەلبىدە تەسدىقى بار ئادەمدىن سادىر بولغان ھەر قانداق ئاشكارا كۇفرىي قىلمىش ئۇنى دىندىن چىقىرىۋەتمەيدۇ» دېگەن سۆزى قەدىمكى مۇرجىئەلەرنىڭ سۆزىدىنمۇ قەبىھ ۋە يىرگىنچلىقراق سۆزدۇر.

اللهُ قا ھېچنېمىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بولۇشى لازىم.

عَنْ جَابِرٍ، قَالَ: أَتَى النَّبِيَّ ﷺ رَجُلٌ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، مَا الْمُوجِبَتَانِ ؟ فَقَالَ: " مَنْ مَاتَ، لَا يُشْرِكُ بِاللَّهِ شَيْئًا، دَخَلَ الْجَنَّةَ، وَمَنْ مَاتَ، يُشْرِكُ بِاللَّهِ شَيْئًا، دَخَلَ النَّارَ " رواه مسلم

**جابىر دىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر ئادەم پەيغەمبەر نىڭ قېشىغا كېلىپ:«ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىنساننى ئىككى خىل ئاقىۋەتكە مۇپتىلا قىلغۇچى ئىككى ئىش قايسي؟» دەپ سورىغۇدى، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: «كىمكى الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلماي ئۆلسە جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى الله قا بىر شەيئىنى شېرىك قىلغان ھالەتتە ئۆلسە دەۋزەخقە كىرىدۇ.»**

عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: قُلْتُ: " يَا رَسُولَ اللَّهِ، ابْنُ جُدْعَانَ، كَانَ فِي الْجَاهِلِيَّةِ يَصِلُ الرَّحِمَ، وَيُطْعِمُ الْمِسْكِينَ، فَهَلْ ذَاكَ نَافِعُهُ؟ قَالَ: لَا يَنْفَعُهُ، إِنَّهُ لَمْ يَقُلْ يَوْمًا: رَبِّ اغْفِرْ لِي خَطِيئَتِي يَوْمَ الدِّينِ " رواه مسلم

**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن دېدىم: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئىبنى جۇدئان جاھىلىيەت دەۋرىدە سىلە رەھىم قىلىدىغان، مىسكىن – بىچارىلەرگە ئاش بېرىدىغان كىشى ئىدى. بۇ ئەمەللىرىنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى: پايدىسى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ ھېچقاچان «پەرۋەردىگارىم، قىيامەت كۈنى خاتالىقلىرىمنى مەغپىرەت قىلغىن» دېگەن ئەمەس.**

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ «سەھىھ مۇسلىم شەرھى» (1–توم، 217–بەت) دە مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن گۇناھلىرى بىلەن تەۋبىسىز كەتكەن ئەمما

تەۋھىد ئۈستىدە جان ئۈزگەن ئادەم دەۋزەختا مەڭگۈ قالمايدۇ. ھاياتىدا نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، كۇفرى ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ. مانا بۇ ھەق ئەھلىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئەقىدىسىنىڭ جەۋھىرىدۇر.»

## 2-قائىدە:

كۇفرى بىلەن ئىماننىڭ كۆرۈنۈشتە بىر ئىنساننىڭ ھاياتىدا تەڭ مەۋجۇد بولۇشى ياكى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر يولدا ئۇچرىشىپ جەم بولۇشى مۇمكىن بولمىغىنىدەك، ماھىيەتتە بىر ئىنسان قەلبىدە تەڭ مەۋجۇد بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ. كۇفرىنىڭ قەلبتە ئورۇنلىشىشى بىلەن ئىمان ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كېتىدۇ. قەلب كۇفرى-شىرىكنىڭ چىركىندە مەينەتلىرىدىن تازا پاكلانمىغۇچە ئىمان ئۇنىڭدا قارار ئالمايدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

"لَا يَجْتَمِعُ الْإِيمَانُ وَالْكُفْرُ فِي قَلْبِ امْرِئٍ" السلسلة الصحيحة رواه أحمد.

**«ئىمان بىلەن كۇفرى بىر ئىنسان قەلبىدە جەم بولمايدۇ.»**

بۇنىڭدىن كۆرۈنۈشتە ئۇچۇق شىرىككە پېتىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، قەلبىمدە ئىمانىم بار، مەن مۇئمىن-مۇسۇلمان، دەپ دەۋا قىلغۇچىنىڭ كاززاب ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

دېمەك، ئىنساننىڭ تاشقى دۇنياسى ئۇنىڭ ئىچكى ئالىمىنىڭ ئەينىكى ۋە نامايەندىسى، ئۇلار بىر-بىرىگە ئوڭ تاناسىپ ھالدا ياخشى- يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

"أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلُحَتْ صَلُحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ وَإِذَا فَسُدَتْ فَسُدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ " متفق عليه.

**«سەمىگلاردا بولسۇنكى، ئىنسان بەدىنىدە بىر چىشلەم گۆش بار، ئۇ**

**تۈزەلسە پۈتكۈل بەدەن تۈزۈلىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا پۈتكۈل بەدەن بۇزۇلىدۇ. سەمىڭلاردا بولسۇنكى، ئۇ دەل قەلبتۇر.»**

بۇنىڭغا ئاساسەن تاشقى كۆرۈنۈشى كافىر بولغان ئادەمنىڭ ئىچىنىڭمۇ كافىر ئىكەنلىكى ھەمدە ئىچكى ئالەمدە كافىر بولغۇچىنىڭ سىرتىدا كافىرلىق ئالامەتلىرىنىڭ ئاشكارا بولىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە قالمايدۇ. [1]

لېكىن، بىر قەلبتە ئىمان بىلەن گۇناھ ـ مەئسىيەتنىڭ جەم بولۇشى ياكى ئىمان بىلەن كىچىك كۇفرى، كىچىك شىرىكنىڭ تەڭ مەۋجۇد بولۇشى تامامەن مۇمكىن. بۇ ھالەتتە ئىمان ئاجىزلاپ كەتسىمۇ، ئىنسان ئۇنىڭلىق بىلەن كافىر بولمايدۇ. ئاخىرەتتە شۇ ئىمانى ئۇنىڭ نىجاد تېپىشىغا مەنپەئەتلىك ئىمان بولىدۇ. بۇ دەلىل ـ پاكىت كەتمەيدىغان ھەممىگە ئايدىڭ مەسىلە.

## 3 ـ قائىدە:

بىلگىنكى، جەننەتكە تەۋھىد ئىگىسى بولغان مۇئمىنلاردىن باشقىلار كىرمەيدۇ. بەزى گۇناھكارلار جەننەتكە كىرىشى مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى گۇناھلىرى ئۇلارنى تەۋھىد شەرتلىرىنى ئادا قىلغان مۇئمىنلىق سالاھىيىتىدىن چىقىرىۋەتمىگەن. بىر ئادەمنىڭ تەۋھىد ئەھلى بولۇشى چوڭ كۇفرى ۋە چوڭ شىرىكتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ، ئىبادەتلىرىنى اللە تەئالاغا خالىس قىلىشى بىلەن بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەتتا مۇناپىقلارنىڭ قەلبىدىكى كۇفرىمۇ ئۇلارنىڭ سىرتقى بەدەن ـ ئەزالىرىدا ئاشكارا بولىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ سىر تۇتۇلىشى ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرمەيدۇ. چۈنكى بىر ئىشنى بىلمىگەنلىك ياكى كۆرمىگەنلىك رېئاللىقتا ئۇنىڭ ئەسلا مەۋجۇد ئەمەسلىكىنىڭ ئاساسى ئەمەس. مۇناپىقنىڭ يالغۇز ھالىتىدە ياكى سىرداشلىرى بىلەن ئايرىم قالغاندا ئىككىلەنمەستىن كۆڭلىدىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئىچى ـ سىرتىدىكى كۇفرىنى ئاشكارىلىشى دەل شۇنىڭ دەلىلى.

" لا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ إِلا نَفْسٌ مُسْلِمَةٌ"متفق عليه

**«جەننەتكە پەقەت مۇسۇلمان كىشىلا كىرىدۇ.»**

"يَا ابْنَ الْخَطَّابِ، اذْهَبْ فَنَادِ فِي النَّاسِ، أَنَّهُ لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ، إِلَّا الْمُؤْمِنُونَ"، قَالَ: فَخَرَجْتُ، فَنَادَيْتُ، " أَلَا إِنَّهُ لَا يَدْخُلُ الْجَنَّةَ، إِلَّا الْمُؤْمِنُونَ" رواه مسلم وغيره.

**«ئى (ئۆمەر) ئىبنى خەتتاب! بېرىپ كىشىلەرگە شۇنى جاكارلىغىن: جەننەتكە مۇئمىنلاردىن باشقىلار كىرمەيدۇ.» ئۆمەر ﷺ ئېيتىدۇ: ئاندىن مەن چىقىپ: «هوي!! جەننەتكە مۇئمىنلاردىن باشقىلار كىرمەيدۇ!» دەپ توۋلىدىم.**

ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

" يَا ابْنَ عَوْفٍ ارْكَبْ فَرَسَكَ ثُمَّ نَادِ أَلَا إِنَّ الْجَنَّةَ لَا تَحِلُّ إِلَّا لِمُؤْمِنٍ" رواه أبو داود.

**«ئى (ئابدۇراھمان) ئىبنى ئەۋف! ئېتىڭغا مىنىپ ‹جەننەت مۇئمىندىن باشقىغا ھالال ئەمەس› دەپ جاكارلىغىن.»**

پەيغەمبەرﷺ يەنە مۇنداق دىگەن:

" أُعْطِيتُ الشَّفَاعَةَ وَهِيَ نَائِلَةٌ مَنْ لَمْ يُشْرِكْ بِاللَّهِ شَيْئًا" أخرجه ابن أبي عاصم وصححه الألباني.

**«ماڭا شاپائەت قىلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ئۇنىڭغا الله قا ھېچنەرسىنى شېرىك قىلمىغانلار نائىل بولىدۇ.»**

ئىمام بۇخارى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىسلەردىكى قەلبىدە زەررىچىلىك ئىمانى بار كىشى ياكى ئۆمرىدە قىلغان قىلچىلىك ياخشى ئەملى يوق كىشىنىڭمۇ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەزمۇنلارنى ـــ ئىنسانىنىڭ نىجاد تېپىشىنىڭ بىردىنبىر شەرتى بولغان تەۋھىدنى بەرپا قىلغاندىن كېيىن، شۇ ئاساستا مەيدانغا كەلگەن زەررىچىلىك ئەمەل دەپ، ياكى تەۋھىد ۋە ئىماننى بەرپا قىلغاندىن

كېيىن ياخشى ئەمەل قىلمىغان دەپ چۈشۈنىشىمىز لازىم.

اللە تەئالانىڭ ھەدىس قۇدسىيدىكى "أَخْرِجُوا مَنْ كَانَ فِي قَلْبِهِ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ" «**قەلبىدە قىچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىمانى بار كىشىنى دەۋزەختىن چىقىرىڭلار**» دېگەن سۆزى ھەققىدە ئىبنى ھەجەر رەھىمەھۇللاھ «فەتھۇلبارى»(1- توم 73- بەت) دا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەدىستىكى ‹**قىچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك ئىمان**› دېگەن سۆزدىن: تەۋھىد ئاساسى بەرپا بولغاندىن كېيىن قىلىنىغان سالىھ ئەمەل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. چۈنكى يەنە بىر ھەدىستە اللە تەئالا مۇنداق دېگەن: "أَخْرِجُوا مَنْ قَالَ لا إِلَهَ إِلا اللهُ وَعَمِلَ مِنَ الخَيرِ مَا يَزِنُ ذَرَّةً" ‹ **لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ دېگەن ۋە زەررە ئېغىرلىقىدا ياخشى ئەمەل قىلغان كىشىنى دەۋزەختىن چىقىرىڭلار›.** »

## 4- قائىدە:

تەۋھىدكە ئوخشاش ۋە كۇفرى-ئىمان مەسىلىلىرىدەك جەننەت- دەۋزەخقە چېتىلىدىغان دائىرىسى كەڭ كاتتا مەسىلىلەر ھەققىدە يەكۈن چىقارغاندا، تېمىغا ئالاقىدار ئايەت- ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىنى تولۇق توپلاپ، ئۇنىڭغا ئومۇمىيۈزلۈك قاراپ چىقىپ، ئۆز- ئارا سېلىشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن ئاخىرقى خۇلاسىنى چىقىرىش لازىم. چۈنكى مەلۇم بىر ھەدىستە ئابستراكت ئوتتۇرىغا قويۇلغان تېما يەنە بىر ھەدىستە تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ ياكى باشقا بىر ھەدىستە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم شەرتلەر شۇ تېمىغا باغلاپ قويۇلىدۇ. مەلۇم ئايەتتە رۇخسەت دەپ قارالغان ئىشنى ئىككىنچى بىر ئايەت مەنسۇخ قىلىپ، ھارام قىلىپ تاشلايدۇ ياكى ئەكسىچە مەلۇم بىر قۇرئان-ھەدىس تېكىستى بىلەن چەكلەنگەن ئىشقا يەنە بىر تېكىستتا رۇخسەت قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇلارغا رىئايە قىلمىغىنىمىزدا

چوقۇم بىر تەرەپلىمىلىك، يۈزەكىلىك ۋە ئېغىر خاتالىقتىن خالى بولالمايمىز. مانا بۇ ئىنساپنىڭ بەلگىسى، چوڭقۇر ئىلىم ۋە ھەقىقەتنى نىشان قىلغان ئىزدىنىشنىڭ تەقەززاسى. ئەمما مۇھىتقا ماسلىشىش، بېسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياكى شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ۋەياكى ئۆزىنىڭ بىدئەت ئازغۇن يولىنى كۈچلاندۇرۇش مەقسىدىدە تېمىغا ئالاقىدار گاھى ئايەت-ھەدىسلەرنى تاشلاپ قويۇپ، قېپقالغان بىر بۆلۈكىگە تايىنىپ ھۆكۈم چىقىرىش دىن ۋە دۇنيالىقتا ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان ئازغۇن ساختىپەزلەرنىڭ ۋە «ئىلىم-مەرىپەت ئوغرىلىرى»نىڭ ئادىتى.

بىز توختىلىۋاتقان مۇشۇ مەسىلىنى ئېلىپ ئېيتساق، پەيغەمبەرﷺنىڭ لا إلهَ إلا الله ھەققىدىكى: « «لا إلهَ إلا الله» دېگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ» دېگەن بىرلا ھەدىسنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن باشقا لا إلهَ إلا الله نى شەرھىلەيدىغان، ئۇنىڭ شەرتلىرىنى، تەلەپ- تەقەززالىرىنى بايان قىلىدىغان ۋە باشقا زۆرۈر مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان نەچچە ئونلىغان ئايەت-ھەدىسلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئىمان-كۇفرى مەسىلىلىرىنى ۋە شۇ توغرىسىدىكى ۋەدە-ئاگاھلاندۇرۇشلارنى شۇ بىر ھەدىس بىلەن ھەل قىلىپ يەكۈن چىقىرىمەن دېيىش ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ ئامانەتدار بىر ئالىمنىڭ ئىشى ئەمەس.

## 5- قائىدە:

شەرئىي ئاساس بىلەن ئىسپاتلانغان ۋە ئۆلىمالار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن مۇھىم بىر قائىدە شۇكى: «قۇرئان-سۈننەتتىكى مۇتەشابىھ (ھۆكمى ئېنىق بولمىغان) ئىبارىلەر مۇھكەم (ھۆكمى ئېنىق) ئىبارىلەرگە قايتۇرۇلۇپ، ھۆكۈم چوقۇم مۇھكەم ئايەت-ھەدىسنى ئاساس قىلىپ ئېلىنىدۇ. مۇتەشابىھ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنى

ۋە ئۇنىڭدىكى مەقسەد-مۇددىئا مۇھكەم ئىبارىلەر ئارقىلىق شەرھلىنىدۇ ۋە ئايدىڭلاشتۇرۇلىدۇ.»

بۇ پرىنسىپنى دىنىي مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىدە ئىجرا قىلىش لازىم. خۇسۇسەن بىز تەتقىق قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئالدىدا تۇرىۋاتقان بۇ مەسىلىمىزدىمۇ ئۇنىڭغا ئالاقىدار مەقسەد ئېنىق بولمىغان، چۈشىنىش قىيىن بەزى مۇتەشابىھ ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىشىمىز مۇمكىن، ئۇنى چوقۇم ئۇنى شەرھلەيدىغان، اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى ﷺنىڭ ئۇنىڭدىكى مەقسىدىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان باشقا مۇھكەم ئىبارىلەرگە تايىنىپ چۈشەنمىكىمىز زۆرۈر.

ئەكسىچە، بۇ قائىدىنى تەتۇرىگە ئۆرۈپلا، مۇتەشابىھنى ئاساس قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش، مۇتەشابىھنى ئۈستۈن قويۇپ مۇھكەمنى ئۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش شەرىئەتتە قەتئىي دۇرۇس ئىش ئەمەس. بۇ، مۇئمىنلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك ۋە پىتنە-پاسات ئۇرۇقىنى چاچىدىغان، ھاۋايى ھەۋىسىنى ئىلاھ قىلىۋالغان قەلبى ئەگرى ئازغۇنلارنىڭ ئىشى. اللّٰه تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿هُوَ ٱلَّذِىٓ أَنزَلَ عَلَيۡكَ ٱلۡكِتَٰبَ مِنۡهُ ءَايَٰتٞ مُّحۡكَمَٰتٌ هُنَّ أُمُّ ٱلۡكِتَٰبِ وَأُخَرُ مُتَشَٰبِهَٰتٞۖ

فَأَمَّا ٱلَّذِينَ فِي قُلُوبِهِمۡ زَيۡغٞ فَيَتَّبِعُونَ مَا تَشَٰبَهَ مِنۡهُ ٱبۡتِغَآءَ ٱلۡفِتۡنَةِ وَٱبۡتِغَآءَ تَأۡوِيلِهِۦۗ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) ئۇ (اللّٰه) ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدى. ئۇنىڭدا مۇھكەم (يەنى مەنىسى ئوچۇق) ئايەتلەر باركى، ئۇلار كىتابنىڭ (يەنى پۈتۈن قۇرئاننىڭ) ئاساسىدۇر؛ يەنە باشقا مۇتەشابىھ (يەنى مەنىسى مۇئەييەن ئەمەس) ئايەتلەر باردۇر. دىللىرىدا ئەگرىلىك بار (يەنى گۇمراھلىققا مايىل) كىشىلەر پىتنە قوزغاش ۋە ئۆز رايى بويىچە مەنە بېرىش ئۈچۈن، مۇتەشابىھ ئايەتلەرگە ئەگىشىدۇ (يەنى مۇتەشابىھ ئايەتلەرنى ئۆز**

**نەپسى خاھشى بويىچە چۈشەندۈردۇ)...﴾** [ئال ئىمران: 7]

اللە بىزنى بۇنداق ئەگرىلىك ۋە ئازغۇنلۇقتىن ھەمدە ئۇنداقلارنىڭ يولىغا ئەگىشىپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

مانا بۇلار ـــ اللە خالىسا، تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان لا إلهَ إلا اللە نىڭ شەرتلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار ھۆكۈم- مەسىلىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە پايدىسى بولىدىغان دەسلەپ ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان مۇھىم قائىدىلەر.

لا إلهَ إلا اللە نىڭ شەرتلىرى ھەققىدىكى بۇ ئىزدىنىشىمىزنى لا إلهَ إلا اللە نىڭ مەنىسى، شەرت ئاتالغۇسى ۋە ئۇنىڭ ئەھلى ئۇسۇل قارىشىدىكى تەبىرى قاتارلىق مەزمۇنلاردىن باشلاشنى توغرا تاپتۇق.

## لا إلهَ إلا اللە نىڭ مەنىسى

لا إلهَ إلا اللە بولسا «كائىناتتا ھېچقاندىغى ئىلاھ ئەمەس، پەقەت اللە قىنا ھەق ئىلاھ» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ كەلىمىنىڭ مەنىسى مۇھىم ئىككى ئاساسقا بۆلۈنگەن. ئۇنىڭ بىرى ھېچقاچان ئىبادەتكە لايىق بولمايدىغان ساختا ئىلاھلارنىڭ ئىلاھلىق سالاھىيىتىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشنى مەزمۇن قىلغان «تاغۇتنى ئىنكار قىلىش» ئاساسى بولۇپ، ئۇنى بۇ كەلىمىنىڭ ئالدىنقى بۆلىكى بولغان «لَا إلهَ» سۆزى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىرى بولسا ھەقلىق رەۋىشتە ئىبادەت قىلىنىغۇچىنىڭ يېگانە اللە تەئالا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى مەزمۇن قىلغان «اللە قا ئىمان كەلتۈرۈش» ئاساسى بولۇپ، بۇنى كېيىنكى بۆلەك « إلَّا اللە» سۆزى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ نەفي (ئىنكار) ھالەتتە باشلىنىپ «إلَّا» بىلەن ئىسبات

قىلىنىشى ــ ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتنى ئەڭ يۇقىرى چەكتە يالغۇز اللّٰه قا خاسلاشتۇرۇش، بۇ سالاھىيەتنىڭ تەكىدشى يوق اللّٰه قىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت.

تەۋھىد كەلىمىسىنىڭ بۇ چۈشەندۈرمىسىدىن بىز تۆۋەندىكى مۇلاھىزە ۋە تەھلىللەرگە مۇيەسسەر بولىمىز:

1- بۇ ئىككى ئاساسنى بىرلىكتە ۋۇجۇدقا چىقارمىغان ئادەم مۇئمىن ھېسابلانمايدۇ. باتىل ئىلاھلارنى ئىنكار قىلىپ، اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرمىگەن ئادەم ئىمانغا ئىگە بولالمىغاندەك، تاغۇتنى ئىنكار قىلماستىن اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرگەن ئادەممۇ مۇئمىن-مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئىككى ئاساس چوقۇم بەندىنىڭ ئىچى-سىرتىدا ــ ئېتىقادى، سۆزى ۋە ئەمەلىنىڭ ھەممىدە تولۇق ۋۇجۇدقا چىقىشى لازىم. اللّٰه تەئالا ئەسھابۇلكەھف ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿ وَإِذِ ٱعۡتَزَلۡتُمُوهُمۡ وَمَا يَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ فَأۡوُۥٓاْ إِلَى ٱلۡكَهۡفِ ﴾

**﴿ (ئى يىگىتلەر!) سىلەر ئۇلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ اللّٰه تىن باشقا ئىبادەت قىلىدىغان مەبۇدلىرىدىن ئايرىلغان ئىكەنسىلەر، غارنى پاناھ جاي قىلىڭلار ...﴾** [كەھف: 16]

بۇ يىگىتلەر لا إلهَ إلا اللّٰه نىڭ ئىككى ئاساسنى يەنى مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلار ئىبادەت قىلىدىغان ساختا ئىلاھلار ۋە يالغان مەئبۇدلاردىن ئايرىلىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئايەتتىكى ﴿إِلَّا اللَّهَ﴾ «اللّٰه تىن باشقا» دېگەن سۆز كۆرسىتىدىغان ئاساس ــــ اللّٰه تەئالانى تائەت- ئىبادەتكە لايىق بىردىنبىر يېگانە مەئبۇد ۋە ئىلاھ دەپ تونۇپ، ئۇنىڭغا تەۋھىد ۋە خالىس ئىبادەت بىلەن يۈزلىنىشنى ئۇخشاشلا بەرپا قىلغان.

الله تەئالا پەيغەمبىرى ئىبراھىم ﷺ ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

﴿ وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦٓ إِنَّنِي بَرَآءٞ مِّمَّا تَعۡبُدُونَ ۝٢٦ إِلَّا ٱلَّذِي فَطَرَنِي فَإِنَّهُۥ سَيَهۡدِينِ ۝٢٧ ﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەبۇدلاردىن مەن راستلا ئادا- جۇدامەن، پەقەت مېنى ياراتقان الله ئۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۇ چوقۇم مېنى توغرا يولغا باشلايدۇ».﴾** [زۇخرۇف: 26-27]

﴿ قَالَ أَفَرَءَيۡتُم مَّا كُنتُمۡ تَعۡبُدُونَ ۝٧٥ أَنتُمۡ وَءَابَآؤُكُمُ ٱلۡأَقۡدَمُونَ ۝٧٦ فَإِنَّهُمۡ عَدُوّٞ لِّيٓ إِلَّا رَبَّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ۝٧٧ ﴾

**﴿(ئىبراھىم ئېيتتى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلغىنىڭلار نېمە؟ سىلەرنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىڭلارنىڭ ئىبادەت قىلغىنى نېمە؟ ئۇلار (يەنى مەبۇدلىرىڭلار) مېنىڭ دۈشمىنىمدۇر، پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى (مېنىڭ پەرۋەردىگارىمدۇر)..﴾** [شۇئەرا: 75- 77]

ئىبراھىم ﷺ مۇشرىكلار ئىبادەت قىلىدىغان مەبۇدلارنىڭ ھەممىسىگە دۈشمەنلىك ۋە ئادا-جۇدالىقنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھەقىقىي ئىبادەتكە لايىق مەبۇد يىگانە الله تەئالانى مۇستەسنا قىلىپ، ئۆزىنىڭ يالغۇز الله نىڭ دىنىغا كىرىپ، ئىبادەتنى خالىس ئۇنىڭ ئۈچۈنلا قىلىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. شۇ مەزمۇندىكى ئايەتلەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى زاماندىكى مۇشرىكلار باشقا ئىلاھلىرىغا قېتىپ الله قىمۇ ئىبادەت قىلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەۋھىد ئىگىلىرى مۇشرىكلار ئىبادەت قىلىدىغان ئىلاھلارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئادا-جۇدالىق ئېلان قىلغاندا، «إِلَّا الله»

سۆزى ئارقىلىق الله تەئالانى مۇستەسنا قىلغان. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەلۋەتتە بۇ ئادا-جۇدالىق، ئۇلارنىڭ باشقا مەئبۇدلىرى بىلەن بىللە الله قىمۇ قارىتىلىپ قالغان بولاتتى.

2- يۇقىرىقى تەبىردىكى «ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ» دېگەن بۇ مۇھىم نۇقتا، ئىبادەتكە لايىق بولمىغان، ئىلاھلىق سالاھىيتى بولمىسىمۇ ناھەق ئىبادەت قىلىنىۋاتقان ساختا مەئبۇدلارنىڭ، باتىل ئىلاھلارنىڭ ئەمەلىيەتتە مەۋجۇدلۇقىنى بىلدۈرىدۇ.

بەزىلەر بۇنىڭدىن ھەيران قېلىپ: جاھاندا ئىبادەت قىلىنىدىغان الله تىن ئۆزگە يەنە باشقا ئىلاھلار، مەئبۇدلار بارمۇ؟ دەپ سوئال قىلىشى مۇمكىن. شۇنداق، ئىلاھلار ھەقىقەتەن مەۋجۇد. ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلەرگە، مەئبۇد سۈپەتلىرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، ئۆزى ئىلاھلىق دەۋاسى قىلىپ ياكى باشقىلار ئۇنى ئۇلۇغلاپ خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرىۋالغانلىق سەۋەبىدىن باتىل يول بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلار، ھەددىدىن ئاشقان تاغۇتلار ھەقىقەتەن مەۋجۇد. تەۋھىد گۇۋاھلىقى ئۇلارنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىكى الله نىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلىق سالاھىيەتىنى ئىنكار قىلىدۇ[1].

تەۋھىد گۇۋاھلىقىدىكى «لَا إِلَهَ» بارچە ئىلاھلار ھەق ئىلاھ ئەمەس، دېگەننى بىلدۈرسە، « إِلَّا اللهُ»سۆزى ــ ئىلاھلىق سالاھىيەت ۋە خۇسۇسىيەتلەرگە

[1] شۇ سەۋەبتىن، «لَا إِلَهَ إِلَّا اللهُ»كەلىمىسى « الله تىن باشقا ئىلاھ يوق» دەپ تەرجىمە قىلىنسا مەنا جەھەتتىن خاتالىق سادىر بولىدۇ. چۈنكى بۇ «ئىنسانلار الله نىڭ غەيرىگە ئىبادەت قىلىپ باقمىغان» دېگەن مەنىدىكى رېئاللىققا زىت گەپ بولۇپ قالىدۇ. قاراپ باقىدىغان بولساق، زېمىندا الله نىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىۋاتقانلار يولدىكى ئەخلەتتەك تولا. ئۇنىڭغا « الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق» ياكى « الله تىن باشقىسى ھەق ئىلاھ ئەمەس» دەپ، ياكى بولمىسا «ھېچكىم ئىلاھ ئەمەس، پەقەت الله ھەق ئىلاھ» دەپ مەنا ئېيتقاندا ئاندىن مەقسەد ئىپادىلىنىدۇ. ـــ ت.

ئىگە بولغان، ھېچ شېرىكى يوق يېگانە مەئبۇد ۋە ھەق ئىلاھ؛ ئىسلامدىكى ئىبادەت ئۇقۇمى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەللىرى ئارقىلىق بەندىلەر ئىبادەت قىلىدىغان تەڭداشسىز خۇدا؛ ئاسمان-زېمىندىكى بارچە مەخلۇقاتلىرىنى ئۆز ئىرادىسى بىلەن باشقۇرىدىغان، جۇملىدىن ئىنسانلار ئۈستىدىن قىممەت، قانۇن-شەرىئەت ۋە ھايات يولىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى ئالىي ھۆكۈمران پەقەت الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادۇر، دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

3- لا إلهَ إلا الله نىڭ يۇقىرىقى تەبىرى ۋە شەرھىدىن، تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ مەزمۇنىنى تەۋھىدنىڭ رۇبۇبىيەت قىسمىغا يىغىنچاقلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭغا: لا إلهَ إلا الله نىڭ مەنىسى ــــ الله تىن باشقا ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى، پايدا-زىيان يەتكۈزگۈچى يوق، مەۋجۇداتلارنىڭ ئىگىسى، ئۇلارنى تىرگۈزگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالغۇچى پەقەت الله دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەبىر بېرىۋاتقان زامانىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ بۇ قارىشىنىڭ تۈپتىن خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

بۇ سۈپەتلەرنىڭ الله تەئالاغا خاس سۈپەتلەر ئىكەنلىكى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى توغرىدەك قىلىسىمۇ، ئەمما تەۋھىد كەلىمىسى ئىپادىلەيدىغان ھەممە مەقسەت يالغۇز بۇلا ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئەينى زاماندىكى مۇشرىكلار تەۋھىدنىڭ بۇ تەرىپىنى تامامەن ئېتىراپ قىلىشقان. بۇ ھەقتە ئۇلار بىلەن پەيغەمبەرلەر ئارىسىدا ئاساسەن ئىختىلاپ يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشى چىققىنى بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىق ھەق ئىلاھ توغرىسىدا بولغان. ئۇلار كائىناتنى ياراتقۇچى، ھەممىنىڭ ئىگىسى، پايدا-زىيان يەتكۈزگۈچى زاتنىڭ يالغۇز الله تەئالا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنى ئېتىراپ قىلغان تۈرلۈك ئىبادەتلىرىدە الله

تەئالاغا ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىلاھلىرىنى، بۇتلىرى ۋە تاغۇتلىرىنى شېرىك قىلىشقا باشلىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار كاپىر ۋە مۇشرىك بولغان، الله نىڭ پەيغەمبەرلىرى ئۇلارغا قارشى الله يولىدىكى جىھاد ۋە ئۇرۇشلارنى قوزغىغان. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَّنْ خَلَقَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضَ لَيَقُولُنَّ ٱللَّهُ ۚ قُلِ ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يَعْلَمُونَ﴾

**﴿ئەگەر سەن ئۇلاردىن: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟» دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم «الله» دەپ جاۋاب بېرىدۇ، ئېيتقىنكى، «جىمى ھەمدۇسانا الله قا خاستۇر!» بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ.﴾**

[لوقمان: 25]

﴿قُل لِّمَنِ ٱلْأَرْضُ وَمَن فِيهَآ إِن كُنتُمْ تَعْلَمُونَ ﴿٨٤﴾ سَيَقُولُونَ لِلَّهِ ۚ قُلْ أَفَلَا تَذَكَّرُونَ ﴿٨٥﴾﴾

**﴿ئېيتقىنكى، «زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى مەخلۇقاتلار كىمنىڭ؟ ئەگەر سىلەر بىلسەڭلار (ماڭا بۇنى ئېيتىپ بېرىڭلار)»، ئۇلار: «الله نىڭ» دەيدۇ. (بۇنىڭدىن) پەند ـ نەسىھەت ئالمامسىلەر؟﴾.** [ مۆئمىنۇن: 84ـ85]

شۇنىڭغا ئاساسەن، پەقەت رۇبۇبىيەت مەناسىنى كۆزدە تۇتۇپ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى بەرگەن ئادەم ھەرگىزمۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ بۇيرىغان ھەمدە قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا مەنپەئەتى بولىدىغان تەۋھىدنى بەرپا قىلغان بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئەينى زاماندىكى مۇشرىكلار بىلەن پەرقسىز ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋەت سېپىدىكى بۇرادەرلەر ئەڭ يۇكسەك ئېتىبارنى تەۋھىدنىڭ

ئۇلۇھىيەت قىسمىغا قارىتىشى زۆرۈر.

4- لا إلهَ إلا الله دىن ئىبارەت تەۋھىد گۇۋاھلىقى تەۋھىدنىڭ ئۇلۇھىيەت، رۇبۇبىيەت، ئەسمائى ۋەسسفات قاتارلىق ئۈچ قىسمىنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

*******************************

**ئىزاھات:** زامانىمىز مۇرجىئەلىرى ئارىسىدىكى بەزى پىتنىخورلار بۈگۈنكى كۈندىكى تەۋھىد ئەھلى توغرىسىدا: بۇلار تەۋھىد ھەققىدە ئىلگىرىكىلەردىن ھېچكىم ئوتتۇرىغا قويمىغان تۆتىنچى قىسىم (بىدئەت) تەۋھىدنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئۇنى «ھاكىمىيەت تەۋھىدى» دەپ ئاتىدى، دېگەن سۆزلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئوپئوچۇق زۇلۇم ۋە قاراسۇۋاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە بىر قانچە تەرەپتىن رەددىيە بەرمەكچىمەن:

***بىرىنچى:*** تەۋھىدنىڭ ھاكىمىيەت تەۋھىدى دەپ ئاتالغان بۇ مەزمۇنى شۇقەدەر مۇھىمكى، ئۇنىڭسىز ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىمانى ئىمان بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەنىسى — ھۆكۈم چىقىرىش ۋە قانۇن-تۈزۈم بەلگىلەش بىر الله قا مەنسۇپ؛ ئاسمان-زېمىننى يارىتىشتىن بۇرۇن الله تەئالا ئۆزىنىڭ ئىلمى ئەزەلىي بىلەن لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەپ قويغان قەدەر ۋە قازا ھۆكۈملىرىنى، ئاسمان-زېمىندىكى بارچە مەۋجۇداتنى ئوراپ تۇرغان ئىنچىكە قانۇنىيەتلەرنى، ئىلاھىي تەرتىپلەرنى بېكىتىشكە مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى ھەمدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى ھەققىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئى ۋە ھادىسىلەر ئۈستىدىكى شەرئىي ھۆكۈملەرنى پەقەت شۇلارنى ئايرىدە قىلغۇچى، ئۇلارنى ھەرۋاقىت ئىدارە قىلىپ تۇرىۋاتقۇچى يىگانە الله تەئالا

چىقىرىدۇ؛ تەۋھىد ئەھلى بولىمەن، دېگەن ئادەم اللہ نىڭ شەرىئىتىنى قانۇن قىلمىغان بارلىق ھاكىمىيەتلەرنى ھەمدە، ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن بارلىق قائىدە، قانۇن، تۈزۈم، سىياسەت، قىممەت قاراش، يول، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنى ئىنكار قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشى، پۈتكۈل ھاياتىدا پەقەت اللہ نازىل قىلغان ھۆكۈمگە رازى بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلىپ، ئۇنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىپ ياشىشى كېرەك، ئۇنىڭدا خالىغان ھۆكۈمنى ـــ خالىسا اللہ ئاسماندىن چۈشۈرگەننى، خالىسا بەندىلەر زېمىن ئۈستىدە ئۆزلىرى تۈزۈۋالغاننى تاللاش ئەركىنلىكى بولمايدۇ؛ كىم اللہ نازىل قىلغان ھۆكۈمدىن يۈز ئۆرۈپ، باشقىغا رازى بولسا ياكى اللہ نىڭ ھۆكمىگە مەخلۇقلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئارىلىقتىن يول تۇزۇپ ماڭسا، ئۇ شەكسىز تەۋھىدنىڭ مۇشۇ تەرىپىدە شىرىك سادىر قىلىپ مۇشرىك بولغان بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ھەقتىكى ئايەت- ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ، جۈملىدىن:

﴿إِنِ ٱلۡحُكۡمُ إِلَّا لِلَّهِۚ أَمَرَ أَلَّا تَعۡبُدُوٓاْ إِلَّآ إِيَّاهُۚ ذَٰلِكَ ٱلدِّينُ ٱلۡقَيِّمُ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَ ٱلنَّاسِ لَا يَعۡلَمُونَ ٤٠﴾

**﴿ھۆكۈم قىلىش پەقەت اللہ نىڭلا ھەققىدۇر، ئۇ سىلەرنى پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇغان، بۇ توغرا دىندۇر. لېكىن كىشىلەرنىڭ تولىسى (بۇنى) بىلمەيدۇ ﴾.** [يۈسۈف: 40]

﴿وَلَا يُشۡرِكُ فِي حُكۡمِهِۦٓ أَحَدٗا ٢٦﴾

**﴿اللہ ئۆز ھۆكمىدە(يەنى ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا) ھېچ كىشىنى شېرىك قىلمايدۇ.﴾** [كەھف: 26]

﴿وَٱللَّهُ يَحۡكُمُ لَا مُعَقِّبَ لِحُكۡمِهِۦۚ وَهُوَ سَرِيعُ ٱلۡحِسَابِ ﴿٤١﴾ ﴾

**﴿الله (خالىغانچه) ھۆكۈم قىلىدۇ، الله نىڭ ھۆكمىگه ھېچ كىشى قارشى تۇرالمايدۇ. الله تېز ھېساب ئالغۇچىدۇر.﴾** [رەئد: 41]

﴿أَفَحُكۡمَ ٱلۡجَٰهِلِيَّةِ يَبۡغُونَۚ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ حُكۡمٗا لِّقَوۡمٖ يُوقِنُونَ ﴿٥٠﴾ ﴾

**﴿ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (الله قا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە الله تىنمۇ ئادىل كىم بار.﴾** [مائىدە:50]

﴿إِنَّ ٱللَّهَ يَحۡكُمُ مَا يُرِيدُ ﴿١﴾ ﴾

**﴿ شۈبھىسىزكى، الله خالىغان نەرسىنى ھۆكۈم قىلىدۇ﴾.** [مائىدە :1]

﴿وَمَا ٱخۡتَلَفۡتُمۡ فِيهِ مِن شَيۡءٖ فَحُكۡمُهُۥٓ إِلَى ٱللَّهِۚ ﴾

**﴿ سىلەر (دىن ئۇستىدە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا) ھەر قانداق نەرسە ئۇستىدە ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، ئۇنىڭغا الله ھۆكۈم چىقىرىدۇ.﴾** [شۇرا: 10]

﴿وَإِنۡ أَطَعۡتُمُوهُمۡ إِنَّكُمۡ لَمُشۡرِكُونَ ﴿١٢١﴾ ﴾

**﴿ ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر .﴾**[ئەنئام: 121]

﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤۡمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيۡنَهُمۡ ثُمَّ لَا يَجِدُواْ فِيٓ أَنفُسِهِمۡ حَرَجٗا مِّمَّا قَضَيۡتَ وَيُسَلِّمُواْ تَسۡلِيمٗا ﴿٦٥﴾ ﴾

**﴿ (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ**

**قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسمۇ يوقالمىغىچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغىچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ ﴾** [نسا: 65]

بىر سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

"إن اللَّهَ هُوَ الْحَكَمُ وإِلَيْهِ الْحُكْم." رواه أبو داود وغيره.

**«شۈبھىسىزكى، ھۆكۈم چىقارغۇچى پەقەت الله تەئالادۇر، بارچە ھۆكۈم ئۇنىڭغا قايتۇرۇلىدۇ.»**

يۇقىرىقىلاردىن باشقا قۇرئان-سۈننەتتە ھاكىمىيەت تەۋھىدى ھەققىدە يەنە نۇرغۇن ئايەت- ھەدىسلەر بار. ھاكىمىيەت تەۋھىدىنى رەت قىلغانلىق بىر پۈتۈن ئىماننى رەد قىلغانغا باراۋەر، شۇنداقلا ئۇنى ئىنكار قىلغانلىق مۇشۇ مەزمۇندىكى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ ھەممىنى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ.

***ئىككىنچى:*** يۇقىرىقى سۆزىمىز ھەرگىزمۇ تەۋھىدنىڭ بىز بىلىدىغان ئۈچ قىسمىغا تۆتىنچى قىسىم تەۋھىدنى قېتىپ بىدئەت پەيدا قىلغانلىق بولمايدۇ. ھاكىمىيەتتە اللهنى بىر ئېتىقاد قىلىش مەزمۇننى ئۈچ قىسىم تەۋھىدنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەخلۇقاتلار ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلىش ئۇلارنى ياراتقۇچى ۋە ئۇلارغا رىزىق بەرگۈچى الله تەئالاغا خاس پەرۋەردىگارلىق سۈپەتلىرىدىن ئىكەنلىكى تەۋھىدنىڭ رۇبۇبىيەت قىسمىغا، بەندىلەرنىڭ الله نازىل قىلغان ھۆكۈمگە رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنۇپ، ھۆكۈم قوبۇل قىلىشتا اللهقا ھېچكىمنى شېرىك قىلماسلىقى ئۇلۇھىيەت قىسمىغا، اللهنىڭ «الْحَكَمُ ھۆكۈم چىقارغۇچى»، «الحَاكِم ھۆكۈمران»، «أَحْكَمُ الحَاكِمِيْن ئەڭ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى» قاتارلىق سۈپەتلىرىدە تەڭداشسىز ۋە

يەككە-يېگانە ئىكەنلىكى ئەسما ۋەسسىفات قىسمىغا كىرىدۇ.

تەۋھىدتىكى بۇ مەزمۇننىڭ «هاكىمىيەت تەۋھىدى» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئايرىم تەكىتلىنىشى ئۇممەت ئىچىدە اللە نازىل قىلغان شەرىئەتتىن يۈز ئۆرۈپ، باشقا قانۇن- تۈزۈملەرنى هاكىمىيەت ئورنىغا ئاچىقىدىغان ھەمدە شۇنىڭغا رازى بولۇپ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغان شىرىكنىڭ ئەدەپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بولغان. بۇ خۇددى ئەينى زاماندا كىشىلەرنىڭ مازار-قەبرىلەرگە بېرىپ هاجەتلىرىنى تىلەپ دۇئا قىلىشى، اللە قا خاس مۇھەببەت بىلەن ئۆزىنىڭ خوجىلىرى ۋە ئەۋلىيا-پىرلىرىنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارغا شەرتسىز ئىتائەت قىلىپ كېتىشى، ئۇلارنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ ئەيمىنىپ تۇرۇشلىرى قاتارلىق شىرىكلەردىن تەۋھىد ئەھلىنىڭ ئۇلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ: دۇئادىكى تەۋھىدنى، مۇھەببەت ۋە ئىتائەت تەۋھىدىنى، ئۇلۇغلاش تەۋھىدىنى بەرپا قىلىڭلار، دېگەن سۆزلىرىگە ئوخشايدۇ.

بۇ سۆزلەرنىڭ توغرىلىقىغا قىل سىغمايدۇ. ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدا بۇ خىل سۆز- ئىبارىلەرنى تولا ئۇچرىتىمىز. لېكىن هېچكىم ئۇلارنى تەۋھىدنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى، ئالتىنچى قىسىملىرىنى پەيدا قىلىپتۇ، دېگەن ئەمەس. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەزمۇنلار تەۋھىدنىڭ ئۈچ قىسمىدىن هالقىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئەمەللەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ، بۇ ھەقتە تەپسىلىي توختىلىشى شۇ ئەمەللەرنىڭ ئەھمىيتى ۋە تەۋھىد بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئۇنى بىلىشكە ئېھتىياجلىق بولغانلىقى سەۋەبىدىن بولغان. اللە خالىسا، بۇنىڭدا هېچبىر زەرەر يوق.

***ئۈچىنچى:*** بۇ نۇقتىلارنى چۈشەنگەن بولسىڭىز، زامانىمىز مۇرجىئەلىرى

بۇ چوڭ ئىغۋاگەرچىلىكنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى تەۋھىدىمىز ۋە ئىمانىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان ھاكىمىيەت تەۋھىدىنىڭ قىممىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۇرمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. ئۇلار بۇ ئارقىلىق كىشىلەرگە: ھاكىمىيەت تاغۇتلىرىنىڭ ﷲ نازىل قىلغان قانۇنلارنى چۆرۈۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەرخىل كۇفرىي تۈزۈملەرنى ئالماشتۇرۇپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈش قىلمىشلىرى ھەرگىزمۇ تەۋھىدكە زىت ئىش ئەمەس. ھەممىگە تونۇشلۇق ئۈچ قىسىم تەۋھىد ئىچىدە «ھاكىمىيەت تەۋھىدى» دەيدىغان گەپ بولمىغانىكەن، ئۇنىڭ تەۋھىد بىلەن شۇنداقلا ئىسلام ئەقىدىسى بىلەن قىلچىلىك مۇناسىۋىتى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈمرانلىرىمىزنى «كافىر بولدى» ياكى «دىنىدىن چىقىپ كەتتى» دەپ قارىلاشقا شەرئىيتە يول يوق، ھېچكىمنىڭ ھەققىمۇ يوق، دېمەكچى.

ئۇلار «بىدئەت پەيدا قىلدى» دېگەن بۇ سۆزلىرىنى ھەرگىزمۇ ئىلمىي مۇنازىرە ئۈچۈن ياكى ھەقىقەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى، ھاكىمىيەت تاغۇتلىرىنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ قەبىھ قىلمىشلىرىنى شەرئىيەت ئارقىلىق يېپىپ، كىشىلەرگە ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ باتىل ھاكىمىيىتىنى مۇسۇلمانلار قوبۇل قىلسا، ياخشى كۆرۈپ دوست تۇتسا، بويسۇنسا ھەتتا ھاياتىنى پىدا قىلىپ قوغدىسا بولىدىغان ئادىل ۋە ھەق ھاكىمىيەت قىلىپ كۆرسىتىش مەقسىتىدە مەيدانغا ئېلىپ چىققان. دىققەت قىلىدىغان بولسىڭىز، بۇ مەسىلىلەر ھەققىدە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ تولىسى تاغۇتلار تاشلاپ بېرىدىغان سۆڭەك ۋە يۇندىلەرنى كۈتۈپ ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىدىن

كەتمەيدىغانلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىز.[1] (يۇرتىمىزدىكى كۆپىنچە ئەھلى ئىلىم، موللا بۇرادەرلەرنىڭ بىلىپ-بىلمەي، ئەرەب تاغۇتلىرى سىياسىي غەرەزدە ئۆز تەختىنى قوغداش ئۈچۈن مەيدانغا چىقارغان مۇشۇ خىلدىكى ئۆلىمالارنىڭ تاغۇتلار ياردىمدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا، جۈملىدىن يۇرتىمىزنىڭ

[1] بۇ ئورۇندا تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بىر ۋەقە: بىر قېتىم مەن شۇنداق كىشىلەردىن بىرى بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپ قاپتىمەن. سورۇندا باشقىلارنى «ئوردا-قەسىر شىرىكى»دىن ئاگاھلاندۇرۇپ سۆز قىلغانىدىم، ھېلىقى ئادەم دەرھال يەڭلىرىنى شىمايلاپ سۆزۈمگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ قوپتى: بۇ شىرىكنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭىز ئەمدى؟ ئوردا-قەسىر شىرىكى؟! بۇ گەپكە قانداق دەلىلىڭىز بار؟ بىز پەقەت مازار-قەبىر شىرىكى دېگەننى بىلەتتۇق. بىزگە دەرس بەرگەن ئۇستاز- ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئوردا-قەسىر شىرىكى دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغانمىز... مەن دېدىم: ئۇنداقتا سىزنىڭ مازار-قەبىر شىرىكى دېگەنگە نېمە دەلىلىڭىز بار؟ ئۇ دېدى: كىشىلەر دۇئا قىلىش، ئۇلۇغلاش، مەدەت تەلەپ قىلىش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قەبرىلەرگە، مازارلارغا- ئۇنىڭدا ياتقان ئۆلۈكلەرگە قىلىپ كەتكەن. بۇ ئەينى شىرىك ئىدى. شۇڭا كىشىلەرنى مازار-قەبىر شىرىكىدىن ئاگاھلاندۇرۇش زۆرۈر بولغان. — سۆزىڭىز دۇرۇس،- دېدىم مەن، ئەمدى، مازار-قەبىر ھەققىدە دېگەن شۇ گېپىڭىزنى ئوردا-قەسىر ھەققىدە يەنە بىر قېتىم دەپ بېقىڭە. ئۇ دېدى: مازار-قەبىر توغرىسىدىكى گەپنى قانداقسىگە ئوردا ھەققىدە دېگىلى بولسۇن، ئوردا-قەسىرلەرگە بىركىم ئىبادەت قىلمىسا-يە! مەن دېدىم: ئەمەلىيەتتە، ئوردا-قەسىرلەرگە كىشىلەر ھەقىقەتەن اللہ قا قىلىدىغان نۇرغۇن ئىبادەتلەرنى قىلىۋاتىدۇ. جۈملىدىن: نۇرغۇن كىشىلەر ئوردا-قەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن، ئۇنىڭدا يېتىپ-قوپىدىغان تاغۇتلار تەرىپىدىن چىقىرىلىۋاتقان اللہ نىڭ شەرىئىتىگە قارشى قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ؛ يەنە، ئوردا- قەسىرلەردە تۇرىدىغان تاغۇتلار چىقىرىۋاتقان قارار-پەرمان، يوليورۇق-تەلىماتلار ھەققە ئۇيغۇنمۇ-ئەمەسمۇ، بۇنىڭغا پەرۋا قىلماستىن، شەرتسىز ھالدا شۇلارنىڭ زاتىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ. كىشىلەر ئوردا-قەسىرلەرنى ۋە ئۇنىڭدا تۇرىۋاتقان تاغۇتلارنى دوست تۇتۇش، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ سىياسەتلىرىنى، باتىل قانۇن-نىزاملىرىنى جان تىكىپ قوغداش بىلەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىۋاتىدۇ. تاغۇتلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن ۋە تارقىتىش ۋاستىلىرىدىن تولا ئاڭلاپ قۇلاقلىرىمىز كۆنۈكۈپ كەتكەن مۇنۇ سۆزلەرنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ: «ھۆرمەت قاراۋۇللىرى»، «ئوردا پىدائىيلىرى»، «دوستلۇق ۋە ئىتائەتسىز ئوردا(پارتىيە) ئۈچۈن»، «ئوردا(مەركەز)نىڭ سىياسىتى»، «ئوردىنىڭ قارارى»، «ئوردىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن...»، «ئوردىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە»، « ئۇلۇغ پارتىيەگە رەھمەت!»، «بۈيۈك پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە...» دېگەندەك گەپلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ باقسىڭىز، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر سۆزدىن بەلكى ھەر بىر ھەرپتىن شىرىكلەر پۇرۇقلاپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوردا-قەسىرلەر كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنىڭدىن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە تۇرغۇچىلاردىن قورقۇش، ئەيمىنىش بىلەن ئىبادەت قىلىنىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر مازار-قەبرىلەردىن قورققاندىن بەكرەك ئوردا-قەسىرلەردىن قورقىدۇ؛ ئوردا-قەسىرلەر يەنە مەرەزلىك قەلبلەرنىڭ ئۇنىڭغا باغلىنىپ، شۇ يەردىن چىقىدىغان ئىنئام-مۇكاپاتلارنى خۇددى اللہ تىن رىزىق كۈتكەندەك كۈتۈشى بىلەن ئىبادەت قىلىنىدۇ. بۇلار ھەممىسى ئىبادەتكە تەۋە ئىشلار. مۇبادا ئۇ اللہ نىڭ غەيرىگە تەسەررۇپ قىلىنسا شىرىك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇرجىئىي مات بولۇپ، ئىككىنچىلەپ ئېغىز ئاچمىدى.

بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغىچە يېتىپ كېلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكىنىنى پەقەت ۋە پەقەتلا بىلمىسىز جاھىل ياكى ھەققە كۆز يۇمىدىغان مۇتەكەببىردىن باشقىسى ئىنكار قىلمايدۇ. ـــ ت.)

***********************************

5- كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى زامانىمىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەتتا بەزى تاغۇتلارمۇ چېغىدا تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ يۇقىرىقى تەبىرىنى يادلىۋېلىشقان بولۇپ، قاچان «لا إلهَ إلا الله» ھەققىدە گەپ بولسا، ھېچبىر ئىككىلەنمەستىن ۋە دۇدۇقلىماستىن «ئۇنىڭ مەنىسى، الله تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەقىقى ئىلاھ ۋە بەرھەق مەئبۇد يوق، دېگەن بولىدۇ» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ھەتتا، بەزىلىرى تەۋھىدنىڭ ئۈچ قىسمى ھەققىدە گەپ ساتىدۇ.

ئۇلار بۇ توغرا تەبىرنى ئېغىزىدا يادلاپ بەرگەن بىلەن، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر مەزمۇن ۋە ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئاڭقىرالمايدۇ. ئۇ ئارقىلىق ئىنسان ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتنى تېخىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

ئۇلار ئېغىزىدا بۇ گەپنى قىلغان بىلەن، ئەمەلىيەتتە باشقا ئىلاھلارغا ئىبادەت قىلىشنى، الله نىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن دوستلىششىنى ھەتتا خۇدالىق دەۋاسى قىلىشنى ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى دەپ بىلىدۇ.ئۇلار پەقەت باشقىلارنىڭ تەۋھىدنى بىلمەيدىغان قارىقورساقكەن دەپ ئەيىبلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ھىلىگەرلىك يۈزىسىدىن بۇ سۆزلەرنى يادلىۋالغان. ئۇلار تەۋھىد كەلىمىسىدىكى مەنا-مەقسەدنى ھەقىقي چۈشەنمەي ۋە ئۇنىڭ روھىغا پۈتۈنلەي ئەمەل قىلماي تۇرۇپ، نوقۇل تىلىنىڭ ئۇچىدا ئۇنى يادلاپ بېرىش بىلەن ھەرگىزمۇ دۇنيا-ئاخىرەتتىكى سۇئال-سوراق ۋە جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلالمايدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ

خىل تەۋھىد گۇۋاھلىقى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ.

## شەرت ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى:

ئەھلى ئۇسۇل ئۆلىمالىرى شەرت ئاتالغۇسىغا مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: شەرت دېگىنىمىز شەرت قىلىنغان ئىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى شەرتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا باغلىق بولۇپ، يالغۇز شەرتنىڭ مەۋجۇد بولغىنى ئۇ ئىشنىڭ بىر پۈتۈن ۋۇجۇدقا چىققانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەمما شەرتنىڭ يوق بولىشى ئۇ ئىشنىڭ بىر پۈتۈن يوقلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئېغىزدا تەلەپپۇز قىلىپ ئىقرار قىلىش لا إلهَ إلا الله دىن ئىبارەت تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ شەرتلىرى جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭسىز تەۋھىد گۇۋاھلىقى ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. لا إلهَ إلا الله نىڭ تىلدا سۆزلەشتىن بىلەك يەنە باشقا شەرتلىرى ۋە ئاساسلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، يالغۇز «سۆزلەش»تىن ئىبارەت بۇ شەرت ۋۇجۇدقا چىقىش بىلەن تەۋھىد گۇۋاھلىقى بەرپا بولغان ھېساپلانمايدۇ. ئەمما مۇشۇ شەرتنىڭ يوق بولىشى سەۋەبىدىن تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إلهَ إلا الله پۈتۈنلەي يوقنىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

لا إلهَ إلا الله نىڭ بىز تۆۋەندە بايان قىلىدىغان ھەممە شەرتلىرى مۇشۇنداق ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرى تەۋھىدنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە مەۋجۇد بۇلۇشىنىڭ شەرتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ شەرتلەردىن بىرەرسىنىڭ يوق بولىشى بىلەن «لا إلهَ إلا الله» مۇتلەق يوق بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئىنسانغا ھېچقانداق مەنپەئەتى بولماي قالىدۇ. لېكىن شۇ شەرتلەر ئىچىدىن مەلۇم بىر شەرتنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إلهَ إلا الله نىڭ ۋۇجۇدقا چىققانلىقى بولمايدۇ،

ئەلۋەتتە.

ئۇنداقتا تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إلهَ إلا الله نى ھەققى بەرپا قىلىپ، دۇنيا-ئاخىرەتتە ئۇنىڭغا ئىگە بولۇپ، الله نىڭ ئازابىدىن نىجات تېپىش ۋە مەڭگۈلۈك بەخت ــ جەننەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە شەرتلىرىنى مۇكەممەل ئورۇنداش، بىرەرسىنىمۇ كام قويماسلىق لازىم.

ئەمدى بىز مۇشۇ كىتابتىكى سىزگە سۇنىدىغان ئەڭ ئاساسلىق مەقسەد بولغان لا إلهَ إلا الله نىڭ شەرتلىرىنى تەپسىلى بايان قىلىشقا كىرىشىمىز.

## لا إلهَ إلا الله نىڭ شەرتلىرى

شۈبھىسىزكى، «لا إلهَ إلا الله»نىڭ كىشىنىڭ تەۋھىدى ۋە ئىمانىنىڭ دۇرۇس بولىشى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر قانچە مۇھىم شەرتلىرى بار، ئۇلارنىڭ جۈملىسىدىن:

## بىرىنجى شەرت : تىلدا سۆزلەش ۋە ئىقرار قىلىش

ئىسلامغا كىرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ مۇئمىن-مۇسۇلمانلىق شەرىپىگە سازاۋەر بولىشى ئۈچۈن، ئەڭ دەسلەپ پەرز بولىدىغان ئەمەل تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى تىلدا ئىقرار قىلىش، مۇنۇ شەكىلدە ئىككى ھەقىقەتكە گۇۋاھلىق بېرىشتىن ئىبارەت: « أَشْهَدُ أَلَّا إِلهَ إِلَّا الله وأَشْهَدُ أَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ الله (الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد الله نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن.)»

بۇ گۇۋاھلىقنى ئېغىزىدا تەلەپپۇز قىلىشقا قادىر بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن باش تارتقان ئادەم ئىسلامغا كىرگەن بولمايدۇ، ئۇنىڭ قېنى ئىسلام نامىدىن قوغدالمايدۇ. بۇ شەرت پەقەت تىلسىز گاچا ئادەمدىن باشقا ھېچكىمدىن ساقىت بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنىڭغا ئوخشاش چارە قىلغىلى بولمايدىغان ئاجىزلىق ئىنساندىن شەرئىي تەكلىپنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. بۇ، پۈتكۈل ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن بىر ئىش.

عَنِ ابْنِ شِهَابٍ، قَالَ: أَخْبَرَنِي سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيِّبِ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: لَمَّا حَضَرَتْ أَبَا طَالِبٍ الْوَفَاةُ، جَاءَهُ رَسُولُ اللَّهِ K فَوجَدَ عِنْدَهُ أَبَا جَهْلٍ وَعَبْدَ اللَّهِ بْنَ أَبِي أُمَيَّةَ بْنِ الْمُغِيرَةِ، فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ K: يَا عَمِّ، " قُلْ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، كَلِمَةً أَشْهَدُ لَكَ بِهَا عِنْدَ اللَّهِ "، فَقَالَ أَبُو جَهْلٍ وَعَبْدُ اللَّهِ بْنُ أَبِي أُمَيَّةَ: يَا أَبَا طَالِبٍ، أَتَرْغَبُ عَنْ مِلَّةِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ، فَلَمْ يَزَلْ رَسُولُ اللَّهِ K يَعْرِضُهَا عَلَيْهِ، وَيُعِيدُ لَهُ تِلْكَ الْمَقَالَةَ، حَتَّى قَالَ أَبُو طَالِبٍ آخِرَ مَا كَلَّمَهُمْ هُوَ عَلَى مِلَّةِ عَبْدِ الْمُطَّلِبِ وَأَبَى، أَنْ يَقُولَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ K: أَمَا وَاللَّهِ لَأَسْتَغْفِرَنَّ لَكَ مَا لَمْ أُنْهَ عَنْكَ، فَأَنْزَلَ اللَّهُ G ﴿ مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ أَن يَسۡتَغۡفِرُواْ لِلۡمُشۡرِكِينَ وَلَوۡ كَانُوٓاْ أُوْلِي قُرۡبَىٰ مِنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمۡ أَنَّهُمۡ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١١٣﴾ ﴾ وَأَنْزَلَ اللَّهُ تَعَالَى فِي أَبِي طَالِبٍ، فَقَالَ لِرَسُولِ اللَّهِ K: ﴿ إِنَّكَ لَا تَهۡدِي مَنۡ أَحۡبَبۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ﴿٥٦﴾ ﴾ .متفق عليه

**سەئىد ئىبنى مۇسەييب دادىسىدىن نەقىل قىلغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: ئەبۇ تالىب سەكراتتا ياتقان مەزگىلدە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. ھالبۇكى، ئۇنىڭ يېنىدا ئەبۇ جەھىل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە**

ئىبنى مۇغىيرە ئىككىسى بارئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: ئى تاغا! «لا إلهَ إلا اللهُ» دەڭ، مۇشۇ سۆز بىلەن اللهُ نىڭ ھۇزۇرىدا سىز ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېۋىدى، بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ جەھل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىككىسى: ئى ئەبۇ تالىب! ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈمەكچىمۇسەن؟! دېگىلى تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ مۇ يۇقىرىقى سۆزنى تەكرارلاپ، ئەبۇ تالىبنى «لا إلهَ إلا اللهُ»قا چاقىردى. ئەبۇ تالىبنىڭ ئاخىرقى سۆزى: «مەن ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ دىنى ئۈستىدە» دېيىشتىن ئىبارەت بولدى ۋە «لا إلهَ إلا اللهُ» دېيىشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەرﷺ : اللهُ بىلەن قەسەم، ئەگەر رەببىم تەرەپتىن چەكلەنمىسەملا، چوقۇم سەن ئۈچۈن ئۇنىڭدىن مەغپىرەت تىلەيمەن، دېدى. اللهُ تەئالا ئەبۇ تالىب ھەققىدە پەيغەمبەرﷺ گە مۇنۇ سۆزنى چۈشۈردى: ﴿پەيغەمبەرگە ۋە مۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دەۋزەخ ئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس ﴾ [تەۋبە : 113] اللهُ تەئالا يەنە ئەبۇ تالىب ھەققىدە مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلىپ، پەيغەمبەرﷺگە مۇنداق دېدى: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمگنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن اللهُ ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، اللهُ ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾ [قەسەس: 56] ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي بىلەن مۇسلىم توپلىغان.

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ K لِعَمِّهِ: " قُلْ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، أَشْهَدُ لَكَ بِهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ "، قَالَ: لَوْلَا أَنْ تُعَيِّرَنِي قُرَيْشٌ، يَقُولُونَ: إِنَّمَا حَمَلَهُ عَلَى ذَلِكَ الْجَزَعُ لَأَقْرَرْتُ بِهَا عَيْنَكَ، فَأَنْزَلَ اللَّهُ﴿ إِنَّكَ لَا تَهۡدِي مَنۡ أَحۡبَبۡتَ وَلَٰكِنَّ ٱللَّهَ يَهۡدِي مَن يَشَآءُۚ وَهُوَ

أَعۡلَمُ بِٱلۡمُهۡتَدِينَ ﴾روواه مسلم

**ئەبۇ ھۇرەيرە رىۋايەت قىلغان ھەدىستە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەرﷺ تاغىسى ئەبۇ تالىبقا: «لا إلهَ إلا اللهُ»دەڭ، قىيامەت كۈنى شۇ سۆز بىلەن سىز ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىمەن، دېگەندە، ئەبۇ تالىب مۇنداق دېگەن: «مۇبادا قۇرەيشىنىڭ، ئەبۇ تالىب ئۆلۈمدىن قورقۇپ شۇنداق قىلدى، دەپ مەسخىرىلىك ئەيىبلىشىنى دېمىسەم، ئەلۋەتتە ئۇ سۆزنى دەپ سېنى خۇرسەن قىلغان بۇلاتتىم». شۇنىڭ بىلەن اللە تەئالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ﴿شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادەمڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن اللە ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ، اللە ھىدايەت تاپقۇچىلارنى ئوبدان بىلىدۇ﴾[①] [قەسەس: 56]**

① پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئىمانسىز كەتكەنلىكى ھەققىدە پىكىر قىلغان ئادەم، ھەققەتەن ئۇنىڭدىكى اللە تەئالانىڭ كاتتا ھېكمەتلىرىنى ھېس قىلماي قالمايدۇ. شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن: ئەبۇ تالىبنى اللە تەئالا كاتتا ئىلىم- ھېكمەت ۋە بۈيۈك ئەخلاق-پەزىلەت ئاتا قىلغان زات ــ پەيغەمبەر ﷺ شەخسەن ئۆزى ھەققە دەۋەت قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ھىدايەت تېپىشىنى قاتتىق ئارزۇ قىلىپ شۇنچە كۈچىگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىدى. اللە نىڭ ئىرادىسى بىلەن ئەبۇ تالىب كۇفرى ئۈستىدە ــــ مۇشرىكلارنىڭ دىنى ئۈستىدە جان ئۈزدى. بۇ ئارقىلىق اللە تەئالا خالىغانىنى ھىدايەت قىلىش، خالىغانىنى ئازدۇرۇشنىڭ پەقەت اللە قا مەنسۇپ ئىش بولۇپ، ئۇنىڭدا اللە نىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى، ھەتتا پەيغەمبەر ﷺدەك شۇقەدەر ئېسىل پەزىلەتلىك، ئىلىم-مەرىپەتلىك مۆھتەرەم كىشىنىڭمۇ اللە ھىدايەت قىلىشنى خالىمىغان كىشىنى ھەق دىنغا ھىدايەت قىلىپ ئەكىرەلمەيدىغانلىقىنى ھەممىگە ئۇختۇرۇپ قويدى. پەيغەمبىرىمىز ﷺ پەقەت ھەقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ يېتەكلەش ئارقىلىق توغرا يولنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانغا تەۋپىق بېرىپ ئۇنى ھەق دىنغا كىرگۈزۈش، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىمان نۇرىنى كىرگۈزۈپ ھىدايەت قىلىش پەقەت اللە نىڭ ئىلكىدىكى ئىشتۇر.

[يەنە بىرى، ئەبۇ تالىب پەيغەمبەر ﷺ سەككىز ياشقا كىرگەن ۋاقتتىن تارتىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ بالىلىرىغا قېتىۋېلىپ ھەتتا ئۆز بالىلىرىدىنمۇ چارە كۆرۈپ ئەزىزلەپ بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن كېيىن، خۇسۇسەن مەخپىي دەۋەت باسقۇچىدىن ئاشكارا دەۋەت باسقۇچىغا ئۆتكەن مەزگىللەردىن كېيىنكى ئېغىر يىللاردا اللە نىڭ پەيغەمبىرى ﷺنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىغان، ھىمايە قىلغان، دەۋەت دۈشمەنلىرىگە پەيغەمبەر ﷺنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ قارشى تۇرغان. بەنى ھاشىم جىلغىغا قامالغان يىللاردا ئەبۇ تالىبنىڭ پەيغەمبەر ﷺنى ئۆز جېنىنى پىدا قىلىپ قوغدىغانلىقى ھەققىدە بەزى رىۋايەتلەر بار. ئەبۇ تالىبنىڭ ئىسلامغا كىرمەستىن، قەدىمقى ۋە ھازىرقى زاماندىكى جاھىلىيەتنىڭ نامايەندىلىرىدىن بولغان مىللەتچىلىك،

پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن:

" أُمِرْتُ أَنْ أُقَاتِلَ النَّاسَ حَتَّى يَشْهَدُوا أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ، وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ، وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ، فَإِذَا فَعَلُوا ذَلِكَ عَصَمُوا مِنِّي دِمَاءَهُمْ وَأَمْوَالَهُمْ، إِلَّا بِحَقِّ الْإِسْلَامِ وَحِسَابُهُمْ عَلَى اللَّهِ " **متفق عليه**

**«مەن تاكى كىشىلەر اللە تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد اللە نىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن، نامازنى بەرپا قىلغان، زاكاتنى ئادا قىلغانغا قەدەر ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇلار بۇ ئىشلارنى ئورۇندىسا، ئىسلامدىكى ھەقلەردىن باشقا ئىشلاردا مەندىن قېنى ۋە مېلىنى قوغداپ قالىدۇ. ئۇلاردىن قالغان ھېسابىنى اللە ئۆزى ئالىدۇ.»**

ئىمام نەۋەۋى رەھىمەھۇللاھ سەھىھۇلمۇسلىم كىتابىنىڭ شەرھى(1-توم 212- بەت)دە مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى گۇۋاھلىقنىڭ مەزمۇنىغا ۋە پەيغەمبەرﷺ ئېلىپ كەلگەن بارچە ھەقىقەتلەرگە توغرا ئېتىقاد قىلىش بىلەن بىرگە ئىككى گۇۋاھلىقنى تىلدا تەلەپپۇز قىلىش ئىماننىڭ شەرتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ».

ئىماننىڭ مەيدانىغا كېلىشىدە سۆزنىڭ بۇنداق مۇھىم شەرت بولىشى كافىرلىقنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەمەلدە سادىر بولغىنىدەك، سۆز بىلەنمۇ سادىر بولىدىغانلىقىنى،

قەبىلىۋازلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ياكى پەيغەمبەرﷺنىڭ شەخسىيىتىگە بولغان مۇھەببەت ياكى ئۇنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىگە بولغان ھۆرمەت تۈپەيلى، اللە نىڭ رىزالىقى ۋە ئاخىرەتتىكى ساۋابىنى كۆزلىمەستىن قىلغان شۇنچە ياخشى ئەمەللىرى ۋە خىزمەتلىرى بىلەن دۇنيادا ئۇ مۇئمىن-مۇسۇلمان بولۇپ قالمىدى، ئۇ ئىشلارنىڭ ئاخىرەتتە ئەبۇ جەھل ۋە ئەبۇ لەھەب قاتارلىق كافىرلارنىڭكىگە قارىغاندا، ئازابىنىڭ يەڭگىللىشىگە مەنپەئەتى بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەمەللىرى دەۋزەختىن نىجاد تېپىپ جەننەتكە كىرىشىگە قىلچىلىك ئەسقاتمىدى. زامانىمىزدىكى جاھىلىيەت سېپىدە تۇرۇپ دەۋەتكە تۆھپە قوشۇشنى، مۇسۇلمانلارغا، ئەھلى ئىلىملەرگە ياخشىلىق قىلىشنى باھانە قىلىپ ئۆزىنىڭ كۇفرى، شىرىك ئەمەللىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقانلار ھەر قانچە قىلساڭلار ئەبۇ تالىبنىڭ قىلغان خىزمىتىنىڭ ئونىنىڭ بىرىنى ئەمەس، يۈزنىڭ بىرىنى قىلالارسىلەر. ئەگەر شۇ مەيدانىڭلاردا تۇرۇپ ئۆلسەڭلار سىلەرگە پەقەت بىرلا خۇشخەۋەر باركى، دەۋزەختىكى ئازابىڭلار باشقا ئاكتىپ دۈشمەنلەرگە قارىغاندا بىرقەدەر يەڭگىللىشى مۇمكىن . ئەمما سىلەر ئەبۇ تالىب ئەبەدىي دەۋزەخ ئەھلى بولغىنىدەك دەۋزەختىن ئەبەدىلئەبەد چىقالمايسىلەر، ئەگەر ئەزۋەيلەۋاتقان شۇ كۇفرى سېپىدە ئۇستىدە ئۆلسەڭلار.. ـــــ ت.]

بىراۋنى سۆزى سەۋەبلىك كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ مۇمكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

سۆزلەشنىڭ لا إلهَ إلا الله نىڭ شەرتى ئىكەنلىكىدە ئازغۇن جەھم ئىبنى سافۋان ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىدىن باشقىلار ئىختىلاپ قىلغان ئەمەس. ئۇلار ئىمانغا سۆزلەشنى شەرت قىلماستىن، ئىنساننىڭ ئىمان ئېگىسى بولىشىنى پەقەت قەلبتىكى تەسدىق ۋە ئېتىقادقا چەكلەپ قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خاتالىقى تېخىمۇ چوڭ خاتالىقنىڭ تۇغۇلىشىغا سەۋەپ بولغان. ئۇ بولسىمۇ كافىرلىقنى نوقۇل قەلبتىكى ئىنكار قىلىشقا چەكلەپ، ئىنسان ھەرقانداق ئەمەل ياكى سۆز بىلەن كافىر بولمايدۇ، دەپ قاراشتىن ئىبارەت.

بۇنىڭ نۇرغۇنلىغان قۇرئان ئايەتلىرىگە، سەھىھ ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەرگە ئوچۇق زىت ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئەقىدىسىگە پۈتۈنلەي يات ئاشكارا باتىل قاراش بولىشىغا قارىماي، زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا تاغۇتلارنىڭ ئىسلامنى بۇرمىلاپ، ئۇنى ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش سىياسىي نەيرەڭلىرى ئاساسىدا قۇرۇلغان؛ ئەقىدە، ئىمان ۋە كۇفرى مەسىلىلىرى، جەننەت ۋە دەۋزەخ ھەققىدىكى ۋەدە- ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە پۈتۈنلەي مۇرجىئە ئەقىدىسىنى دەرسلىك قىلىدىغان مەدرىسلەر، ئىسلامىي ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ زەھەرلىك تەلىم-تەربىيىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتكەن، ئەمما ئۆزلىرىنى يالغان ۋە بوھتان بىلەن سەلەف سالىھلار ئەقىدىسىگە، سەلەفىي ئېقىمغا نىسبەت بېرىدىغان ساناقسىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىغا ھەمدە ئاشۇ خىل مەدرىسلەردە يېتىشىپ چىققان ماگىستىر-دوكتۇرلارنىڭ تەسىرىگە

ئۇچراپ كەتكەن نادان خەلقلەرنىڭ ئەقىدىسىگە بۇ قاراش سىڭىشىپ كەتكەن.[1]

بۇلارنىڭ ئەھۋالىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئىمان ۋە كۇفرى مەسىلىلىرىدە ئورتاق جەھمىيلەر يولىنى تۇتماستىن، ئىنتايىن تۇراقسىز ھالدا ئايرىم-ئايرىم ئازغۇن ئەقىدىلەرنى تۇتىدىغانلىقىنى بايقايمىز. مەسىلەن: ئۇلارغا ئىنسان قانداق ئەھۋالدا كافىر بولىدۇ؟ قانداق ھالەتتە كافىر بولمايدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش كۇفرىي مەسىلىسى ئوتتۇرىغا تاشلانسا، ئۇلار جەھمىيلەرنىڭ ئىمان ھەققىدىكى بۇزۇق ئەقىدىسىگە ئېغىپ، شۇ ئەقىدە ئاساسىدا: بىر كىشىنىڭ قەلبىدىكى تەسدىق ۋە ئىشەنچ مەۋجۇد بولىدىكەن، ئەمەلىيىتى قانداق بولۇپ كەتسۇن، ئېغىزىدىن ھەرقانداق كۇفرى سۆزنىڭ چىقىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ مۇئمىن ھېسابلىنىدۇ، دەيدۇ. ئۇلارغا: مۇنۇ ئادەم الله قا، الله نىڭ پەيغەمبىرى ﷺگە تىل تەككۈزگەنلىكى، الله نىڭ دىنىنى ھاقارەت قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ئاشكارا كۇفرى بىلەن كافىر بولار! دېيىلسە، ئۇلار شۇ ھامان: ئۇ ئادەم ئاشۇ كۇفرىنى دىلىدا ھالال ساناپتىمۇ؟! بىزنىڭ نەزىرىمىزدە ئەڭ مۇھىمى قەلبىنىڭ ساپ، ئېتىقادىنىڭ ساغلام بولىشى. بۇ ئۇنىڭ ئىچكى ئالەمدىكى مەسىلە ئەمەس، پەقەت تاشقى كۆرۈنۈشىدىكى كۇفرى بولۇپ، ئۇنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ قەلبىدە نېمە بارلىقىنى بىلىشكە بىز ئامالسىز. ئۇنىڭ سۆزى قەلبىدىكى كۇفرى ياكى ئىنكار قىلىشىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان سۆز بولمىسىلا، بۇ ئادەم مۇئمىن. ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى ھەرقانداق سۆز-ئىبارە سەۋەبلىك ئۇنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىش جائىز ئەمەس، دەيدۇ.

[1] ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ۋە باتىل قاراشلىرىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىگە «الإنتصار لأهل التوحيد (نۇسرەت ــ تەۋھىد ئەھلىگە مەنسۇپ)» دېگەن كىتابىمىزدا، ھەمدە «تهذيب شرح العقيدة الطحاوية (تاھاۋىيە ئەقىدىسى شەرھىسىنىڭ قىسقىچە ئىزاھاتى)» دېگەن كىتابلاردا ئايرىم-ئايرىم شەرئىي دەلىللەرنى كەلتۈرۈپ، تەپسىلىي بەھس يۈرگۈزگەندۇق. خالىسىڭىز شۇلارغا مۇراجىئەت قىلسىڭىز بولىدۇ.

ئەگەر ئۇلار بىلەن ئىمان مەسىلىلىرى مۇنازىرە قىلىنىپ: ئىنسان قايسى ھالەتتە مۇئمىن بۇلىدۇ؟ قايسى ھالەتتە مۇئمىن بولمايدۇ؟ دېيىلسە، ئۇلار كەررامىيە مۇرجىئەلىرىنىڭ ئەقىدىسىگە ئېسىلىپ: ھەقنى ئېغىزىدا ئىقرار قىلغان ئادەم مۇئمىن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى مۇناپىق، كافىر بولسۇن، قەلبىدە ئېتىقاد ۋە تەسدىق بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئېتىبارى يوق، دەيدۇ.[1] ئۇلارغا: مۇنۇ خۇداسىزلىق ئىدىيىسىدىكى كوممۇنىست كافىر سىلەرنىڭ تۇنجى پىشۋايىڭلار ئازغۇن جەھم ئىبنى سافۋاننىڭ پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندىمۇ كافىر ھېسابلىنامدۇ، دېيىلسە، ئۇلار: ئۇ

[1] ئەلۋەتتە، بۇ سۆزلەرنى پەرەز بىلەن ئوتتۇرىغا قويىۋاتقىنىمىز يوق، بەلكى ئۇنى شۇلارنىڭ يېقىنقى ۋاقىتلاردا كۆپىيىۋاتقان يازمىلىرى ھەمدە ئۇلار بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ باتىل پىكىرلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كەتكەنلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئەمەلىي مۇنازىرە-ئارىلىششلاردىن مەيدانغا كەلگەن مەلۇماتلار ئاساسىدا ئەينەن نەقىل قىلىۋاتىمىز.        بۇ يەردە ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى «لا إلهَ إلا الله ـ ئەقىدە، قانۇن ۋە ھايات يولى» دېگەن كىتابىدىكى ئاشۇلارنىڭ بىرى ھەققىدە ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى نەقىل قىلىشقا ئەرزىيدۇ: « ئىسلامىي ھەرىكەت رەھبەرلىك قاتلىمىدا تولىمۇ ياخشى، ئىسىل بىر ئادەم بولىدىغان. الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئەينى چاغدا قىلغان بىر ئېغىز سۆزىدىن ھېلىھەم ئەجەبلىنىمەن. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: ‹بىز لا إلهَ إلا الله دېگەن ھەر قانداق ئادەمنى كافىر دەپ قارىمايمىز، ھەتتا ئۇ كوممۇنىست بولغان تەقدىردىمۇ!› ھەي... بۇ سۆزنى قىلغۇچىغا الله رەھمەت قىلسۇن ۋە مەغپىرەت قىلسۇن.» ئويلىنىپ كۆرۈڭ، ئەجەبا كەررامىيە مۇرجىئەلىرىنىڭ مەزھىبىدىكى باتىل سۆزنى ئۆز ئەينى قىلىۋاتقان بۇ ئادەم ئىسلامىي ھەرىكەتنىڭ رەھبەرلىك ئورنىدىكى بىرەيلەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ ھەرىكەتنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ، دەلىل- ھۆججەتسىز ھالدا قارىغۇلارچە ئۇلارغا تەقلىد ئاساسىدا يول تۇتىدىغان ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولۇپ كېتەر- ھە!؟

ئەگەر تەنقىد قىلىش توغرا كەلسە، بىز بۇ يەردە مۇھەممەد قۇتۇب ئۇستازنى تەنقىد قىلمىزكى، ئۇ قانداقسىگە ھېلىقى دۇئا قىلىنغۇچى ئادەمگە رەھمەت-مەغپىرەتلەر بىلەن قايتا- قايتا دۇئا قىلىپ كېتىدۇ! ئېنىقكى، بۇ، ھېلىقى ئىسلامىي ھەرىكەت رەھبىرى بولۇپ تونۇلغان ئادەمنىڭ «ئۆمرىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ، لا إلهَ إلا الله دېگەنلىكى ئۈچۈن كومپارتىيە ئەزاسى بولغان تەقدىردىمۇ كافىر بولمايدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلىشتىن ئىبارەت ئېغىر خاتالىقى ۋە جىنايىتىگە سەل قارالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. توغرىسى، ئۇستاز ھېچبولمىغاندا ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇ رەزىل سۆزىنى نەقىل قىلغاندا، ئۇنى ماختىماستىن ۋە سۆكمەستىن، ئۇنىڭغا خەيرلىك دۇئامۇ، بەددۇئامۇ قىلماستىن بايان قىلىشى لازىم ئىدى.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ كەررامىيە مۇرجىئەلىرى ھەققىدە فەتۋالار توپلىمى(7-توم 548- بەت) دا مۇنداق دەيدۇ: «كەررامىيەلەر بولسا مۇھەممەد ئىبنى كەررامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئۇلار : ئىمان ـ قەلبتىكى ئەمەس، پەقەت تىلدىكى ئىقرار ۋە تەسدىقتىن ئىبارەت، دەپ قارايدۇ.» ئىبنى تەيمىيە بۇلارنى مۇرجىئەلەر قاتارىدا سانىغان. ئۇ يەنە شۇ ئورۇندا مۇرجىئەلەرنى 12 قىسىمغا ئايرىپ، ئۇلار ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم توختالغان.

«لا إلهَ إلا اللهُ» دەپ شاھادەت ئېيتىۋاتسا، «لا إلهَ إلا اللهُ» دەۋاتقان ئادەمنى قانداقسىگە كافىر دېگىلى بولسۇن؟! ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدىن ئىمانلىق ئىكەنلىكى چىقىۋاتسا، قانداقسىگە ئۇنى كافىر دېمەكچىسەن؟! بەندىلەرنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى پەقەت الله بىلىدۇ. بىز پەقەت سىرتىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇلغان، كىشىلەرنىڭ قورسىقىنى يېرىپ كۆڭۈللىرىدە نېمە بارلىقىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇلمىغان، دېيىشىدۇ.

ئۇلارغا ئاشكارا چوڭ كۇفرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بىر تاغۇت ھەققىدە سۆز قىلىنسا، ئۇلار جەھمىي ئەقىدىسى بىلەن ئېتىراز بىلدۈرىدۇ. قەلبىدىكى كۇفرىنى ۋە ئۇنى ھالال سانايدىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەۋاتقان بىر ئىبلاس تاغۇت ھەققىدە سۆز قىلىنسا، ئازغۇن كەررامىيە مۇرجىئەلىرىنىڭ ئەقىدىسى بىلەن پىكىر قىلىپ قويىدۇ.

دېمەك، ئۇلار دىنىنىڭ ئاساسىي ئۇلى ھېسابلىنىدىغان ئەقىدىدە بەئەينى يۇملاق تاۋۇزدەك تۇراقسىز بولۇپ، مۇستەھكەم بىر مەيدانغا ئىگە ئەمەس. ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشىدە ئاشكارا كۇفرىغا پاتقان ئادەمنى كۆرسە، ئىمان قەلبتە بولىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان جەھمىيلەرگە؛ تىلىدا تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى سۆزلەپ قويۇپ، ئىچكى ئالىمى پۈتۈنلەي دەھرىيلىك ئىدىيىسى بىلەن تولغان ۋە شۇ بويىچە ياشاۋاتقان ئادەمنى كۆرسە، ئىمان دېگەن ئىنساننىڭ تىلىدا بولىدۇ، دىلىنى پەقەت الله ئۆزى بىلىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان كەررامىيە مۇرجىئەلىرىگە ئۆزگىرەلەيدۇ.

بۇنداقلارنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنى بۇرمىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرۇشلىرى سەۋەبىدىن پۈتكۈل ئىسلام ئۇممىتى ۋە زامانىمىزدىكى ئىسلام دەۋتى ئەڭ رەزىل ۋە ئېچىنىشلىق بالايى كۈلپەتلەرگە دۇچار بولماقتا. ئۇلار بۇزۇق

پىكىرلىرىنى ئاددىي خەلقلەر ۋە نادان كىشىلەر ئارىسىدا راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، كۆپ چاغلاردا ئۇزلىرىنى سەلەفىيلەر ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە دەپ دەۋا قىلىپ، شۇ نام بىلەن سۆز قىلىشىدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقىي سەلەفىيلەر ۋە ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەنىڭ ئۇلار بىلەن ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىدىلىرى بىلەن خۇددى يۇسۇف ئەلەيھىسسالام قېنىنىڭ بۆرە بىلەن ئالاقىسى بولمىغىنىدەك قىلچىلىك ئالاقىسى يوق.

## *1- مەسىلە: تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئېغىزدا ئېلان قىلىشنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان بىرەر ئەمەل بارمۇ؟

بۇ ھەقتىكى ئەڭ توغرا قاراش ـــ تەۋھىد گۇۋاھلىقى ئېيتىشنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھېچقانداق ئەمەل يوق. پەقەت ئىلگىرى تەۋھىد گۇۋاھلىقى ئېيتقانلىقى نامەلۇم بىر ئادەم ناماز ئۆتەۋاتقان بولسا ئۇنىڭغا چوقۇم مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ ۋە ئۇ ئىسلامدا مۇئمىن-مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولىدىغان بارلىق ھوقۇق-ئىمتىيازلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ.

بۇ ھەقتە شەرىئەتتە ئېنىق كۆرسەتمە بار. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دىگەن:

" مَنْ صَلَّى صَلَاتَنَا، وَاسْتَقْبَلَ قِبْلَتَنَا، وَأَكَلَ ذَبِيحَتَنَا، فَذَلِكَ الْمُسْلِمُ الَّذِي لَهُ ذِمَّةُ اللَّهِ وَذِمَّةُ رَسُولِهِ "رواه البخاري

**«بىزنىڭ نامىزىمىزدەك ناماز ئۆتىگەن، قىبلىمىزگە ئالدىنى قىلغان، بوغۇزلىغان ماللىرىمىزنى يىگەن ئادەم الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ كېپىللىكىدىكى مۇسۇلماندۇر.»**

قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ «الجامع لأحكام القرآن» (قۇرئاندىكى ھۆكۈملەر توپلىمى) ناملىق تەپسىرى(8-توم 207-بەت)دە مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان پەقەت لا إله إلا الله ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدۇ، نامازدىن باشقا ھەرقانداق سۆز ۋە

ئەمەل تەۋھىد گۇۋاھلىقى ئېيتىشنىڭ رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئىسھاق ئىبنى راھەۋەيھ ئېيتىدۇكى: «ئۆلىمالار نامازغا بەرگەن ئېتىبارنى ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا بەرگەن ئەمەس، ئۇلار ھەممىسى، كافىر دەپ تونۇلغان بىر ئادەمنىڭ نامازلارنى قويماي ئۆتەۋەتقانلىقى بىلىنسە، ئۇنىڭ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى تىلىدا سۆزلىگەنلىكى نامەلۇم بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا چوقۇم ئىمان ئىگىسى دەپ ھۆكۈم قىلىنىدىغانلىقى، نامازدىن باشقا روزا، زاكاتقا ئوخشاش ھەر قانداق ئەمەل بىلەن ئۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولمايدىغانلىقى ھەققىدە بىرلىككە كەلگەن› ».

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن:

پەيغەمبەر ﷺ خالىد ئىبنى ۋەلىد ﷛نى بىر قەبىلە كىشىلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن. خالىد ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرغاندا، ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلماقچى بولۇپ، بۇنى ئىپادىلەشتە خاتالىشىپ «مۇسۇلمان بولدۇق» ياكى «ئىسلامغا كىردۇق» دېگەننىڭ ئورنىغا «دىنىمىزنى ئالماشتۇردۇق» دېگەن مەنىدىكى «سابەئنا.. سابەئنا ..» دېگەن سۆزنى قىلغىلى تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، بىر بۆلىكنى ئەسىر ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئىنتايىن قاتتىق ئەيىبلىگەن ۋە ئىنكار قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ شۇ سۆزىنىمۇ ھاياتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان سۆز دەپ ھېسابلىغان.

ئۇنداقتا بۇ ۋەقەلىك بىلەن ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان: ئىنسانغا تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئىقرار قىلىش ياكى نامازلارنى جايىدا ئۆتەشتىن باشقا ئەمەل بىلەن مۇسۇلمان دەپ ھۆكۈم قىلىنمايدۇ، دېگەن بۇ توقۇنۇشنى قانداق چۈشىنىمىز؟

بۇنىڭغا جاۋاب: ئىنساننى ئىسلامغا ئەكىرىدىغان سۆز ياكى ئەمەل بىلەن ئۇرۇش باشلانغان چاغدا ياكى بىر ئادەمگە قارىتا گۇمان تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۇنى قىلىچ ئۇرۇلۇشتىن ساقلاپ قالىدىغان سۆز ياكى ئەمەل ئەلۋەتتە پەرقلىق بولىدۇ. ئىنساننىڭ نېمە بىلەن ئىسلامغا كىرىدىغانلىقى بايان قىلىنىپ بولدى. ئەمدى ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇلماسلىقىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارغا كەلسەك، شۇ كىشىنىڭ ئىسلامغا كىرمەكچى ئىكەنلىكىنى ياكى ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ھەرقانداق سۆز-ئىبارە ياكى ئەمەل-ئىشارە، ھەتتا «السَّلامُ عَلَيْكُم وَرَحْمَةُ اللهِ» دېگەن مۇسۇلمانلارغا خاس سالام سۆزىمۇ ئۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. اللہ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓاْ إِذَا ضَرَبۡتُمۡ فِي سَبِيلِ ٱللَّهِ فَتَبَيَّنُواْ وَلَا تَقُولُواْ لِمَنۡ أَلۡقَىٰٓ إِلَيۡكُمُ ٱلسَّلَٰمَ لَسۡتَ مُؤۡمِنٗا تَبۡتَغُونَ عَرَضَ ٱلۡحَيَوٰةِ ٱلدُّنۡيَا فَعِندَ ٱللَّهِ مَغَانِمُ كَثِيرَةٞۚ كَذَٰلِكَ كُنتُم مِّن قَبۡلُ فَمَنَّ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ فَتَبَيَّنُوٓاْۚ إِنَّ ٱللَّهَ كَانَ بِمَا تَعۡمَلُونَ خَبِيرٗا ﴿٩٤﴾ ﴾

**﴿ئى مۆمىنلەر! اللہ يولىغا (يەنى غازاتقا) ئاتلانغان ۋاقىتىڭلاردا ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار (يەنى مۇئمىن ياكى كافىرلىقى ئېنىق بولغۇچە ئۆلتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمەڭلار)، سىلەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سالام بەرگەن ئادەمگە ـ دۇنيانىڭ مال ـ مۈلكىنى (غەنىيمەتنى) كۆزلەپ ـ سەن مۇئمىن ئەمەسسەن، دېمەڭلار (يەنى ئۆلۈشتىن قورقۇپ سالام بەردىڭ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەڭلار)، اللہ نىڭ دەرگاھىدا (مۇنداقلارنى ئۆلتۈرۈشتىن سىلەرنى بىھاجەت قىلىدىغان) نۇرغۇن**

**غەنیمەتلەر (يەنى ساۋاب) بار، ئىلگىرى سىلەرمۇ ئەنە شۇنداق (كافىر) ئىدىڭلار، كېيىن الله سىلەرگە ئىماننى ئىلتىپات قىلدى، (ئۇلارنى ئۆزەڭلارغا سېلىشتۇرۇپ) ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر. ﴾** [نسا: 94]

بۇ ئايەتتىكى ﴿فَتَبَيَّنُوا﴾ (ھەقىقەتلەپ ئىش قىلىڭلار) يەنى ھەقىقى ئەھۋالنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ۋە ئېنىق بىكىتىپ ئاندىن ئىش قىلىڭلار، دېگەن بۇ بۇيرۇقنىڭ تەكرارلىنىشى بۇ ئىشنىڭ نەقەدەر ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش ۋە تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

بىر ئىنساننىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكى ياكى ئۇنىڭ ئىسلامغا كىرىش قىزغىنلىقىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز-ئىبارىلەر باشقا مۇسۇلمانلارنى ھەقىقەت ئېنىق بولغۇچە ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن چەكلەپ قويىدۇ. بۇنىڭ ئىنساننى ئىسلامغا كىرگۈزىدىغان ئۆلچەملىك ئىبارە بولۇشى شەرت ئەمەس. بۇنى دىققەت بىلەن ئايرىپ چۇشىنىڭ!

بۇ خىلدىكى سۆز-ئىبارىلەر كۇفرى دىيارىدىكى يات بىر ئادەمدىن مۇسۇلمان كىشىلەرگە قارىتىپ ئېيتىلسا، ئۇنىڭغا قارىتا مۇسۇلمانلار ياخشى گۇمان قىلىشقا ۋە ئالدىراپ كافىر دەپ ھۆكۈم قىلماسلىققا مەئمۇر. چۈنكى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ سالمىقى شەرئەتتە ئۆلتۈرۈش ۋە قەتلى قىلىش بىلەن باراۋەر. پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: "تَكْفِيْرُ الْمُسْلِم كَقَتْلِه ". **«مۇسۇلماننى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىش ئۇنى ئۆلتۈرگەنگە باراۋەر.»**

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

" إذَا قَالَ الرَّجُلُ لِأَخِيْه: يَا كَافِر فَهُوَ كَقَتْلِهِ ".متفق عليه

**«بىر ئادەم قېرىندىشىغا: ھوي كافىر، دېسە، بۇ ئۇنى قەتلى قىلغان بىلەن ئوخشاش.»**

"قَتْلُ الْمُؤْمِنِ أَعْظَمُ عِنْدَ اللهِ مِنْ زَوَالِ الدُّنْيَا ".أخرجه النسائي وغيره

**«بىر مۆئمىن كىشىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش اﷲ نىڭ نەزىرىدە جاھاننىڭ يوقالغىنىدىن كاتتا ئىشتۇر.»**

شۇنىڭ ئۈچۈن بىراۋنىڭ ھەقىيقى ئەھۋالىنى، ئۇنىڭ سەممىيىتىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرماستىن ئۇنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ئالدىرىغانلىق ھەقىقى ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرمەي ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە، قېنىنى ناھەق تۆكۈشكە ئالدىرىغان بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش. چۈنكى مۇسۇلماننى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىۋېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان يامان ئاقىۋەتنىڭ خەتىرى ئۇنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكۈشنىڭ ئاقىۋېتىدىن ھېچ پەرقلەنمەيدۇ.

## *2- مەسىلە: باشقا بىر سەۋەبتىن كافىر بولغۇچىنى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى سۆزلەش ئىسلامغا ئەكىرەلەمدۇ؟

جاۋاب: تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى سۆزلىمەسلىكتىن باشقا بىر ئامىل بىلەن مەسىلەن: دىنىدىكى كەسكىن مەلۇم بولغان بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلغانلىغا ئوخشاش ئامىل بىلەن كافىر بولغان ئادەم، ئۇنىڭ كافىر بولىشىغا ياكى ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان شۇ ئىشنى تاشلاپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلمىغۇچە، ئۇنىڭ تەۋھىد گۇۋاھلىقى بېرىشى ۋە ئۇنى سۆزلەپ يادلاپ بېرىشى ھەرگىزمۇ ئۇ ئادەمنى ئىسلامغا ئەكىرەلمەيدۇ.

مىسال قىلىپ ئېيتساق: بىر ئادەم بىلىپ تۇرۇپ، «رامىزان روزىسىنى پەرز ئەمەس ياكى شەرىئەتتە رامىزاندا روزا تۇتىدىغان ئىش يوق» دېگەن بولسا، بۇ

گېپى بىلەن شەكسىز كافىر بولىدۇ. بۇ ئادەم رامىزان روزىسىنىڭ پەرزلىكىگە تېنىشتىن ئىبارەت بۇ كۇفرانە قىلمىشتىن پاكلانمىغۇچە، تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى سۆزلەش ئۇنى كافىرلىقىن قۇتۇلدۇرۇپ ئەچىقالمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ كافىر بولىشى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى سۆزلىمەسلىكىدىن بولغان ئەمەس. ئۇ تەۋھىد شاھادىتىنى رامىزان روزىسىنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئالدىدىمۇ، كەينىدىمۇ سۆزلەۋاتقان ئەمەسمۇ؟!

مۇشۇ مەندىن ئېلىپ ئېيتقاندا، الله نىڭ شەرىئىتىنى توقۇلما پۈچەك قانۇن-تۈزۈملەرگە ئالماشتۇرغان، الله نىڭ دوستلىرى ۋە دىنىغا قارشى ئۇرۇش ئېچىۋاتقان بىر چۈپرەندە تاغۇتنىڭ بۇ قىلمىشى بىلەن كافىر بولىدىغانلىقىدا شەك-شۈبھە يوق. ئەمما ئۇ ئۆز ئادىتى بويىچە، قەدەمدە بىر شاھادەت ئېيتقان بىلەن ھەرگىز مۇسۇلمان بولۇپ قالمايدۇ. چۈنكى ئۇ ھېلىھەم ئىسلامدىن چىقىشىغا سەۋەب بولغان كۇفرىي ئەمەلىنىڭ پاتقىقىغا مىلىنىپ تۇرماقتا. بۇنداقلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ قوبۇل بولۇپ يېڭىدىن ئىسلامغا كىرىشى ئۈچۈن، تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئېغىزىدا سۆزلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىپ كافىر قىلىپ تاشلىغان ئامىلدىن ئەمەلىيەتتە پاكلىنىشى ۋە شۇ جىنايىتىدىن ئادا-جۇدالىقىنى ئېلان قىلىپ، سەممىي تەۋبە قىلىشى لازىم.

ئىنساننىڭ دىنىدىن چىقىپ كافىر بولىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىللارنىڭ قالغان كۆرۈنۈشلىرى يۇقىرىقى مىسالغا قىياس قىلىنسا بولىدۇ.

ئەبۇ بەكرى ﵁ دەۋرىدە، ئەبۇ بەكرىدىن باشلاپ پۈتكۈل ساھابىلەر زاكاتنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ «لا إله إلا الله» دېيىشلىرى، «محمد رسول الله» دەپ شاھادەت ئېيتىشلىرىغا قارىماستىن ئۇلارنى مۇرتەد دەپ ھۆكۈم قىلىپ،

ئۇلارغا قارشى جىهاد ئوتى ئاچقان.

ئۇستاز كەشمىرىي «إِكْفَارُ الْمُلْحِدِين» (دەھرىيلەرنىڭ كافىرلىقىنى ئىسپاتلاش) دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىر ئادەم مەست قىلغۇچى ئىچىملىكنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە ئوخشاش كەسكىن بىر ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىپ كافىر بولغان بولسا، قايتا ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن چوقۇم ئۆزى ئېتىقاد قىلىۋالغان شۇ ئىشتىن پاكلانمىقى لازىم. چۈنكى ئۇ شۇ ھۆكۈمنى ئىنكار قىلىۋاتقان ھالىتىدىمۇ ئىككى گۇۋاھلىقنى سۆزلەۋاتقان ئىدى. مۇبادا ئۇ ئادەم الله نىڭ ھۆكمىنى ئىنكار قىلغان ھېلىقى سۆزىدىن قايتمىسا، ئۇنىڭدىكى كۇفرىي ئامىل يوقىمايدۇ-دە، ئېيتقان شاھادىتى ئۇنى ئىسلامغا ئەكىرەلمەيدۇ.»

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى الله قا كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىدىكەنۇ، ئەمما، پەيغەمبەرلەرنىڭ، سالىھ بەندىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى چاقىرىپ، ھاجەتلىرىنى شۇلاردىن تىلەپ دۇئا قىلىدىكەن. شۈبھىسىزكى بۇ ئادەم ئىككى ئىلاھقا بەندىچىلىك قىلغان بولىدۇ-دە، ھەرگىزمۇ « لا إله إلا الله (الله تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ يوق)» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولمايدۇ. چۈنكى، ئىلاھ دېگەن دۇئا قىلىنغۇچىدۇر. يەنە كىمكى بىراۋنى پەيغەمبەرﷺنىڭ مەرتىۋىسىگە كۆتۈرىۋالسا شۈبھىسىز كافىر بولىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇنىڭ قېنى ھالال بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى گۇۋاھلىقى ۋە نامازلىرى ئۇنى ئىسلامغا ئەكىرەلمەيدۇ».

ئۇستازنىڭ بۇ سۆزىدىكى مەقسىتى: شۇ كىشىنىڭ ئىسلامدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان ئىشتىن پاكلانمىغۇچە، تىلىدا شاھادەت ئېيتىشلىرىنىڭ مەنپەئەتسىز ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كافىرلىق، مۇرتەدلىك ھۆكۈملىرىنى ئەمەلدىن

قالدۇرالمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشتىن ئىبارەت.

## ئىككىنچى شەرت: تاغۇتنى ئىنكار قىلىش

تاغۇتنى ئىنكار قىلىش تەۋھىدنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بولۇپ، بەندە ئىچى ۋە سىرتىدا مۇكەممەل ھالدا تاغۇتنى ئىنكار قىلمىسا، ئۇنىڭدا ئىمانمۇ، تەۋھىدمۇ بولمايدۇ. بۇ شەرتنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر تۆۋەندىكىچە:

الله تائالا ئېيتىدۇ:

﴿فَمَن يَكۡفُرۡ بِٱلطَّٰغُوتِ وَيُؤۡمِنۢ بِٱللَّهِ فَقَدِ ٱسۡتَمۡسَكَ بِٱلۡعُرۡوَةِ ٱلۡوُثۡقَىٰ لَا ٱنفِصَامَ لَهَاۗ وَٱللَّهُ سَمِيعٌ عَلِيمٌ ﴿٢٥٦﴾﴾

**﴿كىمكى تاغۇت (يەنى الله تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، الله قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، الله (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.** [بەقەرە: 256]

ئەھلى ئىلىم ۋە مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «مۇستەھكەم تۇتقۇ»نى لا إله إلا الله گۇۋاھلىقى، دەپ چۈشەندۈرگەن. ئۇنداقتا ئايەتنىڭ مەزمۇنى شۇكى: كىمدە-كىم ئەۋۋەل تاغۇتنى ئىنكار قىلسا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەگەشتۈرۈپ الله قا ئىمان كەلتۈرسە، ئۇ ئادەم شۈبھىسىز مەھكەم تۇتقۇ لا إلهَ إلا الله نى تۇتقان ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئەمما تاغۇتنى ئىنكار قىلمىغان بولسا، الله قا ئىمان كەلتۈرگەن تەقدىردىمۇ، يەنىلا مەھكەم تۇتقۇنى تۇتمىغان، «لا إله إلا الله» قا

ئگە بولمغان بولدۇ، ئۇنىڭ ھەقلرىگە رىئايە قىلمىغان، شەرتلىرىنى ئورۇندىمىغان بولدۇ.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى اللە نىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان ھەمدە شەيتان ئۇنىڭغا چاقىرىدىغان باتىل خۇدالار ۋە بۇتلاردىن ئايرىلىپ، اللە نى بىردىنبىر ھەق ئىلاھ دەپ تونۇپ، پۈتكۈل ئىبادەتنى اللە ئۈچۈنلا قىلىپ، ‹اللە تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق› دەپ گۇۋاھلىق بەرسە، ئاندىن ﴿**ئۇ سۇنماس مەھكەم تۇتقۇنى تۇتقان بولىدۇ.**﴾ يەنى ھەق ئۈستىدە قارار تاپقان، توغرا دىندا مۇستەھكەم تۇرغان ۋە تۈز يولدا راۋرۇس ماڭغان بولىدۇ، ئۆز دىنىدا ئەڭ كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ. تەۋھىدنىڭ سۇنماس مەھكەم تۇتقىغا ئوخشىتىلىشى ــ ئۇنىڭ ئۆز-ئۆزىدىن مۇستەھكەم ۋە ئۆزگەرمەس ھەقىقەت ئىكەنلىكى، ئىنساننىڭ شۇنىڭغا لايىق ھالدا تەۋھىدكە باغلانغان چېغىدىلا ئاندىن نىجادلىق تاپالايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.»

مۇجاھىد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دېگەن: «مەھكەم تۇتقۇ ــ ئىمان دېگەنلىكتۇر».

سەئىد ئىبنى جۇبەير بىلەن زاھھاك قاتارلىقلار:« ئۇ بولسىمۇ ‹لا إله إلا الله› دۇر» دېگەن. اللە قا ھەمدىلەر بولسۇنكى، بۇ سۆزلەر ئارىسىدا ھېچقانداق توقۇنۇش يوق.

قۇرتۇبىي رەھىمەھۇللاھ تەفسىرىدە مۇنداق دېگەن: «اللە تەئالانىڭ ﴿فَمَنْ يَكْفُرْ بِالطَّاغُوتِ وَيُؤْمِن بِاللّهِ **(كىمكى تاغۇتنى ئىنكار قىلىپ، اللە قا ئىمان ئېيتىدىكەن)**﴾ دېگەن سۆزىدىكى ئىككى پېئىل ئەرەب تىلى قائىدىسى بويىچە، شەرت سەۋەبلىك ساكىن ئوقۇلغان بولۇپ، ‹ف› بىلەن باشلانغان ﴿فَقَدِ

اسْتَمْسَكَ بِالْعُرْوَةِ الْوُثْقَى (ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقنى تۇتقان بولىدۇ) ﴾دېگەن جۈملە شەرتىنىڭ جاۋابىدۇر».

الله تائالا يەنە مۇنداق دېگەن:

﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ ٱعْبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجْتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَ ﴾

**﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق﴾.** [نەھل : 36]

مانا بۇ ئىككى ئاساس تارىختىن بۇيان الله تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بارلىق پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ رىسالەت ۋەزىپىسىنىڭ مەزمۇنى بولۇپ كەلگەن. ئۇ يەنە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ ئىزىدىن يول تۇتۇپ ماڭغان ھەق دەۋەتچىلىرىنىڭ غايىسى شۇنداقلا، دەۋەتنىڭ ئۆزگەرمەس نىگىزىدۇر.

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىندۇ:

" مَنْ قَالَ لا إِلـهَ إِلا الله وَكَفَرَ بِمَا يُعْبَدُ مِنْ دُونِ اللهِ حَرُمَ مَالُهُ وَدَمُهُ وحِسَابُهُ عَلى الله " رواه مسلم

**« كىمكى ‹ لا إله إلا الله › دەپ، <u>الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان مەبۇدلارنى ئىنكار قىلسا</u>، ئۇنىڭ مېلى ۋە قېنى هارام بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالغان ھېسابىنى الله ئالىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ بۇ ھەدىستىكى «الله تىن ئۆزگە ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى ئىنكار قىلسا» دېگەن سۆزى لا إله إلا الله نىڭ «تاغۇتنى ئىنكار قىلىش» شەرتىنى كۆرسىتىدۇ.

مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىشى مۇمكىن: لا إله إلا الله كەلىمىسىنىڭ «ھېچكىم ئىلاھ ئەمەس» دېگەن مەنىدىكى «لا إله» دېگەن بۆلىكى تاغۇتنى

ئىنكار قىلىش مەزمۇنىنى ئىپادىلەيدىغان تۇرسا، بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنى قايتا تىلغا ئېلىشىدا نېمە ھېكمەت بار؟

جاۋاب: بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇ ئاساسنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت. ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىستىكى ‹اللّٰه تىن باشقا ئىبادەت قىلىنىدىغان مەبۇدلارغا كافىر بولسا› دېگەن سۆزىدىن تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئالاھىدە تەكىتلىنىشۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. دېمەك؛ ئىنسان بۇنىڭسىز قېنى، مېلى قوغدىلىدىغان سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. شۇنىڭدەك بۇ ئاساسنى بەرپا قىلىشتىن ئىككىلەنسە ياكى ئۇنىڭدىن شەك قىلسىمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭ قېنى، مېلى قوغدالمايدۇ. بىلگىنكى، بىر ئىنسان تاغۇتنى ئىنكار قىلمايدىكەن، مەڭگۈ اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرگۈچى بولالمايدۇ. بۇنىڭ دەلىلى اللّٰه تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى: **﴿كىمكى تاغۇت (يەنى اللّٰه تىن باشقا بارچە مەبۇد) نى ئىنكار قىلىپ، اللّٰه قا ئىمان ئېيتىدىكەن، ئۇ سۇنماس، مەھكەم تۇتقىنى تۇتقان بولىدۇ، اللّٰه (بەندىلىرىنىڭ سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ئىشلىرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر﴾.** »

بۇنداق ئادەمنىڭ قېنى ۋە مېلىنىڭ قوغدالماسلىقى تىلىدىن «لا إله إلا الله»نى چۇشۇرمەيدىغان ئەمما تاغۇتنى ئىنكار قىلمىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدىغانلىقىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر. ئۇ خۇددى بىر گەپنى ئېغىزىدا دەۋاتقان، شۇ گەپنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئەكسىنى ئەمەلىيىتىدە قىلىۋاتقان بىر ئادەم بولۇپ قالىدۇ. تىلىدا «لا إله إلا الله» (اللّٰه تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ يوق) دەۋاتقان، يەنە شۇ پەيتتە اللّٰه نى قويۇپ ياكى اللّٰه قا قېتىپ باشقا مەبۇدلارغا ئىبادەت

قىلىشۋاتقان. بۇنداق ھالەتتىن اللّٰه ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

بىز ئىلگىرى ئىمان بىلەن كۇفرى ۋە تەۋھىد بىلەن شىرىكنىڭ بىر ئىنسان ۋۇجۇدىدا بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەزمۇن ھەققىدە توختىلىپ، پەيغەمبەر ﷺنىڭ «**ئىمان بىلەن كۇفرى بىر ئىنسان قەلبىدە جەم بولمايدۇ**» دېگەن ھەدىسىنى شەرھىلەپ ئۆتكەن.

**سوئال: تەۋھىد گۇۋاھلىقى «لا إله إلا الله» كەلىمىسىدە ھەمدە ئۇنى شەرھىلەيدىغان ئايەتلەردە نېمە ئۈچۈن نەفىي(ئىنكار) مەزمۇنى ئىسبات مەزمۇنىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ؟ بۇنىڭدىكى ھېكمەت نېمە؟**

جاۋاب: تەۋھىد گۇۋاھلىقى ۋە ئۇنى تەپسىرلەپ بېرىدىغان ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ كۆپىنچىسىدە تاغۇتنى ئىنكار قىلىش مەزمۇنى اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرۈش مەزمۇنىنىڭ ئالدىدا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدا نۇرغۇن مۇھىم مەقسەد ۋە ئۇلۇغ ھېكمەتلەر بار. شۇنىڭ جۈملىسىدىن؛

* تەۋھىد بەرپا قىلىشتا بۇ تەرتىپكە رىئايە قىلمىغان ئادەم شىرىك بىلەن تەۋھىدنى، تاغۇتقا ئىبادەت قىلىش بىلەن اللّٰه قا ئىبادەت قىلىشنى بىر ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ بىر ۋۇجۇدىدا تەڭ ئورۇندىماقچى بولغان بولىدۇ. بۇ دەل اللّٰه قىمۇ ئىبادەت قىلىدىغان، اللّٰه نىڭ غەيرىگىمۇ چوقۇنىدىغان مۇشرىكلارنىڭ دىنى بولۇپ، ئۇلار اللّٰه قا مۇشرىكلىك ھالەتتە ئىمان كەلتۈرىشەتتى. اللّٰه تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَا يُؤْمِنُ أَكْثَرُهُم بِٱللَّهِ إِلَّا وَهُم مُّشْرِكُونَ ﴿١٠٦﴾﴾

**﴿ئۇلارنىڭ تولىسى اللّٰه قا شېرىك كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئىشىنىدۇ (يەنى اللّٰه نى ياراتقۇچى، رىزىق بەرگۈچى دەپ ئىقرار قىلىش ۋە بەزى**

**ئىبادىتىنى اللّٰه قا قىلىش بىلەن بىللە، بۇتلارغىمۇ چوقۇنىدۇ).﴾** [يۇسۇف : 106]

* ئەگەر بۇ تەرتىپكە رىئايە قىلىنمىغاندا، ئىنسانىنىڭ اللّٰه ئۈچۈن قىلغان پۈتكۈل تائەت-ئىبھسانلىرى ۋە جاپالىق ئىبادەتلىرىنىڭ اللّٰه نىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولماستىن، بىكار بولۇپ كېتىدىغان يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى ئىنسان بۇ ئەھۋالدا شىرىكتىن پاكلانماي، تاغۇتقا ئىبادەت قىلىشتىن ئادا-جۇدا بولماي ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولماي تۇرۇپ اللّٰه قا تائەت-ئىبادەت قىلىشقا يۈزلەنگەن بولىدۇ. بىز كىتابىمىزنىڭ بېشىدا، شىرىكنىڭ بارلىق ئەمەللەرنى ھەبەتە قىلىۋېتىدىغانلىقى، شىرىك كەلتۈرگەن ئادەمنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنىڭ ئۇنى دەۋزەختىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە ئەكىرەلمەيدىغانلىقى ھەمدە مۇشرىكلىكنىڭ ئەمەللەرنى اللّٰه نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەپ مەقبۇل بولۇشتىن توسۇپ قالىدىغان مەزمۇت سېپىلغا ئوخشايدىغانلىقى توغرىسىدا توختىلىپ بولغان. ①

دېمەك، تاغۇتقا كافىر بولماي ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن ئۇزۇلمەي تۇرۇپ شۇنداقلا تاغۇتتىن ۋە ئۇنىڭ قوشۇن-پارتىيىلىرىدىن ئايرىلماستىن، كۈندىلىك تۇرمۇشىغا ناماز، روزا، زاكات، ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى قېتىۋېلىپ كېتىپ بارغان كىشىلەرنىڭ ئىبادەتلىرى ھەرگىزمۇ ئۇلارغا نىجادلىق ئېلىپ

① ئەقلى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، نىجاسەت بىلەن بۇلغانغان بىر قاچىغا پاك ھەسەلنى قاچىلىماقچى بولغان ئادەم ئەلۋەتتە ھەممىدىن بۇرۇن قاچىنى پاكىزلايدۇ. كۆڭلىدە قاچىغا يۇقۇپ قالغان نىجاسەتكە قارىتا قىلچىلىك غۇم ۋە گۇمان قالمىغۇدەك دەرىجىدە قاچىنى پاكىزلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭغا ھەسەلنى قاچىلايدۇ-دە، بۇ ھەسەل قىممىتى بار نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئەمما بۇلغانغان قاچىغا شۇ پېتى ھەسەلنى ئۇسسىدىغان بولسا، قاچىدىكى ھەسەل كېرەكسىز نەرسە بولۇپلا قالماي بەلكى نىجاسەتكە تەۋە بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، جاھىلىيەتتىكى بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدى كۇفرى- شىرىك نىجاسەتلىرى ۋە جاھىلىيەتنىڭ تۈرلۈك كىر-مەينەتلىرى بىلەن بۇلغانغان بولىدۇ. ئىمان-تەۋھىد بولسا اللّٰه نىڭ نۇرى بولۇپ، ئىنسان ۋۇجۇدى ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شۇنىڭغا لاياقەتلىك بىر سالاھىيەتكە ئىگە بولىشى لازىم، ئۇ بولسىمۇ، ئىنساننىڭ تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ۋۇجۇدىنى كۇفرى ۋە شىرىكنىڭ نىجاسەتلىرىدىن پاكلىشىدۇر. بۇنىڭسىز اللّٰه قا ئىمان كەلتۈرىمەن، ناماز ئۆتەيمەن دېگەن ئادەم نىجىس قاچىغا ھەسەل ئالغاندىن بەتتەر ئەخمەقانە ئىش قىلغان بولىدۇ. ـــــ ت.

كەلمەيدۇ ۋە مەقبۇل بولمايدۇ. بۇ ئىبادەتلەر ئۇلارغا دۇنيادا جاپا-مۇشەققەت، ئاخىرەتتە — پۇشايمان پايدا بەرمەيدىغان كۈندە ھەسرەت-نادامەت ۋە زىيانكارلىق ئېلىپ كېلىدۇ، خالاس.

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «بىر كىشى اللە قا كېچە-كۈندۈز ئىبادەت قىلىدىكەنۇ، ئەمما پەيغەمبەرلەرنىڭ، سالىھ بەندىلەرنىڭ قەبرىلىرىگە بېرىپ ئۇلارنى چاقىرىپ، ھاجەتلىرىنى شۇلاردىن تىلەپ دۇئا قىلىدىكەن. شۈبھىسىزكى ئۇ بۇ ھالىتىدە ئىككى ئىلاھقا بەندىچىلىك قىلغان بولىدۇ-دە، ھەرگىزمۇ «لا إله إلا الله» (اللە تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ يوق) دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن بولمايدۇ. چۈنكى ئىلاھ دېگەن دۇئا قىلىنغۇچىدۇر... مۇشرىكلارنىڭ زۇبەير، ئابدۇلقادىر جىيلانى قاتارلىق سالىھ كىشىلەرنىڭ قەبرىلىرى ئالدىدا قىلىۋاتقان ئىشلىرى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر... اللە ئۈچۈن مىڭ قېتىم قۇربانلىق قىلىپ، ئاندىن بىر پەيغەمبەر ئۈچۈن ياكى باشقا بىر كىم ئۈچۈن بىر قېتىم قۇربانلىق قىلسا، ئۇنداق ئادەم ئۆزىگە ئىككى ئىلاھنى تىكلىگەن بولىدۇ. اللە ئېيتىدۇ: ﴿قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ لاَ شَرِيكَ لَهُ﴾ **﴿ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللە نىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر...»﴾** »

## تاغۇت ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى:

يۇقىرىقىلاردىن تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنىڭ ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكىنىڭ دەلىللىرىنى تونۇپ يەتتۇق. تۆۋەندە، كىملەرنىڭ تاغۇت دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ كىرمەيدىغانلىقىنى

تونۇۋېلىشىمىز ھەمدە تاغۇتنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ قايسى سۈپەتلەرگە ئىگە بولىشى لازىملىقىنى بىلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن، تاغۇت ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسى ۋە تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ھالەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىمىز.

تاغۇت دېگىنىمىز: ئىبادەتلەرنىڭ مەلۇم بىر قىسمى بىلەن بولسىمۇ، الله نىڭ ئورنىدا ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە ئىبادەت قىلىنىدىغان بارلىق شەيئىلەرنى، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئىبادىتىگە رازى بولغۇچى كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ.[1]

ئۇنداقتا، الله تىن ئۆزىگە رۇكۇ-سەجدە بىلەن، قۇربانلىق قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان شەخس ياكى شەيئىي ــ تاغۇت!

الله تىن ئۆزگە، ھاجەتلەرنى تىلەپ دۇئا قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان شەخس ياكى شەيئىي ــ تاغۇت!

الله تىن باشقا قورقۇش-ئەيمىنىش ۋە ئۈمىد قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان شەخس ياكى شەيئىي ــ تاغۇت!

الله تىن باشقا، چىقارغان بۇيرۇق-چەكلىمىلىرىگە ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش بىلەن، ئەرز- شىكايەتلەرنى تەڭلەپ ھۆكۈم تەلەپ قىلىش ۋە چىقارغان ھۆكۈمىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئىبادەت قىلىنىدىغان شەخس ياكى شەيئىي ــ تاغۇت!

[1] بۇ ئورۇندا رازىلىقنىڭ قەيت قىلىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق الله نىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىۋاتقان پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر ۋە الله نىڭ سالىھ بەندىلىرى تاغۇت دەپ ئاتىلىشتىن ۋە ھۆكۈم قىلىنىشتىن ساقلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار ھېچقاچان ئۆزلىرىنىڭ الله ئورنىدا ياكى الله قا قېتىلىپ ئىبادەت قىلىنىشىغا رازى بولغان ئەمەس. بەلكى ئۇنى قاتتىق يامان كۆرۈپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۇنى چەكلىگەن. بۇ ھالەتتە، پەقەت ئۇلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۇلۇغلاپ ئىلاھ قىلىۋالغان ياكى بەزى ئىبادەتلەرنى ئۇلارغا تەسەررۇپ قىلىۋاتقان مۇشرىكلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ شىرىك ئەقىدىلىرى، باتىل ئىبادەتلىرىدىن ئادا-جۇدا بولىمىز ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىمىز. ئەمما ئۇلار ئىلاھ قىلىۋالغان ئۇ شەخسلەرنى بولسا الله بەلگىلىگەن مەنزىلىدە قويۇپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋەتمەي ياكى چۈشۈرۈۋەتمەي الله ئۈچۈن ياخشى كۆرىمىز، دوست تۇتىمىز ۋە ھۆرمەتلەيمىز.

ﷲ تىن باشقا ھەرقانداق بىر شەخس ياكى شەيئىي بەندىلەر تەرىپىدىن زاتى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈلسە، ئۇنىڭ يولىدا دوستلۇق-دۈشمەنلىك ئورنىتىلسا شۇبھىسىز ئۇمۇ تاغۇتتۇر!

ئىتائەت ۋە بويسۇنۇش پەقەت ﷲ ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىبادەت. ﷲ تىن غەيرىگە پەقەت شەرىئەتتە كۆرسىتىلگىنى بويىچە ﷲ ئۈچۈن ئىتائەت قىلىنىدۇ. ﷲ قا ئاسىي بولىدىغان ئىشتا ھەرقانداق بەندىگە ئىتائەت قىلىشقا بولمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ﷲ تىن باشقا زاتى ئۈچۈن ئىتائەت قىلىنغۇچىلار ھەممىسى تاغۇتتۇر. بۇ قاتارغا ﷲ تەئالانىڭ زېمىندىكى ئىلاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلىۋاتقان كافىر ۋە زالىم ھۆكۈمرانلار، ئۇلارنىڭ باتىل ھاكىمىيىتىنى كىشىلەرگە يوللۇق ۋە چىرايلىق كۆرسىتىپ بېرىدىغان ساھىرلار — پوپ، راھىپ ۋە موللا-ئىشانلار ھەمدە تۈرلۈك پارتىيە- گورۇھلارنىڭ رەئىس-كاتىپباشلىرى كىرىدۇ. كىمكى ئۇلارغا زاتى ئۈچۈن ئىتائەت قىلىدىكەن، بىلىپ قىلسۇن ياكى بىلمەي قىلسۇن، شەكسىز ئۇ تاغۇتقا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

ئۆزىنى ئەركىن دۇنيادا ئازات ياشاۋاتىمەن، دەپ چاغلايدىغان نۇرغۇن كىشىلەر ھەقىقەتتە تاغۇتلارنىڭ چوقۇنغۇچىلىرى، قەدىر-قىممىتى ئۆزىدىنمۇ تۆۋەن تۇرىدىغان بەندىلەرگە بەندە بولۇپ ياشىغۇچىلاردۇر.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتۋالار توپلىمى (28- توم 200- بەت) دا مۇنداق دەيدۇ: «بەندىلەر تەرىپىدىن ﷲ نىڭ ئورنىدا مەئبۇد قىلىنغۇچى ئەگەر بۇنى يامان كۆرمىسە تاغۇت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ بۇتلارنى تاغۇتلار دەپ ئاتىغان. "وَيَتْبَعُ مَنْ يَعْبُدُ الطَّوَاغِيْتَ الطوَاغِيْت" ‹...**تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئۆزىنىڭ تاغۇتلىرىغا ئەگىشىدۇ...**›

ﷲ قا ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىنغۇچى، توغرا يول، ھەق دىندىن باشقىغا كىشىلەرنى چاقىرىپ ئۆزىگە ئەگەشتۈرگۈچى مەيلى ئۇنىڭ ﷲ نىڭ كىتابىغا قارشى سۆزلىرى قوبۇل قىلىنسۇن ياكى ﷲ نىڭ پەرمانلىرىغا زىت بويرۇقى ئىجرا قىلىنسۇن ئوخشاشلا تاغۇت بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈم تەلەپ قىلىنغاندا ﷲ نىڭ كىتابىدىن باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلىدىغان كىشى قۇرئان كەرىمدە تاغۇت دەپ ئاتالغان. ﷲ تەئالا فىرئەۋن بىلەن ئاد قەۋمىنىمۇ تاغۇتلار دەپ ئاتىغان. »

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاغۇت بولسا بەندىلەر ھەددىدىن ئاشۇرۇپ ئۇلۇغلىۋالغان ھەرقانداق مەئبۇدنى، ياكى ئۇلار شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان، ئەگىشىدىغان كاتتىباشلارنى كۆرسىتىدۇ. ھەرقانداق قەۋمنىڭ ﷲ ۋە ﷲ نىڭ پەيغەمبىرىدىن يۈز ئۆرۈپ ئەرز-شىكايەتلىرىنى تەڭلەپ ھۆكۈم تەلەپ قىلىدىغان ھۆكۈمرانلىرى، ﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان مەئبۇدلىرى، ﷲ چۈشۈرگەن ھەقىقەتكە ئاساسلانماي قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان رەھبەرلىرى، ﷲ نىڭ ئەمرىگە ئۇيغۇنمۇ-ئەمەسمۇ بىلمەستىن ئىتائەت قىلىدىغان باشلىقلىرى شۇ قەۋمنىڭ تاغۇتلىرى ھېسابلىنىدۇ. جاھان تاغۇتلىرى مانا مۇشۇلاردۇر. مۇبادا، بۇ تاغۇتلار ھەققىدە ۋە ئۇلار بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسىڭىز، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالىلقاچان ﷲ نىڭ ئىبادىتىدىن تاغۇتنىڭ ئىبادىتىگە، ﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشتىن تاغۇتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قوبۇل قىلىشقا، ﷲ قا ئىتائەت قىلىش ۋە پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىشتىن تاغۇتلارغا ئەگىشىش ۋە ئىتائەت قىلىشقا يۈزلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز».

كىشىنى ئۇيلاندۇرىدىغىنى، ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھنىڭ زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالى بۇنداق بولسا، تاغۇتلارنىڭ سان ۋە تۈرلىرى كۆپىيىپ كەتكەن، غەرەز ۋە مۇددىئالىرى ئېخىمۇ چەكتىن ئاشقان بۈگۈنكى كۈندە ئەھۋال قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندۇ-ھە!؟ ھالبۇكى بەزى ھەدىسلەردە بىر يىل ئۆتسە ئالدىنقى يىلدىكىدىن ئەھۋالنىڭ يامان بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئىشارەتلەر بار. الله تائالادىن ئامانلىق ۋە گۈزەل ئاقىۋەت تىلەيمىز.

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «تاغۇت ــ الله نىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنسا ئۇنىڭغا رازى بولىدىغان مەبۇدلارغا؛ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺگە ئاسىي بولىدىغان ئىشلاردا ئىتائەت قىلىنىدىغان، ئەگىشىلىدىغان كاتتىۋاش- رەھبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغان سۆزدۇر».

سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق تەپسىرىدە الله تائالانىڭ ﴿وَجَعَلَ مِنْهُمُ الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ وَعَبَدَ الطَّاغُوتَ﴾ **﴿الله ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى مايمۇن ۋە چوشقا قىلدى، بىر قىسمىنى تاغۇتقا ئىبادەت قىلىدىغان قىلدى﴾** دېگەن سۆزىنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، تاغۇت دېگەن الله نىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاساس قىلمىغان ھەرقانداق ھاكىمىيەت، الله نىڭ شەرىئىتى ئاساسىدا بەرپا بولمىغان ھەرقانداق ھۆكۈم ۋە قانۇن-تۈزۈلمىنى كۆرسىتىدۇ. ھەققە قارشى قوپىدىغان، الله نىڭ سەلتەنىتى ۋە ئىلاھلىقىغا، الله نىڭ ھاكىمىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىدىغان زوراۋان كۈچلەر تاغۇتلارنىڭ ئەڭ يامىنى ۋە ئەڭ رەزىلى بولۇپ، سۆز ۋە مەنا

جەھەتتىن تاغۇت ئاتالغۇسىغا ئەڭ بۇرۇن كىرگۈچىلەردۇر. ئەھلى كىتابلار ئۆزىنىڭ دىنىي ئۆلىمالىرىغا كۆرۈنۈشتە ئىبادەت قىلمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، اللہ تائالا ئۇلارنى دىنىي باشلىقلىرىغا ئىبادەت قىلدىغان مۇشرىكلار دەپ سۈپەتلىگەن. چۈنكى ئۇلار اللہ نىڭ شەرىئىتىنى تاشلاپ قويۇپ، موللىلىرى ئۆز رەيى بويىچە چىقارغان شەرىئەت ۋە پەتىۋالىرىغا ئەگەشكەن. دېمەك، ئۇلار تاغۇتقا ــ ئۆزىنىڭ بەندىلىك مەنزىلىدىن ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلەرگە تاجاۋۇز قىلغان كۈچلەرگە ئىبادەت قىلغان. ئۇلار بۇ كۈچكە رۇكۇ ـ سەجدە مەنىسىدىكى ئىبادەتنى ئەمەس، بەلكى ئەگىشىش، ئىتائەت قىلىش، بويسۇنۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرنى تەسەررۇپ قىلغان. ھالبۇكى، بەندە بۇ ئىبادەتلەرنى قاچان اللہ نىڭ غەيرىگە قىلسا، ئۇ بەندە اللہ نىڭ ئىبادىتىدىن، اللہ نىڭ دىنىدىن بىر يۇتۇن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. »

ئى اللہ نىڭ بەندىسى! تاغۇتقا بەندە بولۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىگىن! اللہ قا ئەنسار ۋە لەشكەر بولغىنكى، بىلىپ ـ بىلمەي تاغۇتقا قوشۇن ۋە ياردەمچى بولۇپ قالمىغىن. ئەمەللىرىڭ بىكار بولۇپ، گۇناھلىرىڭ گەردىنىڭگە مىنىپ، دۇنيا ـ ئاخىرەتتە زىيانكار بولۇپ قالمىغىن!

## تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنىڭ سۈپەتلىرى

بىز يۇقىرىدا تاغۇت ۋە ئۇنىڭ ھۆكمى شۇنداقلا، بۇ ئاتالغۇغا تەۋە شەخس ۋە شەيئىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۆتتۇق. ئەمدى ھەربىر ئىنسان ئۆزىنىڭ تاغۇتنى ھەقىقى ئىنكار قىلغۇچىلاردىنمۇ ياكى قورۇق خىيال بىلەن تىلىنىڭ ئۇچىدا ئىنكار قىلىدىغانلار قاتارىدىنمۇ؟ بۇ بۇيۈك ئەمەلگە نىسبەتەن ئۆز ئەھۋالى زادى قانداق؟ بۇنى بىلىشى ئۈچۈن تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنىڭ سۈپەتلىرى ۋە

تاغۇتنى قانداق ئىنكار قىلىمىز؟ دېگەن مەزمۇن ئۈستىدە بەھس يۈرگۈزىمىز.

تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ھەرگىزمۇ دەلىل-ھۆججەتسىز ھاۋايى ھەۋەس بىلەن، ياكى ئەمەل- ھەرىكەتسىز ئارزۇ- خىيال ۋە ئېغىزدىكى قۇرۇق دەۋا بىلەن ۋۇجۇتقا چىقمايدۇ. بۇنى بەرپا قىلىش ئاۋۋال روھىمىزدا ئېتىقادى كۈچ بىلەن ئاندىن سىرتقى ئالەمىمىزدە تىل ۋە ئەمەلىمىز بىلەن تولۇق ئىنكار قىلىش ئارقىلىق بولىدۇ.

## 1- تاغۇتنى ئېتىقادىي جەھەتتە ئىنكار قىلىش:

تاغۇتنى ئېتىقادىي جەھەتتە ئىنكار قىلىش ــــ تاغۇتقا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتنى قەلبتە يوشۇرۇن ساقلاپ، تاغۇتنى ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە كىرگۈچىنى كافىر دەپ ئېتىقاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

تاغۇتنى ئىنكار قىلىشنىڭ بۇ ئەقەللىي تەرىپىنى ئورۇندىمىغان ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئۆزرىسى قوبۇل قىلىنمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەممە ئادەم ھېچبىر زەرەر ۋە مۇشەققەتسىز ئورۇندىيالايدىغان ئىمكانىيەتلىك ئىش. ئىنساندا كىشىنىڭ بۇ ئېتىقادىغا توسالغۇ بولالايدىغان كۈچ بولمايدۇ. مۇبادا بىر ئادەم تاغۇتنى ئېتىراپ قىلىپ دىلىدا كۇفرىنى يوشۇرغان ۋە ئېتىقادىدا ئۇنىڭغا رازى بولۇپ ياشىغان بولسا، ئۇنىڭ مەن شۇنىڭغا مەجبۇرلانغان، دەپ ئۆزرە ئېيتىدىغان ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى مەجبۇرلاشنىڭ كۈچى روھىي دۇنياغا كار قىلمايدۇ، ئۇ پەقەت سىرتقىي ئەزالارغا مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىق قىلالىشى مۇمكىن.

بۇ ئىنتايىن زۆرۈر نۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، تاغۇتنى ئېتىراپ قىلىش، ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىش، تاغۇتنىڭ كۇفرانە قىلمىش ۋە جىنايەتلىرىگە رازى بولۇشتىن ئىبارەت كۇفرىغا رازى بولۇش كەيپىياتى

شەكىللىنىدۇ. كۇفرىغا رازى بولۇش شەك - شۈبھىسىز كافىرلىقتۇر.

## 2- تاغۇتنى سۆز بىلەن ئىنكار قىلىش:

بۇ تىل ئارقىلىق تاغۇتنىڭ قەتئىي كافىرلىقىنى ئاشكارىلاشنى، بارچە تاغۇتلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىدىن، ئۇلارغا ئىبادەت قىلىدىغان ئەگەشكۇچىلىرىدىن ئادا-جۇدا ئىكەنلىكىنى تىلدا ئىپادىلەشنى، ئۇلارنىڭ پۈتۈنلەي ئازغۇنلۇق ۋە جاھىلىيەت ئىچىدە، كۇفرى-شىرىك ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ئېغىزدا بايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

اللّٰه تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە قاراڭ: ﴿ قُلۡ يَٰٓأَيُّهَا ٱلۡكَٰفِرُونَ ۝١ ﴾ **﴿ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، ئى كافىرلار!...﴾** ئۇلارغا مانا مۇشۇنداق مەزمۇنى ئېنىق، قاراتمىلىقى كۈچلۈك كەسكىن سۆزلەر بىلەن يۈزلىنىش، ئۇلارنىڭ ھەقىقى ئەھۋالىنى مۇشۇ ئايەتتىكىدەك «ئى كافىرلار! نېمەتكە ۋە ھەقىقەتكە تانغۇچى نانكور مۇشرىكلار!» دەپ خىتاب قىلىپ تۇرۇپ بايان قىلىش لازىم.

اللّٰه تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قَدۡ كَانَتۡ لَكُمۡ أُسۡوَةٌ حَسَنَةٞ فِيٓ إِبۡرَٰهِيمَ وَٱلَّذِينَ مَعَهُۥٓ إِذۡ قَالُواْ لِقَوۡمِهِمۡ إِنَّا بُرَءَٰٓؤُاْ مِنكُمۡ وَمِمَّا تَعۡبُدُونَ مِن دُونِ ٱللَّهِ كَفَرۡنَا بِكُمۡ وَبَدَا بَيۡنَنَا وَبَيۡنَكُمُ ٱلۡعَدَٰوَةُ وَٱلۡبَغۡضَآءُ أَبَدًا حَتَّىٰ تُؤۡمِنُواْ بِٱللَّهِ وَحۡدَهُۥٓ ﴾

**﴿ئىبراھىم ۋە ئۇنىڭ بىللە بولغان (مۇئمىنلەر) سىلەرگە ھەقىقەتەن ئوبدان نەمۇنىدۇر، ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار قەۋمىگە: «ھەقىقەتەن بىز سىلەردىن**

**ۋە سلەر اللە نى قويۇپ ئبادەت قلـۋاتقان مەئبۇدلرىڭلاردىن ئادا-جۇدامىز، سلەرنى ئىنكار قلدۇق، بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك تاكى سلەر يالغۇز بىر اللە قا ئىمان ئېيتقىنىڭلارغا قەدەر ئاشكارا ۋە ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ» دېدى. ﴾**[مۇمتەھىنە: 4]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۇئمىنلەرنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن كەلگەن بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ قۇرئان كەرىمدە بىز نەمۇنە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئۇلگىلىك ئىشلىرىدىن بىرى ــ ئۇلارنىڭ كافىر- مۇشرىكلارغا ۋە ئۇلار اللە تىن ئۆزگە ئىبادەت قىلىدىغان تاغۇتلارغا قارىتا ئېيتقان: «شۈبھىسىزكى، بىز سەنلەردىن، سەنلەرنىڭ دىنىڭ ۋە تاغۇتلىرىڭدىن ئادا-جۇدامىز! بىز ھەممىڭگە قارشى!!!» دېگەن سۆزى. بۇ ئەلۋەتتە تىل بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئىش.

**﴿ئارىمىزدىكى ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىك ... مەڭگۈ ئاشكارا داۋاملىشىدۇ﴾** دېگەن سۆز مۇشرىكلار بىلەن ئۇلارنىڭ تاغۇتلىرىدىن سەپ ۋە مەيداننىڭ ئايرىلغانلىقىنى ئىنتايىن روشەن ھالەتتە ئېلان قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ بولسا تىل ۋە ئەمەلدە كۆرۈلىدىغان دۈشمەنلىكتىن، قەلبتە ساقلىنىدىغان ئۆچمەنلىكتىن تەركىب تاپقان، ئۈتى مەڭگۈ ئۆچۈپ ياكى سۇسلاپ قالمايدىغان ئاداۋەت بولۇپ، بۇ ئاداۋەتنى يوق قىلىشنىڭ شەرتى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ: مۇشرىكلارنىڭ تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن بىر پۈتۈن ئايرىلىپ چىقىپ، يېگانە اللە قا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ دىنىغا مۇكەممەل كىرىشى.

﴿وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِيمُ لِأَبِيهِ وَقَوۡمِهِۦٓ إِنَّنِي بَرَآءٞ مِّمَّا تَعۡبُدُونَ ۝٢٦ إِلَّا ٱلَّذِي فَطَرَنِي فَإِنَّهُۥ سَيَهۡدِينِ ۝٢٧﴾

**﴿ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم ئاتىسىغا ۋە قەۋمىگە ئېيتتى: «سىلەر چوقۇنۇۋاتقان مەئبۇدلاردىن مەن راستلا ئادا ـ جۇدامەن * پەقەت مېنى ياراتقان اللە مېنى (توغرا يولغا) باشلايدۇ» ﴾**[زۇخرۇف: 26ـ27]

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىللىتى ۋە ئۇنىڭ تەۋھىدنى بەرپا قىلىشتىكى يولى مانا مۇشۇ. ئۇنىڭ بۇ غۇبارسىز پاك يولىغا ئەگىشمەن دېگەن ئادەم ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى، ئادا-جۇدالىق ئېلانىنى مەيدانىغا چىقىرىشى لازىم. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەۋھىد مىللىتىگە ئەزا بولۇشتىن ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشتىن ئەقىلسىز ئەخمەق ئادەملا باش تارتىدۇ. اللە ئېيتىدۇكى: ﴿وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ ﴾

**﴿ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ... ﴾** [بەقەرە: 130]

عن معاوية بن حيدة قال: قُلْتُ: يَا نَبِيَّ اللَّهِ ! بِمَا بَعَثَكَ رَبُّكَ إِلَيْنَا؟ قَالَ: " بِالْإِسْلَامِ "، قَالَ: قُلْتُ: وَمَا آيَاتُ الْإِسْلَامِ؟ قَالَ: " أَنْ تَقُولَ: أَسْلَمْتُ وَجْهِي إِلَى اللَّهِ ﷻ وَتَخَلَّيْتُ، وَتُقِيمَ الصَّلَاةَ، وَتُؤْتِيَ الزَّكَاةَ كُلُّ مُسْلِمٍ عَلَى مُسْلِمٍ مُحَرَّمٌ أَخَوَانِ نَصِيرَانِ، لَا يَقْبَلُ اللَّهُ ﷻ مِنْ مُشْرِكٍ بَعْدَمَا أَسْلَمَ عَمَلًا، أَوْ يُفَارِقَ الْمُشْرِكِينَ إِلَى الْمُسْلِمِينَ " رواه النسائي وابن ماجه وأحمد وغيره

**مۇئاۋىيە ئىبنى ھەيدە ﵁ مۇنداق دەيدۇ: مەن: ئى اللە نىڭ پەيغەمبىرى! رەببىڭ سېنى بىزگە نېمە بىلەن ئەۋەتتى؟ دېدىم. ئۇ: ئىسلام بىلەن، دېدى. مەن: ئىسلامنىڭ بەلگىلىرى قايسى؟ دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى: سېنىڭ «ۋۇجۇدۇمنى اللە قا بويسۇندۇردۇم ۋە (جاھىلىيەتتىن) ئايرىلىپ چىقتىم» دېيىشىڭ، نامازنى بەرپا قىلىشىڭ،**

**زاكات بېرىشنىڭ، مۇسۇلماننىڭ (قېنى، مېلى، يۈز-ئابرويىغا چېقىلىشى) مۇسۇلمانغا هارامدۇر ۋە ئۇلار بىر-بىرىگە مەدەتكار قېرىنداشلاردۇر؛ الله تەئالا مۇشرىك ئادەمدىن مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مۇشرىكلار سېپىدىن ئايرىلىپ مۇسۇلمانلارغا قېتىلمىغۇچە بىرمۇ ئەمەلنى قوبۇل قىلمايدۇ»».**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ «تخلّيت» (ئايرىلىپ چىقتىم) دېگەن سۆزى: «جاهىلىيەتتىن ئايرىلىپ چىقتىم، كۇفرىدىن ۋە اللهنى قويۇپ ياكى اللهقا شېرىك قىلىپ تاغۇتلارغا ئىبادەت قىلىشتىن ئادا-جۇدا بولدۇم، دەپ جاكارلايسەن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

دېمەك، سىنىڭ ئېنىق ۋە كەسكىن هالدا، هېچ ئىككىلىنىپ دۇدۇقلىماستىن زېمىن يۈزىدىكى پۈتكۈل تاغۇتلارغا: سىلەردىن ۋە سىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن ئايرىلىپ چىقتىم، دېيىشىڭ ئىسلامىڭنىڭ دۇرۇسلىقىغا، ئىمانىڭنىڭ سەممىيىتىگە دالالەت قىلىدىغان بەلگە-ئالامەتتۇر.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەهۇللاھ مۇنداق دېگەن: «بىر ئىنسان ۋۇجۇدىدىن شېرىكنى چىقىرىپ تاشلاپ ئۇنىڭدىن پاكلانمىغۇچە ۋە شېرىك كەلتۈرىدىغان ئادەمنى كافىر دەپ بىلمىگۈچە تەۋھىد ئىگىسى ھېسابلانمايدۇ».

## 3- تاغۇتنى ئەمەلدە ئىنكار قىلىش:

تاغۇتنى ئەمەلدە ئىنكار قىلىش ــ تاغۇتتىن پۈتۈنلەي ئايرىلىش، يىراق بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلىش بىلەن، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئەگەشكۈچىلىرى ۋە قوشۇنلىرى ئەگەر ھەققە كەلمىسە، دۈشمەنلىشىشتىن ۋاز كەچمىسە ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىش بىلەن، شۇنداقلا ئۇلارنى ھىمات ۋە دوست تۇتماسلىق بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ.

اللّٰه تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَٱلَّذِينَ ٱجۡتَنَبُواْ ٱلطَّٰغُوتَ أَن يَعۡبُدُوهَا وَأَنَابُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ لَهُمُ ٱلۡبُشۡرَىٰۚ فَبَشِّرۡ عِبَادِ (١٧) ٱلَّذِينَ يَسۡتَمِعُونَ ٱلۡقَوۡلَ فَيَتَّبِعُونَ أَحۡسَنَهُۥٓۚ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ هَدَىٰهُمُ ٱللَّهُۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمۡ أُوْلُواْ ٱلۡأَلۡبَٰبِ (١٨) ﴾

**﴿تاغۇتقا چوقۇنۇشتىن يىراق بولغانلارغا، اللّٰه قا (ۋە ئۇنىڭ ئىبادىتىگە) قايتقانلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بېرىلىدۇ، سۆزگە قۇلاق سېلىپ ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا ئەگىشىدىغانلارغا (يەنى تەقۋادار بەندىلىرىمگە) خۇش خەۋەر بەرگىن، ئەنە شۇلار اللّٰه ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئەنە شۇلار (ساغلام) ئەقىل ئىگىلىرىدۇر .﴾** [زۇمەر: 17- 18]

﴿وَإِن نَّكَثُوٓاْ أَيۡمَٰنَهُم مِّنۢ بَعۡدِ عَهۡدِهِمۡ وَطَعَنُواْ فِي دِينِكُمۡ فَقَٰتِلُوٓاْ أَئِمَّةَ ٱلۡكُفۡرِ ۙ إِنَّهُمۡ لَآ أَيۡمَٰنَ لَهُمۡ لَعَلَّهُمۡ يَنتَهُونَ (١٢) ﴾

**﴿ئەگەر ئۇلار ئەھدە بەرگەندىن كېيىن، قەسەملىرىنى بۇزسا ۋە دىنىڭلارنى ئەيىبلىسە، ئۇلارنىڭ (بۇنىڭدىن) چەكلىنىشلىرى ئۈچۈن، كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرىغا ئۇرۇش ئېچىڭلار. ئۇلارنىڭ قەسىمىنىڭ ھەقىقەتەن ئېتىبارى يوق ﴾[تەۋبە: 12]**

ئايەتتىكى كۇفرىنىڭ كاتتىباشلىرى تاغۇتلارنى كۆرسىتىدۇ.

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَٰتِلُواْ ٱلَّذِينَ يَلُونَكُم مِّنَ ٱلۡكُفَّارِ وَلۡيَجِدُواْ فِيكُمۡ غِلۡظَةًۚ وَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ مَعَ ٱلۡمُتَّقِينَ (١٢٣) ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر ئۆزۈڭلارغا يېقىن جايدىكى كافىرلار بىلەن**

ئۇرۇش قىلىشقا (يەنى سىلەرگە خەتەر بولماسلىق ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئەتراپىڭلاردىكى كۇففارلارنى ئۇجۇقتۇرۇڭلار)، سىلەرنى ئۇلار قاتتىق ھېس قىلسۇن (يەنى ئۇرۇش ئۈستىدە ئۇلارغا قاتتىق قول بولۇڭلار ، ئۇلارغا ئىچىڭلار ئاغرىمىسۇن)، بىلىڭلاركى، الله تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى الله تەقۋادارلارغا مەدەتكاردۇر)﴾ [تەۋبە 123- ئايەت]

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ ٱلْكَٰفِرِينَ أَوْلِيَآءَ مِن دُونِ ٱلْمُؤْمِنِينَ ۚ أَتُرِيدُونَ أَن تَجْعَلُواْ لِلَّهِ عَلَيْكُمْ سُلْطَٰنًا مُّبِينًا ﴿١٤٤﴾ ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر! مۇئمىنلەرنى (دوست تۇتۇشنى) قويۇپ، كافىرلارنى دوست تۇتماڭلار، سىلەرنىڭ زىيىنىڭلارغا (يەنى مۇناپىق ئىكەنلىكىڭلارغا) الله نىڭ روشەن پاكىتى بولۇشىنى خالامسىلەر؟﴾ [نىسا: 144]

﴿ وَمَن يَتَوَلَّهُم مِّنكُمْ فَإِنَّهُۥ مِنْهُمْ ۗ ﴾

﴿ سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتىدىكەن، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ﴾ [مائىدە: 51]

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَتَّخِذُواْ عَدُوِّى وَعَدُوَّكُمْ أَوْلِيَآءَ ﴾

﴿ئى مۇئمىنلەر، مېنىڭ دۈشمىنىمنى ۋە سىلەرنىڭ دۈشمىنىڭلارنى دوست تۇتماڭلار﴾[مۇمتەھىنە: 1]

يۇقىرىقىلاردىن باشقا سۆز ۋە ئەمەلدە تاغۇتنى ئىنكار قىلىش توغرىسىدىكى ئايەت- ھەدىسلەر ئىنتايىن كۆپ.

خۇلاسە كالام: تاغۇتنى ئىنكار قىلىش چوقۇم مۇشۇ يوسۇندا بولىدۇ.

ئۇنىڭ ھەممە تەرىپىگە ئورتاق ئەھمىيەت بېرىپ، كېمەيتىۋەتمەستىن مۇكەممەل ئورۇندىغان ئادەم ئاندىن تاغۇتنى ئىنكار قىلغان ۋە لا إلَهَ إلا الله نىڭ بۇ شەرتىنى لايىقىدا ئورۇندىغان بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلەرنى بەرپا قىلمىغان ئادەم ئاغزىدا مىڭ قېتىم مەن تاغۇتقا كافىر دەپ دەۋا قىلسۇن، يەنىلا تاغۇتنى ئىنكار قىلغان بولمايدۇ.

مەن ھەقىقەتەن زامانىمىزدىكى بەزى كىشىلەردىن تولىمۇ ئەجەبلىنىمەن. ئۇلار ئېغىزىدا تاغۇتنى ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشىدۇ، تاغۇتلارغا بەندە بولۇپ قېلىشتىن، الله قا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىنتايىن يىرگىنىدىغانلىقىنى بىلدۇرىشىدۇ-يۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قارايدىغان بولسىڭىز، تاغۇتلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ھېلى قىلغان دەۋاسىنى ئۇنتۇپ، يەنە شۇ تىلىدا، ئەشۇ ئېغىزىدا تاغۇتلارغا چاپان يېپىپ، ئۇلارنىڭ كافىرلىقىنى ئاقلىماقچى بولۇپ تەۋھىد ئەھلى بىلەن جاڭجاللىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. جان-جەھلى بىلەن تاغۇتقا خىزمەت قىلىپ ئۇنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاشقا ياردەم بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ تۈرلۈك ئورگانلىرىغا، ئارمىيە-قوشۇنلىرىغا ئەزا بولۇپ، جانلىرىنى تىكىپ تۇرۇپ، ھەتتا تاغۇت يولىدا مۇۋەھھىدلەر بىلەن دۈشمەنلىشىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ باتىل ھاكىمىيتى ۋە تەختى-بەختىنى قوغداۋاتقان؛ تاغۇت ھاكىمىيەتلەرنىڭ ئالدىغا دەتالاشلىرىنى تەڭلەپ، ئەرز-شىكايەتلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقانلاردىنمۇ بۇ دەۋانى — تاغۇتنى ئىنكار قىلغانلىق دەۋاسىنى قىلىدىغانلار ئاز ئەمەس.

بۇنداقلار ھەرگىزمۇ لا إلَهَ إلا الله نىڭ بۇ شەرتىنى ئورۇندىدىم، دەپ خىيال قىلمىسۇن! ئۇلار بۇنى قانچە دەۋا قىلغان بىلەن ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ بۇ

خىيالنى ۋە دەۋاسىنى يالغانغا چىقىرىپ تاشلايدۇ.

**سۇئال:** تاغۇت سۆزىنى مۇسۇلمانغا قارىتىپ ئېيتىش توغرىمۇ؟ ياكى ئۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تاغۇتلۇق سۈپەتلىرى تېپىلىدىغان كافىردىن باشقىغا ئىشلىتىشكە بولمايدىغان سۆزمۇ؟

مەن دەيمەن: ئەرەب تىلىدا تاغۇت سۆزىنىڭ مەنىسى جەبىر-زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزدا ھەددىدىن ئاشقۇچى دېگەننى بىلدۈرىدۇ. بىراۋنىڭ زۇلۇم-تاجاۋۇزى كۇفرى دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئەھۋالدا، تاغۇت سۆزىنىڭ ئەرەب تىلىدىكى مەنىسى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ئۇنىڭغا بۇ سۆز ئىشلىتىلىشى مۇمكىن. بەزى سەلەفلەر ھەججاجغا ئوخشاش زالىملارغا قارىتا «تاغۇت» ياكى «تاغىيە» دېگەن سۆزلەرنى قوللانغان. لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن ئەرەبچىدە بۇ سۆز ئىپادىلىگەن «زالىم ۋە چەكتىن ئاشقۇچى» مەنىسىنى كۆزدە تۇتقان، ھەرگىزمۇ ئۆزىگە باشقىلار ئىبادەت قىلىسا رازى بولىدىغان تاغۇت مەناسىنى ئىرادە قىلغان ئەمەس.

ئەمما بىر ئىنساننىڭ زۇلۇم-تاجاۋۇزلىرى چەكتىن ئېشىپ اللّٰه قا كافىر بولۇش دەرىجىسىگە يەتكەن بولسا، بۇنداق ئادەم تاغۇت ئاتالغۇسىنىڭ ھەر ئىككىلى مەناسى- يەنى، اللّٰه نىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنغۇچى دېگەن مەناسى بىلەن ئەرەب تىلىدىكى زالىم ۋە ھەددىدىن ئاشقۇچى دېگەن مەناسى كۆزدە تۇتۇلۇپ تاغۇت نامى بىلەن سۈپەتلەنسە بولىۋېرىدۇ.

ئەھلى ئىلىملەرنىڭ كىتابلىرىدىكى بۇ ئىككى خىل تاغۇتنى ئايرىپ چۈشىنىش ئۈچۈن، سۆزنىڭ باش-ئاخىرىغا دىققەت قىلىپ، ئۇنىڭ قايسى خىل مەنىنى ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان باغلىنىشلىق نۇقتىلارنى نەزەردىن

ساقت قىلماسلىق كېرەك. ئەمما مەن قۇرئان-سۈننەتتىكى تاغۇت ئىبارىسى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىش جەريانىدا بۇ سۆزنىڭ پۈتۈنلەي اللهنىڭ ئورنىدا ئىبادەت قىلىنىدىغان كۇفرى كاتتىباشلىرىغا قارىتىلغانلىقىنى بايقاپ يەتتىم... الله تعالى ئەڭ ئوبدان بىلگۈچىدۇر.

## ئۈچىنچى شەرت: ئىلىم (يەنى «لا إلهَ إلا الله» نى بىلىش)

لا إلهَ إلا الله نىڭ مەزمۇنى بولغان تەۋھىدنى بىلىش تەۋھىدنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. چۈنكى تەۋھىدنى بىلمەسلىك ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغانغا باراۋەر. تەۋھىدتىن مەھرۇم بولغان ئادەم قانداقمۇ تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئېتىقاد قىلالىسۇن؟! ئېتىقادىدا تەۋھىدكە ئىگە بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ مۇئمىن-مۇسۇلمان بولۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئۇ شەخسىز ۋە ئىختىلاپسىز ھالدا كافىر ھېسابلىنىدۇ. ئىلىمنىڭ تەۋھىدكە شەرت بولىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكىچە:

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَٱعۡلَمۡ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّا ٱللَّهُ﴾

**﴿بىلگىنكى، الله تىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ﴾** [مۇھەممەد: 19]

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنغان:

"مَنْ مَاتَ وَهُوَ يَعْلَمُ أَنَّهُ، لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، دَخَلَ الْجَنَّةَ" رواه مسلم

**« كىمكى ‹لا إلهَ إلا الله›نى بىلگەن ھالىتىدە ئۆلگەن بولسا جەننەتكە كىرىدۇ».**

ھەدىسنىڭ قارشى مەزمۇنى: تەۋھىدنى بىلمەستىن ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ، ئۇنىڭ جەننەتكە كىرمەسلىكى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولالـمىغانلىقىدا، ئەگەر ئۇ مۇسۇلمان بولىدىغان بولسا ئەلۋەتتە جەننەتكە كىرگەن بولاتتى. ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن بىر ھەدىستە « **جەننەتكە مۇسۇلمان كىشىدىن باشقىسى كىرمەيدۇ**» دېيىلگەن.

ئەلۋەتتە تەۋھىد ئىنساننىڭ ئەمەلىيىتىگە باغلانغان بولىدۇ. بۇ شەرتنىڭ يەنە بىر ئەھمىيىتى ئۇنىڭ تەۋھىدكە ئەمەل قىلىشقا ئاساس بولىدىغانلىقىدا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇنداقتا لا إلهَ إلا الله نىڭ مەزمۇنىنى، ئۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمىگەن تەۋھىد بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز ئادەم مەڭگۈ تەۋھىدنى روياپقا چىقىرالمايدۇ. چۈنكى ئىسلامدىكى ھەرقانداق بىر ئەمەل ئۇنى بىلىپ قىلىشنى، ئەمەلنى ئورۇنداشتىن ئىلگىرى شەرئىي ئىلىمگە ئىگە بولۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلماي، ئەكسىچە شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىسىنى بىلىشتىن ئىلگىرى ئەمەل قىلىشقا يۈزلەنگەن ئادەم، شۈبھىسىزكى بىلمەسلىكتىن الله قا قارىغۇلارچە ئىبادەت قىلغان بولىدۇ. بۇ، ئىنساننى ئازغۇنلۇققا، الله نىڭ دىنىدا ئۆزى بىلگەنچە يول تۇتۇپ بىدئەت پەيدا قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئاقىۋەتتىن الله ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

دېمەك، تەۋھىدنى بىلىشتىن مەھرۇم بولغان ئادەم ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن تېخىمۇ مەھرۇم بولغان بولىدۇ. شۇڭلاشقا ساھابىلەر تەۋھىد بىلىملىرىنى باشقا ھەرقانداق ئىلىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ ئۆگىنىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى.

عَنْ جُنْدُبِ بْنِ عَبْدِ اللَّهِ قَالَ: " كُنَّا مَعَ النَّبِيِّ ﷺ وَنَحْنُ فِتْيَانٌ حَزَاوِرَةٌ، فَتَعَلَّمْنَا الْإِيمَانَ قَبْلَ أَنْ نَتَعَلَّمَ الْقُرْآنَ، ثُمَّ تَعَلَّمْنَا الْقُرْآنَ فَازْدَدْنَا بِهِ إِيمَانًا " رواه ابن ماجه

**جۇندۇب ئىبنى ئابدۇللا ﵁دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە ئۇ مۇنداق**

**دەيدۇ: «بىز تازا ياش قىران چاغلىرىمىزدا پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىللە ئىدۇق، ئەينى چاغدا بىز قۇرئان ئۆگىنىشتىنمۇ ئىلگىرى ئىمان (يەنى تەۋھىد) ئۆگىنەتتۇق. ئاندىن قۇرئان ئۆگەنسەك، ئۇ ئارقىلىق ئىمانىمىز تېخىمۇ زىيادە بولاتتى».**

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىدىن بىرىنى قايسى بىر شەھەرگە ئەۋەتمەكچى بولسا، ئۇنى كىشىلەرنى باشقا ھەرقانداق ئەمەلگە چاقىرىشتىن ئىلگىرى تەۋھىدكە دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا، " أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ K لَمَّا بَعَثَ مُعَاذًا رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ عَلَى الْيَمَنِ، قَالَ: إِنَّكَ تَقْدَمُ عَلَى قَوْمٍ أَهْلِ كِتَابٍ، فَلْيَكُنْ أَوَّلَ مَا تَدْعُوهُمْ إِلَيْهِ عِبَادَةُ اللَّهِ، وَفي رِوَايَةٍ: لَا إِلهَ إِلَّا الله، فَإِذَا عَرَفُوا اللَّهَ فَأَخْبِرْهُمْ أَنَّ اللَّهَ قَدْ فَرَضَ عَلَيْهِمْ خَمْسَ صَلَوَاتٍ فِي يَوْمِهِمْ وَلَيْلَتِهِمْ، فَإِذَا فَعَلُوا فَأَخْبِرْهُمْ أَنَّ اللَّهَ فَرَضَ عَلَيْهِمْ زَكَاةً مِنْ أَمْوَالِهِمْ وَتُرَدُّ عَلَى فُقَرَائِهِمْ، فَإِذَا أَطَاعُوا بِهَا فَخُذْ مِنْهُمْ وَتَوَقَّ كَرَائِمَ أَمْوَالِ النَّاسِ "

**ئىبنى ئابباس ﷺدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇئاز ئىبنى جەبەل ﷺنى يەمەنگە ئەۋەتەر چېغىدا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «سەن ھەقىقەتەن ئەھلى كىتاب[1] بولغان بىر قەۋمنىڭ قېشىغا بارىسەن. ئۇلارنى بىرىنچى قىلىپ الله نىڭ ئىبادىتىگە (يەنە بىر رىۋايەتتە «لَا إِلهَ إِلَّا الله» قا) چاقىرغىن. ئۇلار ئەگەر الله نى تونۇسا، ئاندىن الله تەئالانىڭ ئۇلارغا بىر كېچە-كۈندۈزدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى ئېيتقىن. ئۇلار بۇنى ئورۇندىسا، ئاندىن ئۇلارغا الله تەئالانىڭ ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىدىن**

[1] يەھۇدى ۋە ناسارالار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ كىتاب بېرىلگەنلەر دېگەن مەنىدە ئەھلى كىتاب دېيىلىدۇ.

**يوقسۇللارغا بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقىنى يەتكۈزگىن. ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشسا، زاكاتنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئالغىنكى، مال-دۇنيالىرىنىڭ ئەڭ ئېسىللىرىنى تاللاپ ئېلىۋېلىشتىن ساقلانغىن».**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىستىكى «ئۇلارنى لا إلهَ إلّا اللهُ قا چاقىرغىن، ئەگەر ئۇلار الله نى تونۇسا» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى: ئۇلار لا إلهَ إلا الله نىڭ مەزمۇنى بويىچە، الله تەئالانىڭ ئىلاھىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى ئۇلۇغ ئىسىم- سۈپەتلىرى بىلەن تونۇسا؛ الله تەئالانىڭ تەۋھىدتىن ئىبارەت بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققىنى بىلىپ، ھاياتىنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەن ئىبادەتنى يالغۇز الله قا قىلسا، ھەمدە ئۇلار ساڭا بۇنىڭدا ئىتائەت قىلىشسا، ئاندىن كېيىن، ئۇلارغا الله تەئالانىڭ بىر كېچە-كۈندۈز ئىچىدە بەش ۋاخ نامازنى پەرز قىلغانلىقىنى يەتكۈزگىن، دېگەندىن ئىبارەت.

بۈگۈنكى كۈندىكى كۆپىنچە دەۋەتچىلەرنىڭ تۇتقان يولى دەل بۇنىڭ تەتۈرىسىچە كېتىپ بارماقتا؛ ئۇلار ئەڭ دەسلەپتە كىشىلەرنى ناماز، روزا، زاكاتقا دەۋەت قىلىپ، ساپ تەۋھىدنى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىنى كىشىلەرگە تونۇتۇشنى كېيىنگە قالدۇرىدۇ ياكى تەۋھىدكە قىلچىلىك ئەھمىيەت بەرمەستىن كىشىلەرنى ئۇنىڭغا چاقىرىشتىن ۋاز كېچىدۇ.

شۇڭلاشقا بۇنداق دەۋەتچىلەرنىڭ بىلىپ-بىلمەي ئاشكارا شېرىككە پېتىپ، شېرىك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەيران قالمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەۋھىدنىڭ پەزىلىتى ۋە قىممىتىنى تونىمىغانلىقتىن، ئۇنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتكە چىقىرىشقا جىددىي قارىمىغان. شۇ سەۋەبتىن شېرىكمۇ ئۇلارنىڭ نەزىرى چۈشكىدەك، دىققىتىنى تارتقۇدەك ئۇنچىۋالا مۇھىم ئىش

ھېسابلانماي قالغان.

بۇگۈنكى كۈندە ئۈممەت دۇچ كېلىۋاتقان شىرىكلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس. ئەمما ئۇلار بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىش يەتمىگەندەك، كۆپ ھاللاردا ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ تۈرلۈك شىرىك جىنايەتلىرىگە يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ.

مەسىلەن: كۆپلىگەن مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان دېموكراتىزم يولى تەرىپىدىن پەيدا بولىۋاتقان شىرىكلەر. چۈنكى ئۇنىڭدا الله ئەمەس، بەلكى ئىنسان ئىلاھ قىلىنىدۇ. بەندىلەر بەندىلەرگە ئىبادەت قىلىشقا چاقىرىلىدۇ؛[①]

ھاكىمىيەت تاغۇتلىرىنىڭ — يېڭى زامان فىرئەۋنلىرىنىڭ خۇدالىق دەۋاسى قىلىشى بىلەن، ئۇلارنىڭ ئوردىلىرىدىن، ئاتالمىش قانۇن ئورگانلىرىدىن چىقىۋاتقان پەرمان-سىياسەت ۋە توقۇلما قانۇنلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىۋاتقان شىرىكلەر؛

رافىدىي[②] شىيئەلىرى ۋە باتىنىي مەزھەبلەر[①]گە ئوخشاش ئاتاقتا ئىسلامغا

---

[①] دېموكراتىيەنى مەنبە قىلغان شىرىك ئىشلارنى بىلمەكچى، ئۇنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان، ئۇنى تەبرىكلەپ كىتاب، يېغىلىشلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭغا ياردەم-مەدەت بېرىدىغان موللا-ئۆلىمالارنى تونىماقچى بولسىڭىز «حكم الإسلام في الديمقراطية والتعددية الحزبية (دېموكراتىيە ۋە كۆپ پارتىيىلىششكە ئىسلامنىڭ ھۆكمى)» دېگەن كىتابىمىزغا قاراڭ.

[②] رافىدىيلار — شىيئە مەزھىبىگە تەۋە بىر پىرقە بولۇپ، ھىجرىيە 2-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا پەيدا بولغان. ئەينى ۋاقىتتا زەيد ئىبنى ئەلي (ھىجرىيە 66 ـــ121) ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىرىدىن بىرى ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك (ھ 72 ـــ125)كە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. زەيد ئىبنى ئەلي مۇئمىنلارنىڭ ئەمىرى ئەلي ئىبنى ئەبۇ تالىبﷺنى باشقا ساھابىلاردىن ئەۋزەل دەپ قاراش بىلەن بىرگە ئەبۇ بەكرىﷺ بىلەن ئۇمەرﷺنىمۇ دوست تۇتاتتى. ئۇنىڭغا بەيئەت قىلغانلار ئىچىدە ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇمەرنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە بۇ ئىككى خەلىپىدىن ئادا-جۇدا بولىدىغانلار بولۇپ، زەيد ئىبنى ئەلي ئۇلارنى بۇ قىلمىشىدىن چەكلىگەندە، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كېتىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇلار «تاشلاپ كەتكۈچى» دېگەن مەنىدىكى «الرَافِضَة» دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. زامانلارنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئۇلار ئازغۇنلۇقتا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن... ئۆلىمالار شىيئەلەرنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلىدۇ: **1- ھەددىدىن ئاشقۇچىلار:** بۇلار ئەلي ئىبنى ئەبۇ تالىب ﷺنى ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلىۋالغانلار بولۇپ، بەزىلىرى «ئەسلىدە پەيغەمبەرلىك ئەلىيغا مۇناسىپ

تەۋە بولۇپ قالغان ئازغۇن تائىپىلەر تەرىپىدىن كىرگۈزۈلگەن شېرىكلەر. ھەتتا، ئۇممەتنىڭ ئۆلىمالىرى دەپ قارىلىدىغان كىشىلەر ئىچىدە رافىدىي شىئەلىرىنىڭ ئىنقىلابىلىرىغا، ئۇلارنىڭ دەۋەت پائالىيەتلىرىگە مەدەت بېرىدىغان، ئۇلاردىن كېلىدىغان تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ياردەم ۋە مەنپەئەتلەرنى باھانە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممە بىلىدىغان شېرىك ۋە كۇفرانە قىلمىشلىرىغا بىپەرۋا ھالدا ئۆزىنى ئۇلارنىڭ قوينىغا ئېتىۋاتقانلارمۇ ناھايىتى تولا. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ باشقا بىلىملەرگە ئالىم بولسىمۇ، ئەمما تەۋھىدكە نىسبەتەن ئىنتايىن جاھىل- بىلىمسىز ئىكەنلىكىدىن بولغان.

---

ئىدى، جىبرىئىل ۋەھيىنى يەتكۈزۈشكە خىيانەت قىلغان؛ مۇھەممەد قىزىنى ئەلىيغا بېرىپ، پەيغەمبەرلىكنى تارتىۋالغان» دېسە، يەنە بەزىلىرى تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ « اللہ تەئالا- ئەلىينىڭ ئۆزى شۇ» دەيدۇ. اللہ مۇشرىكلارنىڭ سۈپەتلىرىدىن پاكتۇر. **2- رافىدىيلار:** بۇلار: پەيغەمبەر ﷺدىن كېيىن خەلىپىلىك ئەلىيگە مۇناسىپ ئىدى، دەپ قاراپ، ئەلىي رضي الله عنهدىن ئىلگىرىكى خەلىپىلەرنى ئىنكار قىلىدۇ ، ئۇلاردىن ۋە باشقا نۇرغۇن ساھابىلاردىن ئادا-جۇدا بولىشىدۇ. **3- زەيدىيەلەر:** بۇلار مەزكۇر زەيد ئىبنى ئەلىينىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولۇپ، ئەلىي ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنهنى بارلىق ساھابىلاردىن ئەۋزەل دەپ ئېتىقاد قىلىدۇ، لېكىن ئەبۇ بەكرى رضي الله عنه بىلەن ئۇمەر رضي الله عنهدىن ئادا-جۇدا بولمايدۇ.

شىئەلەر قۇرئان كەرىمنىڭ مەزمۇنىنى ئۆز ھاۋايى ھەۋەسلىرى بويىچە بۇرمىلاپ تەپسىر قىلغان ھەتتا ھەرپلىرىنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ نامىدىن ھەدىسلەر توقىغان. قىسقىسى ئۇلارنىڭ تەپسىر ۋە ھەدىس كىتابلىرى سىز-بىز بىلىدىغان، ھۆرمەتلەپ، ئۇلۇغلاپ دىنىمىزدا ھۆججەت قىلىدىغان ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئۆلىمالىرىنىڭ كىتابلىرى ئەمەس. ئۇلار بۇخارىي، مۇسلىم، ئەھمەد....، قۇرتۇبىي، تابەرىي، ئىبنى كەسىر... قاتارلىق ئۆلىمالارنىڭ ھېچبىرىنىڭ توپلىغان ھەدىس ياكى تەپسىرلىرىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. كىچىككىنە بىر مىسال: رافىدىي شىئەلىرىنىڭ «تەفسىر ئەيياشىي»، «تەفسىر قۇممىي»، «تەفسىر بۇرھان» قاتارلىق نۇرغۇن تەفسىر كىتابلىرىدا سۈرە نىسانىڭ 51-ئايىتىدىكى اللہ تەئالانىڭ ﴿الْجِبْتِ وَالطَّاغُوت **(بۇت بىلەن تاغۇت)**﴾ دېگەن سۆزى «ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۇمەر» دەپ تەفسىر قىلىنغان. ئۇلار يەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنهنى ئىشەنچسىز دەپ قاراپ، ئۇنىڭ بارلىق ھەدىسلىرىنى رەد قىلىشىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇلاردىكى ئازغۇنلۇق، رەزىللىك، ئەقىدىگە قىلىنغان جىنايەت قايسى دەرىجىگە بېرىپ يېتەر-ھە؟! بۇنى ئەلۋەتتە بۇ ئورۇندا سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. شىئەلەرنى جۈملىدىن رافىدىيلارنى تېخىمۇ مۇكەممەل چۈشەنمەكچى بولسىڭىز سەلەف ۋە خەلەف ئۆلىمالىرىنىڭ ئۇلار ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشىڭىز لازىم. [ئىبنى تەيمىييەنىڭ «منهاج السنة (سۈننەت يولى)» دېگەن كىتابىغا قاراڭ.]

[1] باتىنىي مەزھەبلەر ــ ئىماننى كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ، پەقەت قەلبتىكى ئېتىقادتىن تەركىپ تاپىدۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇئمىن ۋە جەننەتىي بولىشىغا سىرتقى ئەمەللەرنىڭ مۇناسىۋىتى يوق، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان جەھمىيەلەر ئېقىمىدىكى ئازغۇن پىرقىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭدەك ھۆكۈمران تاغۇتلارنىڭ كۈشكۈرتىشى ۋە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا تارقىلىپ ئەۋج ئېلىۋاتقان تەسەۋۋۇف پىرقىلىرىدىن كېلىۋاتقان شىرىكلەر.

مۇنچىۋالا شىرىكلەرنىڭ ھېلىقى دەۋەتچىلەرنىڭ ئىنكار قىلىشىغا، ئۇنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىغا ئەمەس، نارازىلىقىنىمۇ ئۇچرىماستىن ئۇممەت ئىچىدە بىمالال مەۋجۇد بولۇپ تۇرىۋاتقانلىقىنىڭ ھالقىلىق سەۋەبى شۇكى، ئۇلار تەۋھىدنىڭ ماھىيىتىنى تونىمىغان، تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إلهَ إلا الله نىڭ شەرتلىرى ۋە تەلەپلىرىنى ھەققى بىلمىگەن، ئۇنى چۈشىنىش ۋە شەرھىلەشتە الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ نىڭ مەقسىتىدىن چەتنەپ كەتكەن ھەمدە پۈتكۈل ئېتىبارىنى باشقا فىقھى مەسىلىلەرگە، ئۆزى تېخى دۈچ كەلمىگەن ئۇششاق مەسىلىلەرنىڭ ھۆكۈملىرى ھەققىدە دەتالاش قىلىشقا قارىتىپ، شۇنىڭدا موللا بولۇشقا ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، تەۋھىدكە چولىسى تەگمەي قالغان.

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺنىڭ دىنى تەۋھىدنىڭ ئۆزىدۇر. تەۋھىد بولسا ‹ لا إله إلا الله، محمد رسول الله › نى بىلىش ۋە ئۇنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىغا ئەمەل قىلىشتۇر. بۇ سۆزنى ھەممە ئادەم دەيدىغۇ! دېيىلىشى مۇمكىن. شۇنداق، ئەمما بۇنى دەيدىغانلار ئىچىدە ئۇنىڭ مەنىسىنى الله تىن باشقا ياراتقۇچى يوق، الله تىن ئۆزگە رىزىق بەرگۈچى يوق دېگەندەك مەنالار بىلەنلا چۈشىنىدىغانلار بار. ئۇنى ئېغىزىدا دەيدىغانلار ئىچىدە مەزمۇنىنى چۈشەنمەيدىغانلار، ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە پىكىر قىلمايدىغانلارمۇ بار. ھەممىدىن ئەجەبلىنەرلىكى، بىر تەرەپتىن ئۇنى بىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن تەۋھىد ئەھلى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغانلار. تېخىمۇ

ئەجەبلىنەرلىكى تەۋھىدنى سۆيمەن، تەۋھىد ئەھلىگە تەۋەمەن، دەپ تۇرۇپ، تەۋھىدنىڭ دوستلىرى بىلەن دۈشمەنلىرىنى ئايرىمايدىغان ئادەملەر. تۆۋە خۇدايىم، ئەجىبا! بىر-بىرىگە دۈشمەن ئىككى گوروھ ئادەملەر بىر دىندا، يەنە كېلىپ ھەممىسى ھەق ئۈستىدە بولارمۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. ﴿**ھەقىقەتتىن قالسا، ئازغۇنلۇقتىن باشقا نەرسە مەۋجۇد ئەمەس**﴾».

بەئەينى شەيخنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدە سۈپەتلەنگىنىدەك زامانىمىزدىمۇ، تەۋھىدنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ساغلام ئەقىدە توغرىسىدا دەۋانى تولا قىلىدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تەۋھىدنىڭ دۈشمەنلىرىنى دوست تۇتۇپ، شۇلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ تەۋھىد ئىگىلىرى بىلەن دۈشمەنلىشىدىغان، تەۋھىد دۈشمەنلىرى بولغان تاغۇتلارنىڭ شىرىك جىنايەتلىرىنى ئاقلاپ، ئۇلارنىڭ شەرئىي ئۆزرىسى بار، ئۇلاردىن ياخشى گۇمان قىلىشنى شەرىئەت كۆرسەتكەن، دەپ ئۇلارغا چاپان ياپىدىغان، ئەمما تەۋھىد ئەھلىنىڭ كىچىككىنە خاتالىقىنى تېپىۋالسا ئۇنى كۆپتۈرۈپ، قەبىھ گۇمانلىرى بىلەن ئۇلارغا ناھەق تۇرلۇك بەتناملارنى چاپلاپ، بۇلارنىڭ شەرئىي ئۆزرە ۋە ياخشى گۇماندىكى نىيىتىنى ئۇلارغا خىيانەت قىلىدىغان ئەجەبلىنەرلىك كىشىلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس.

***دەل مۇشۇ ئورۇندا لا إلهَ إلا الله نىڭ شەرتى ھېسابلىنىدىغان «ئىلىم»دىن نېمە مەقسەد قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال تۇغۇلىدۇ.** ئۇ، قەلبلەرگە قىلچە ھارارەت بېغىشلىيالمايدىغان، قۇرۇق نەزىرىيىۋى تونۇش ھاسىل قىلىپ قويىدىغان ئىلىممۇ؟ ياكى بىلگەن ئادەمنىڭ دىندا مۇستەھكەم تۇرۇشىغا، تەۋھىدنىڭ بارچە تەلەپ-تەقەززالىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ ياشىشىغا سەۋەب

بولىدىغان، روھنى نۇرلاندۇرۇپ شۇ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى ئىلاھىي تۈزۈمگە باغلايدىغان ئىلىممۇ؟

ئەلۋەتتە، بۇنىڭدىن مەقسەت ــ بىلگەن ئادەمنىڭ ئىمانىنى كۈچلەندۈرىدىغان، ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈرىدىغان، ئۇنى اللّٰه نىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن خىزمەت ۋە جىھاد قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ئىلىم؛

بىلگەن ئادەمنى پەقەت اللّٰه يولىدا دوست تۇتۇش ۋە اللّٰه يولىدا دۈشمەن تۇتۇشقا، اللّٰه ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش ۋە اللّٰه ئۈچۈن ئۆچ كۆرۈش ۋە نەپرەتلىنىشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەخلاققا، ئىمانىنىڭ مەھكەم ئاساسىغا يېتەكلەيدىغان ئىلىم؛

ئىگە بولغان كىشىنى تەۋھىد ئىگىلىرىنى دوست تۇتۇپ، تەۋھىد قوشۇنىغا تەۋە بولۇشقا ھەمدە ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ تەۋھىد دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرۇشقا باشلايدىغان ئىلىم؛

ئىنسانىنىڭ تەۋھىد مەزمۇنلىرىنى، ئۇنىڭ تەلەپ ۋە شەرتلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان، ئىگە بولغان ئادەمنى اللّٰه نىڭ دىنىغا بىر پۈتۈن كىرىشكە، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مەكەممەل ئەمەل قىلىشقا ۋە ھەق ئۈستىدە ئاداققىچە بەقەرار تۇرۇشقا ئۈندەيدىغان ئىلىم؛

ئەھلى كالامىنىڭ ئۇسلۇبىدىن، ئۇلارنىڭ يامان غەرەزلىرى، خىيالىي پەرەزلىرى ۋە ئېتىقادىي مەرەزلىرىدىن، ئىنسانىنى قايمۇقتۇرىدىغان چىگىش پەلسەپۋى مەسىلىلىرىدىن يىراق بولغان، پەقەت قۇرئان-سۈننەت بۇلىقىدىن ئۇسۇلغان سۈزۈك ئىلىم ...

ئەمما قەلبلەرگە هارارەت ۋە بلگۈچگە جەزميەت بېغشليالـمايدىغان، ئۇنى شەرئەت تەكلپلرىنى ئۈستگە ئېلىپ، دىنغا مۇكەممەل ئەمەل قىلىشقا يېتەكلىمەيدىغان سوغۇق نەزەرىيۋى بلىم ئىنسانغا ھەرگىز نجاتلىق ئېلىپ كېلەلـمەيدۇ، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ چوڭ گۇناھ ۋە چوڭقۇر ھالاكەتكە باشلايدۇ. بۇنداق ئىلىم دەل ئىبلىس ئەلەيھى لەئنە ۋە ئەھلى كىتابنىڭ پوپ-راھبلرى ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۆپەتلەنگەن ئىلىم شۇ. ئۇلار ھەققدە الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ٱلَّذِينَ ءَاتَيۡنَٰهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ يَعۡرِفُونَهُۥ كَمَا يَعۡرِفُونَ أَبۡنَآءَهُمۡۖ وَإِنَّ فَرِيقٗا مِّنۡهُمۡ لَيَكۡتُمُونَ ٱلۡحَقَّ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ١٤٦﴾

**﴿بىز كىتاب بەرگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار) ئۇنى (يەنى پەيغەمبەر ﷺنى) ئۆز ئوغۇللىرىنى تونۇغاندەك تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى، شۈبھىسىزكى، ھەقىقەتنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرىدۇ﴾**[بەقەرە: 146]

بۇ خىل تونۇش ۋە بىلىم بىلەن شەرىئەتنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇش ۋە ھىدايەت يولىغا ئەگىشىش بىرلەشمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ نەزەرىيۋى بىلىمى ئۇلارغا ھېچنىمىگە ئەسقاتمىدى. ئۇلار بۇ ئىلمى بىلەن دۇنيادا مۇئمىن-مۇسۇلمان بولۇپ قالمىدى، ئاخىرەتتە جەننەت ئەھلى بولۇپ قالمىدى.

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ تەفسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تەئالا ئەھلى كىتاب ئۆلىمالىرىنىڭ پەيغەمبەر ﷺنى ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتنىڭ ھەقلىقىنى خۇددى ئۇلارنىڭ ئۇرغۇن باللار ئارىسىدىن ئۆزىنىڭ بالىسىنى

ئايرىپ تونۇغاندەك شەكسىز تونۇيدىغانلىقىنى ھەمدە، مۇشۇنداق كەسكىن ۋە شەك-شۈبھە ئارىلاشمىغان ئىلىمگە ئىگە تۇرۇقلۇق، پەيغەمبەرﷺنىڭ ئۇلارنىڭ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان سۈپەتلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ كىشىلەردىن يوشۇرۇۋاتقان كۇفرانە قىلمىشىنى بايان قىلىدۇ».

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ «ئەقىل بىلەن نەقىل توقۇنۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ناملىق كىتابى(1- توم 242- بەت) دا مۇنداق دەيدۇ: «كافىرلىق پەيغەمبەر ﷺ ئوتتۇرىغا قويغان ھەقىقەتنى يالغانغا چىقىرىش بىلەنمۇ بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ راستلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئەگىشىشتىن باش تارتىش بىلەنمۇ بولىدۇ. فىرئەۋن ۋە يەھۇدىلارنىڭ كافىرلىقى دەل كېيىنكىسىنىڭ مىسالىدۇر».

دېمەك، تەۋھىد ھەققىدىكى قۇرۇق نەزەرىيىۋى بىلىم بىلەن ئىنساننى ساغلام ئېتىقاد ۋە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدىغان ھەمدە الله نىڭ دىنىغا بىر پۈتۈن ئەمەل قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان تەۋھىد ئىلمى ئوتتۇرىسىدا ئاسمان-زېمىن پەرق بار. بىزنىڭ يۇقىرىدا شەرت سۈپىتىدە بايان قىلىۋاتقان «ئىلىم»دىن كۆزدە تۇتقىنىمىز ئەنە شۇ ھەقىقى تەۋھىد ئىلمىدۇر.

**<u>*بەزىلەرنىڭ شۇنداق دېگۈسى كېلىشى مۇمكىن:</u>** ئەبۇلمەئالى ئەلجۇۋەينىگە ئوخشاش كاتتا ئەھلى ئىلملەرمۇ «كاشكى، مەن نىساپۇر مومايلىرىنىڭ ئەقىدىسىدە ۋە ئاددى ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىدا ئۆلۈشۈمنى ئارزۇ قىلىمەن» دېگەنىدەك گەپلەرنى قىلىپتىكەن. ھەي ئەبۇ بەسىر...! ئىشلارنى بۇنچە مۇرەككەپلەشتۇرۇۋەتكىچە خەقنى ئاۋامنىڭ ئىمانىدا، مومايلارنىڭ چۈشەنچىلىرىدە ياشىغىلى قويساڭ بولمامدۇ؟!

بۇ سوئالغا بېرىدىغان جاۋابىم تۆۋەندىكىچە:

1- لا إلهَ إلا الله نىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپ- تەقەززالىرىنى بىلىشنى تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ شەرتى قىلىپ بېكىتىش قانداقتۇر رەت قىلىش مۇمكىن بولىدىغان ياكى بىپەرۋالىق قىلغىلى بولىدىغانغا بىرەر ئىنساننىڭ ياكى بىرەر ئەھلى ئىلمنىڭ سۆزى ئەمەس. بەلكى، قۇرئان-ھەدىسنىڭ مۇھكەم ئىبارىلىرى بىلەن بېكىتىلگەن ھەقىقەت.

2- جۇۋەينىي قاتارلىق ئەھلى ئىلملەر بۇ سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئەقىدە ۋە تەۋھىد مەسىلىلىرىنى قۇرئان-سۈننەتنى قويۇپ، ئىلمى كالام ۋە پەلسەپە ئۇسۇللىرى بىلەن ھەل قىلماقچى بولۇپ، ئاخىرىدا تېڭىرقاش، ئىچى سىقىلىش ۋە گۇمان-شەك ئىچىگە قاپسىلىپ تولغىنىۋاتقان ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ھەمدە پۈتۈن ئۆمرىدە بىر مۇسۇلمان ئۇچۇن ئەھمىيەتسىز بۇ خىل پۇچەك ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىپ، قۇرئان-سۈننەتتىن يىراقلىشىپ كەتكەن ھالىغا ئۆكۈنۈش ھېسياتىنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە ئىمان-ئەقىدىسى ئەھلى كالامنىڭ جۆيلۈملىرى ۋە شۈبھىلىرى بىلەن بۇلغانمىغان ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ، نىساپۇر موماىلىرىنىڭ ئەقىدىسىدە ئۆلۈشنى ئارزۇ قىلىشقىنى دەرھەقىقەت. بۇ ھەرگىزمۇ موماىلارنىڭ چۈشەنچىلىرى ياكى ئاددى ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنىڭ ھەممە ئارزۇ قىلىدىغان نىشان ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ، ياكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچە- ئەقىدىلىرى قۇرئان-سۈننەتنى مەنبە قىلىپ ئىلىم ئىگىلىگەن تەۋھىد ئۆلىمالىرىنىڭ ئىماندىن ياكى قۇرئان-سۈننەت ئاساسىدا تەۋھىدنى چۈشەنگەن كىشىنىڭ ئەقىدە ۋە چۈشەنچىسىدىن ئەۋزەل دېگەننىمۇ بىلدۈرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ۋاھالەنكى، قەلبىدە مەرەز بار بەزى كىشىلەر بۇ سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، ئىنساپلىق

كىشىلەرنىڭ تەۋھىدنى مۇكەممەل بىلىپ ئەمەلىيەتكە چىقىرىش قىزغىنلىقىنى سۇسلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسەدلىرىگە يەتمەكچى بولغۇاتىدۇ. تۆۋەندە ئاشۇ ئۆلىمالارنىڭ يۇقىرىقى مەزمۇندىكى سۆزلىرىدىكى مەقسەد-مۇددىئانى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدىغان بەزى ئۆزۈندىلەرنى سۇنماقچىمەن.

ئىبنى ئەبۇلئىززى ئەلهەنەفىي رەھىمەھۇللاھ «العقيدة الطحاوية»نىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېگەن: «غەززالى رەھىمەھۇللاھ نىھايەتتە پەلسەپىۋى مەسىلىلەردە ھودۇقۇش ۋە گاڭگىراش ئىچىدە قېلىپ، ئاخىرى ھەممىنى تاشلاپ پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسلىرىگە يۈزلەنگەن ۋە سەھىھۇلبۇخارىينى كۆكسىگە چاپلاپ يېتىپ ئالەمدىن ئۆتكەندى».

ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئەلرازى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «خۇددى روھلىرىمىز بەدىنىمىزدىن ياتسىراۋاتقاندەك .. دۇنيادا ئېرىشكىنىمىز ئىچ-پۇشۇق ۋە كۆلپەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھاياتىمىز بويى ئىزدىنىش ۋە ئۆگىنىشلىرىمىزدىن توپلىغىنىمىز بىر تالاي مىش-مىش گەپ بوپتۇ... الله نىڭ سۈپەتلىرىنى تونۇشتا ئىلمى كالام يوللىرى ۋە پەلسەپە ئۇسۇللىرى ھەققىدە كۆپ ئويلاندىم ھەمدە ئۇنىڭ روھلارغا شىپا بولالىغۇدەك، تەشنالىقنى باسالىغۇدەك كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمىدىم. الله نى تونۇشتا ئەڭ يېقىن يولنىڭ قۇرئان كەرىم ئۇسلۇبى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. سۈپەتنى ئىسبات قىلىشتا ﴿الرَّحْمنُ عَلَى الْعَرْشِ اسْتَوَى﴾ **﴿مەرھەمەتلىك الله ئەرش ئۈستىدە (ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە) قارار ئالدى.﴾** [تاھا: 5]، ﴿إِلَيْهِ يَصْعَدُ الْكَلِمُ الطَّيِّبُ﴾ **﴿ياخشى سۆز الله نىڭ دەرگاھىغا ئۆرلەيدۇ.﴾** [فاتىر: 10] دېگەن ئايەتلەرنى،

نەفيي قىلىشتا بولسا ﴿ لَيْسَ كَمِثْلِهِ شَيْءٌ ﴾ **﴿ھېچ شەيئى اللە قا ئوخشاش ئەمەستۇر.﴾** [شۇرا :11]، ﴿وَلاَيُحِيْطُوْنَ بِهِ عِلْمًا﴾ **﴿ئۇلار بولسا اللە نى بىلمەيدۇ .﴾** [تاھا: 110] دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇسىڭىز بولىدۇ... مېنىڭ تەجرىبەمنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەم چوقۇم بۇ تونۇشۇمنى ئېتراپ قىلماي قالمايدۇ».

ئۇستاز ئەبۇ ئابدۇللا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلكەرىم شەھرۇستانى مۇنداق دەيدۇ: «ئەھلى كالام ۋە پەيلاسوپلارغا نەزەر سالسىڭىز، ئۇلاردا قايمۇقۇش ۋە نادامەتتىن باشقا نەرسە تاپالمايسىز... اللە بىلەن قەسەمكى، بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ھەممىنى دېگۈدەك كېزىپ چىقتىم، شۇ مەدرىسە-جامىئەلەرنى ئايلانغىنىمدا ئۇچراتقىنىم ھەيرانلىقتا زاڭقىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئولتۇرغۇچى بىلەن پۇشايماندىن بارمىقىنى چىشلىگۈچى ۋە ھەسرەت-نادامەت بىلەن تامغىقىنى چاكىلداتقۇچى بولدى».

ئەبۇلمەئالى ئەلجۇۋەينى ئېيتىدۇ: «ئى دوستلىرىم، ئىلمى كالام بىلەن ئۆمرۈڭلارنى ئىسراپ قىلماڭلار. بۇ ئىلىمنىڭ مېنى مۇشۇ ئاقىۋەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلسەم ئىدى، ئۇنىڭغا يېقىن يولىماس ئىدىم». ئۇ ۋاپاتى ئالدىدا مۇنداق دېگەن: «ھاياتىمدا بىپايان دېڭىزدا تىنىماي نىشانسىز ئۈزۈپتىمەن. ھەققى ئىسلام ئەھلى ۋە ئۇلارنىڭ مەنپەئەتلىك ئىلمىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇلار سەممىيەت بىلەن مېنى ئاگاھلاندۇرغان ئىلىمغا باشچىلاپ كىرىپ كېتىپتىمەن. مانا ئەمدى پەرۋەردىگارىم ئۆز رەھمىتىگە ئالمىسا ئىبنى جۇۋەينىنىڭ تۈگەشكىنى شۇ! كاشكى مەن ئانامنىڭ ئەقىدىسىدە ئۆلسەمچۇ! نىساپۇر مومايلىرىنىڭ ئەقىدىسىدە كەتسەمچۇ!».

شەمسىدىن خىسروشاھى بەزى فازىل كىشىلەردىن سوراپتۇ: قايسى

ئېتىقادتا سەن؟ –ئەلۋەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىدە. ئۇ يەنە سوراپتۇ: شۇڭا، كۆڭلۈڭ ئازادە، ئىشەنچىڭ كامىل، شۇنداقمۇ؟– ھەئە، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى كىشى. ئۇ دەپتۇكى: بۇ نېمەتكە الله قا كۆپ شۇكۇر ئېيتقىن. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئەقىدەم نېمىلىكىنى بىلمەيمەن. الله بىلەن قەسەمكى، نېمىگە ئېتىقاد قىلىدىغىنىمنىمۇ بىلمەيمەن... ئۇ شۇنداق دەپ ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە ھۆڭرەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.

ئاخىرىدا ئىبنى ئەبۇلئىززى ئەلھەنەفىي يۇقىرىقىلارغا باغلاپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا مومايلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە قايتىپ، ھەقىقى ئەھلى ئىلىملەرگە ئەگەشكەن گۆدەك باللار، ئاياللار ۋە ئاۋام مۇسۇلمانلار قاتارىدا الله نىڭ ئازابىدىن ئامان قېلىشنى ئارزۇ قىلىشى ئاتاقانلىقىنى بايقايسىز...».

ئەزىز بۇرادىرىم، مانا يۇقىرىقىلاردىن ئىبنى جەۋزىيىدىن نەقىل قىلىنغان ھېلىقى سۆزىدىكى مەقسىدىنىڭ، ئىلىم ئۆگىنىشتە، خۇسۇسەن ئەقىدە ۋە تەۋھىد بىلىملىرىنى ئىگەللەشتە ئەھلى كالام ۋە پەلسەپىچىلەرنىڭ يولىغا كىرىپ قالغاننىڭ خەتىرى ۋە يامان ئاقىۋىتىنى بايان قىلىش ھەمدە ھەقىقى مەنپەئەتلىك ئىلىمنىڭ پەقەت قۇرئان–سۈننەتتىن ئىبارەت ئىشەنچلىك مەنبەدىن تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنسىز. دېمەك، بۇ سۆزلەردىن كىشىلەرنى تەۋھىدنى بىلمەسلىككە چاقىرىدىغان، تەۋھىدتىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدىغان زامانىمىزدىكى بەزىبىر «دەۋەتچىلەر»گە ھېچقانداق دەلىل تېپىلمايدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدىن ساغلام ۋە ئىشەنچلىك بولغان مەنبەدىن تەۋھىد ئىلىملىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىشكە بوشاڭلىق قىلىدىغانغا باھانە–سەۋەبمۇ تاپقىلى بولمايدۇ.

## تەۋھدنى بلمگەنلەرنڭ تۈرى ۋە ھۆكۈملرى ھەققدە مۇھم بايان:

بۇ ھەققەتەن قسمەن كشلەر چېگىتىپ ھەددىدىن ئاشۇرۇۋۆەتسە، يەنە بىر بۆلۈك كشلەر بوشتىپ بىپەرۋالىق قلىپ قويغان، شۇ سەۋەپتىن كۆپلگەن كشلەر خاتالشىپ كەتكەن مەسللەر جۇملىسدىن بولۇپ، بۇنىڭغا بىر ئېغىز گەپ بىلەن كېسىپلا تەۋھدنى بلمگەنلەر ئۆزرلىك ياكى ئۆزرلىك ئەمەس، كافىر ياكى كافىر ئەمەس، دەپ ھۆكۈم قلىۋېتىش توغرا ئەمەس. بۇ مەسلە ئۈستىدە ئۇنى تەپسىللەشتۈرۈپ، تۈرلىرىنى ئايرىپ مۇكەممەلرەك توختالغاندا، ئاندىن قۇرئان-سۈننەت كۆرسەتكەن ۋە ئەھلى سۈننەۋەلجامائە ئەقىدىسىنىڭ ئاساسى بولغان ئوتتاھال ئادىل يولنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى ھەمدە ھەققەتنى بايان قلىپ توغرا تونۇش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئاساسەن تەۋھد بلمگەن ئادەمنى ئومۇمي جەھەتتىن ئىككى تۈرگە ئايرىش مۇمكىن. بىرى، ئەسلىدىنلا ئىسلامغا كىرمىگەن كافىر. يەنە بىرى، قىبلىگە يۈز كەلتۈرىدىغان مۇسۇلمان.

تەۋھدنى بلمەيدىغان ئەسلى كافىر يەنە ئىككى قسمغا ئايرىلىدۇ. بىرى، ئۇنى بلمەسلىكتە ئۆزرلىك بولغۇچى. ئىككىنچىسى، بلمەسلىكتە ھېچبىر ئۆزرسىز ھېسابلانغۇچى.

**بىرىنچى:** تەۋھدنى بلمەسلىكتە ئۆزرلىك ھېسابلىنىدىغان ئەسلى كافىر: بۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى ۋە ئاگاھلاندۇرىشى ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ۋاستە بىلەن يەتمەي قالغان، ئىنسان تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان قاتمال مۇھت سەۋەبىدىن دەۋەت بىلەن ئۇچرىششقا ئىلاجسىزلىقتىن كافىر پېتى قالغان كشىنى

كۆرسىتىدۇ.

بۇ ھەقتىكى ئەڭ توغرا قاراش: ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىگە نىسبەتەن كېسىپ جەننەت ياكى دەۋزەخ بىلەن ھۆكۈم قىلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكمى قىيامەت كۈنى اللە قا ئۆززە ئىپىتىدىغان ئاگلاش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم گاس، ئەقلى قۇۋۋىتى ئاجىز دەلدۇش ياكى ساراڭ كىشىلەر، ۋە پەيغەمبەرلەر دەۋىتى بىلەن ئۇچرىشالماي ئۆتۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھۆكمى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ دوزىخىي بولىدىغانلىقىغا كەسكىن ھۆكۈم قىلىنمايدىغانلىقى ھەرگىزمۇ دۇنيادا ئۇنى كافىر دەپ ئاتاش ۋە سۆپەتلەشنىڭ خاتالىقىنى كۆرسەتمەيدۇ.[1]

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، عَنْ رَسُولِ اللَّهِ K أَنَّهُ قَالَ: " وَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ، لَا يَسْمَعُ بِي أَحَدٌ مِنْ هَذِهِ الأُمَّةِ يَهُودِيٌّ، وَلَا نَصْرَانِيٌّ، ثُمَّ يَمُوتُ وَلَمْ يُؤْمِنْ بِالَّذِي أُرْسِلْتُ بِهِ، إِلَّا كَانَ مِنْ أَصْحَابِ النَّارِ " رواه مسلم

ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: **«مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۇممەتتىن يەھۇدى ياكى ناسارا بولسۇن، كىمكى مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ، مەن ئېلىپ كەلگەن ھەققەتكە ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلسە، شەكسىز دەۋزەخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ».**

عَنِ الْأَسْوَدِ بْنِ سَرِيعٍ، أَنَّ نَبِيَّ اللَّهِ ﷺ قَالَ: " أَرْبَعَةٌ يَوْمَ الْقِيَامَةِ رَجُلٌ أَصَمُّ لَا يَسْمَعُ شَيْئًا، وَرَجُلٌ أَحْمَقُ، وَرَجُلٌ هَرَمٌ، وَرَجُلٌ مَاتَ فِي فَتْرَةٍ، فَأَمَّا الْأَصَمُّ، فَيَقُولُ:

[1] شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋىتى يەتمىگەن كافىرلارغا دەۋەت مەزمۇنىنى يەتكۈزمەي تۇرۇپ ئالدىدىن جەڭ باشلاشقا بولمايدۇ. ئەكسىچە، دەۋەت يەتكەندىن كېيىن ئۇنى رەد قىلغان ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن كافىرلارغا ھېچبىر شەپىسىز قوشۇن تارتىشقا بولىدۇ

رَبِّ لَقَدْ جَاءَ الْإِسْلَامُ وَمَا أَسْمَعُ شَيْئًا، وَأَمَّا الْأَحْمَقُ، فَيَقُولُ: رَبِّ لَقَدْ جَاءَ الْإِسْلَامُ وَالصِّبْيَانُ يَحْذِفُونِي بِالْبَعْرِ، وَأَمَّا الْهرَمُ، فَيَقُولُ: رَبِّي لَقَدْ جَاءَ الْإِسْلَامُ وَمَا أَعْقِلُ شَيْئًا، وَأَمَّا الَّذِي مَاتَ فِي الْفَتْرَةِ، فَيَقُولُ: رَبِّ مَا أَتَانِي لَكَ رَسُولٌ.فَيَأْخُذُ مَوَاثِيقَهُمْ لَيُطِيعُنَّهُ، فَيُرْسِلُ إِلَيْهِمْ أَنْ ادْخُلُوا النَّارَ، قَالَ: فَوَالَّذِي نَفْسُ مُحَمَّدٍ بِيَدِهِ لَوْ دَخَلُوهَا، لَكَانَتْ عَلَيْهِمْ بَرْدًا وَسَلَامًا ". وفي رواية: " فَمَنْ دَخَلَهَا كَانَتْ عَلَيْهِ بَرْدًا وَسَلَامًا، وَمَنْ لَمْ يَدْخُلْهَا يُسْحَبُ إِلَيْهَا " رواه أحمد

**ئەسۋەد ئىبنى سەرىئ ئەتتەمىمي ﷛ دىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «تۆت تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى الله نىڭ ھوزۇرىدا ھۆججەتلىشىدۇ. ئۇلار گاس، دەلدۈش، زىيادە قېرىپ كەتكەن ۋە پەيغەمبەرلەر ئۈزۈلۈپ قالغان دەۋرلەردە ئۆلۈپ كەتكەنلەر قاتارلىقلار. گاس دەيدۇ: ئى پەرۋەردىگارىم، ئىسلام ھەققەتەن كەپتۇ-يۇ، لېكىن مەن ھېچنېمىنى ئاڭلىماپتىمەن. مەتۇ كىشى: پەرۋەردىگارىم، مەن ئىسلام كەلگەن ۋاقىتتا كىچىك باللار ماڭا تۆگە مايىقلىرىنى ئېتىپ ئوينايدىغان ھالەتتە ئىدىم، دەيدۇ. قېرىپ كەتكەن ئادەم بولسا: ئى پەرۋەردىگارىم، ئىسلام كەلگەندە مەن قېرىلىقىمدىن بىر نېمىنى ئاڭقىرالماپتىكەنمەن، دەيدۇ. پەيغەمبەرلەر دەۋرىتى ئۈزۈلۈپ قالغان دەۋردە ياشاپ ئۆلگەن ئادەم بولسا: پەرۋەردىگارىم، سېنىڭ ھېچبىر ئەلچىڭ ماڭا كەلمىگەنىدى، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن الله ئۇلاردىن الله قا چوقۇم ئىتائەت قىلىدىغانلىقى ھەققىدە چىن ئەھدە ئالىدۇ-دە، ئۇلارغا بىر ئەلچى ئەۋەتىپ ‹ئوتقا كىرىڭلار› دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ». پەيغەمبەر ﷺ ئېيتىدۇ: «جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئوتقا**

**(ئىختىيارىي) كىرىدىغان بولسا ئوت ئۇلارغا سوغۇق ۋە ئامانلىق بېغىشلىغۇچى بولىدۇ (يەنى ئۇلار سىناقتىن ئۆتۈپ نىجات تاپىدۇ) ».** يەنە بىر رىۋايەتتە:« **كىم ئوتقا كىرسە، ئوت ئۇنىڭغا سوغۇق ۋە ئامانلىق بېغىشلىغۇچى بولىدۇ. ئوتقا كىرىشتىن باش تارتقان ئادەم دەۋزەخقە مەجبۇرىي تاشلىنىدۇ».** [ئەھمەد ۋە ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار توپلىغان]

__**ئىككىنچىسى:**__ تەۋھىدنى بىلمەسلىكتە ئۆزرىلىك ھېسابلانمايدىغان، دۇنيادا قەتئىي كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئىسلامغا كىرمەي شۇ پېتى ئۆلۈپ كەتسە، ئاخىرەتتە دوزىخىي بولىدىغانلىقىدىن شەك قىلىشقا بولمايدىغان كافىر.

ئۇنىڭ سۈپىتى شۇكى، دەۋەت يەتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان، ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ھەرىكەت قىلمىغان، تەۋھىدنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەپەككۇر قىلىشتىن كۆرە بىلمەسلىك ۋە جاھىلىيەتنى ئارتۇق كۆرۈپ ياشاپ ئۆلگەن. شۇنىڭدەك، دەۋەت بىلەن ئۇچرىششقا، ئۇنىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇشۇشقا تامامەن ئىمكانىيىتى بار تۇرۇقلۇق تىرىشمىغان، دۇنيا ھەلەكچىلىكى ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن تەۋھىدنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئەسلىي كافىرمۇ مۇشۇ قىسىمغا تەۋە بولىدۇ. بۇلارنىڭ تەۋھىد ھەققىتىنى ئۇقماي قېلىشى دەۋەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇش يەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملاشقان ھېساپتا بولىدۇ-دە، بۇ بىلمەسلىك ۋە خەۋەرسىزلىك ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتە ئازاپقا دۇچار بولىدىغانلىقىغا ئۆزرە بولالمايدۇ. بۇنداقلار دۇنيا-ئاخىرەتتە شەك-شۈبھىسىز كافىرلار سېپىدە بولىدۇ.

دېمەك، تەۋھىدنى بىلمەسلىك شۇ كىشىنىڭ ئەمەلىي شارائىتى ۋە ئۇ

ياشىغان مۇھىت ئېتىبارى بىلەن گاھىدا كىشىگە ئۆزرە بولالىشى، گاھىدا ئۆزرە بولالماسلىقى مۇمكىن، ئۇنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشكە بولمايدۇ.

تەۋھىدنى بىلمەيدىغان مۇسۇلمان بولسا تۆۋەندىكى بىر قانچە قىسىمغا ئايرىلىدۇ:

**بىرىنچى:** ئىسلامنى قوبۇل قىلغان لېكىن ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلىكى ياكى ئىلىم مەنبەسىدىن، ئۆلىما-دەۋەتچىلەردىن پەۋقۇلئاددە يىراق رايونلاردا ياشىغانلىقتىن يېتەرلىك دىنىي ئىلىم بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقى قاتارلىق ئىنسان چارە قىلالمايدىغان سەۋەبلەر تۈپەيلى بەزى تەۋھىد ئاساسلىرىنى ياكى ئىبادەتنىڭ مەلۇم تەركىبى قىسمىنى بىلمىگەنلىكتىن ئۇنىڭدىن كۇفرى ياكى شىرىك سانىلىدىغان قىلمىشلار سادىر بولغان بولسا، ئۇنىڭ تەۋھىدنى ئۆگىنىشىگە، تەۋھىد مەزمۇنلىرىدىن خەۋەر تېپىشىغا توسالغۇ بولىۋاتقان ئامىلنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا رىسالەت ھۆججىتى(يەنى، ھەق دەۋەت يەتكۈزگەنلىك ئىسپاتى)نى تۇرغۇزماي تۇرۇپ «كافىر» دەپ ھۆكۈم قىلىشقا ۋە مۇرتەدلىكنىڭ قالغان ئەگەشمە ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭدەك ئاخىرەتتە اللە نىڭ ئازابىغا دۇچار بولىدىغانلىقىغا كېسىپ ھۆكۈم قىلىۋېتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ.

**ئىككىنچى:** تەۋھىدنىڭ كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ دۇرۇس بولۇشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاساسىي شەرتلىرىنى ئىزدەنسە بىلىشكە، ئۆگىنىشكە تامامەن ئىمكانىيەت بار شارائىتتا تۇرۇپ، راھەت-پاراغەت، دۇنيا مەئىشىتى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن ئادەم. بۇنداقلار دىن ۋە تەۋھىد ھەققىدە ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارنى بىلمەسلىك سەۋەبىدىن

كۇفرى، شىرىك قىلمىشلارغا چۈشۈپ قالغان بولسا، بۇ خىل بىلمەسلىك ئۇلارغا ئۆزرە بولالمايدۇ. ئۇلار دۇنيادا كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىنىپلا قالماي، شۇ ھالىتىدە ئۆلسە ئاخىرەتتىمۇ كافىرلار قاتارىدا بولىدىغانلىقىغا شەك قىلىنمايدۇ. بۇنداق ئادەمگە كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشتا ئۇنىڭ ئۈچۈن شەخسەن ئايرىم ھۆججەت بەرپا قىلىش شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرلىك دەۋىتىنىڭ مەزمۇنى ئەتتىگەن- ئاخشىمى ئۇنىڭغا تەگلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئۆزى ئىزدىنىپ ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنمىغان ئادەمگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە «بىلمەيتتىكەنمەن» دەپ ئۆزرە ئېيتىشقا ئورۇن قويمىغۇدەك ھۆججەت ئالللقاچان تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ.

**ئۈچىنچى:** ئەقىدە ۋە تەۋھىدنىڭ بەزى تارماق- شاخچىلىرىدا ئېزىپ كەتكەنلەر. مەسىلەن: ئەشئەرىيلەر[1] گە ئوخشاش اللہ تەئالانىڭ

---

[1] ئەشئەرىيلەر، بەسرەدە تۇغۇلۇپ باغدادتا ياشاپ ئۆتكەن ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي رەھىمەھۇللاھ (ھىجرىيە 260~324)قا نىسبەت بېرىلىدۇ. ئۇلار ئەقىدە مەسىلىلىرىنى مۇقەررەرلەشتۈرۈشتە ۋە قارشى پىكىردىكىلەرگە رەددىيە بېرىشتە پەلسەپە ئۇسلۇبى بويىچە يول تۇتىدۇ. ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي دەسلەپتە ئۆگەي ئاتىسى ئەبۇ ئەلى ئەلجەبائىيدىن مۇئتەزىلە ئەقىدىسىنى تەلىم ئالغان ۋە بۇ يولدا كامالەتكە يېتىپ، بۇ مەزھەبنىڭ پىشىۋالىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. كېيىنچە، بۇ مەزھەبنىڭ نۇقسانلىرى ئۇنى بىئارام قىلىشقا باشلىغان، ئاخىرىدا بىر مەزگىل كىشىلەردىن ئايرىلىپ ھەق ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ئاندىن بىر جۈمە كۈنى چوڭ جامىئەگە چىقىپ بارلىق كىشىلەر ئالدىدا ئۆزىنىڭ مۇئتەزىلە ئەقىدىسىدىن يانغانلىقىنى ئېلان قىلغان. ئۇنىڭ ئەقىدە مەسىلىلىرىگە، جۈملىدىن اللہ تەئالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرىگە قارىتا سەلەفلەرنىڭ مەزھىبىگە ئوخشىمايدىغان ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل قاراشلىرى بار بولغانلىقتىن، ھەمدە ئەھلى كالام ئۇسلۇبىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كېتەلمىگەنلىكتىن، شۇنىڭدىن كېيىن مۇئتەزىلە بىلەن ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائە ئوتتۇرىسىدىكى يېڭى بىر مەزھەب بارلىققا كەلگەن. لېكىن ئۇ ئەھلى كالام ئۇسلۇبى ئارقىلىق مۇئتەزىلە، جەھمىيە ۋە خاۋارىج قاتارلىق ئازغۇن تويلارنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىغا رەددىيە بېرىپ، سۈننەت ۋە ئەقىدىنى ھىمايە قىلغان. بۇ سەۋەپتىن ئەشئەرىيلەر ئەھلى سۈننە ۋەلجەمائەگە يېقىن مەزھەب ھېسابلىنىدۇ. ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ: «ئەگەر بىر شەھەردە ئەشئەرىيلەردىن باشقا ھەق ئەھلى تېپىلمىسا، ئەھلى سۈننەت شۇلاردۇر» دېگەن. ئەشئەرىيلەرنىڭ سەلەفلەر ئەقىدىسىگە زىت پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى: 1-ئەقىلنى نەقىلدىن ئۈستۈن قويۇش، 2- اللہ تەئالانىڭ قۇدرىتى ۋە خاھىشىغا ئالاقىدار ئىختىيارىي سۈپەتلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىش، 3- اللہ تەئالانىڭ «ھايات، ئىلىم، قۇدرەت، ئىرادە، ئاڭلاش(السَمْع)، كۆرۈش(البَصَر)، ۋە ئىچىدە سۆزلەش(الكَلام النَّفْسِي)» قاتارلىق يەتتە سۈپەتتىن باشقا سۈپەتلىرىنى تەۋىل

ئىسىم-سۈپەتلىرىگە ئالاقىدار مەسىلىلەردە نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلىدىغانلار ۋەھاكازالار. ئەلۋەتتە بۇلار بۇ خىل قىلمىشى بىلەن گۇناھكار بولسىمۇ، ئۇلارنى كاپىرلىق بىلەن ئاتاش ياكى ھۆكۈم قىلىش دۇرۇس ئەمەس. ئاتاشقا توغرا كەلسە ئېزىپ كەتكەن ياكى بىدئەت پەيدا قىلغان دېگەن سۈپەت بىلەن ئاتالسا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتتىكى ھۆكمى ئەھلى قىبلە ئارىسىدىكى ئاسىي-گۇناھكارلارنىڭ ھۆكمىدە بولۇپ، ئازابقا دۇچار بولىدۇ ياكى بولمايدۇ دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ. بەلكى ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى اللّٰه قا تاپشۇرۇپ، اللّٰه تەئالا خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغفىرەت قىلىۋېتىدۇ، دەپ ئېتىقاد قىلىش لازىم. بۇ ھەقتىكى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن بۇنداق گۇناھكارلارنىڭ قىيامەت كۈنىسى ئازابقا لايىق ئىكەنلىكى مەلۇم.

**تۆتىنچى:** بۇ خىل گۇناھقا مەقسەتسىز ھالدىكى خاتا شەرھلەش ياكى شەرىئەت ئېتىراپ قىلىدىغان ئىجتىھاد ياكى ئۆزرىلىك ھالەتتىكى بىلمەسلىكتىن

---

قىلىش(يەنى، ئەسلى مەنىسىنىڭ ئورنىغا باشقا مەنا ئېيتىش) 4-ئىماننى قەلبتىكى تەسدىقچە چەكلەپ قويۇش قاتارلىقلار.

ئەجەبلىنەرلىكى، ئەشئەرىيلەر ئۆز مەزھىبىنىڭ ساھابىلار ۋە تابىئىنلار دەۋرىدىن كېيىن پەيدا بولغانلىقىنى ۋە بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىدۇ. تارىختا ئۇلاردىن نۇرغۇن كاتتا ئۆلىمالار مەيدانغا كېلىپ، بۇ مەزھەبنىڭ پىكىر- ئەقىدىلىرىنى رەتلەشتە، قائىدە- پرىنسىپلارنى تۇرغۇزۇپ، قارشى پىكىردىكىلەرگە خۇسۇسەن مەزكۇر ئازغۇن گۇرۇھلارغا رەددىيە بېرىشتە ۋە بۇ مەزھەبنىڭ تارقىلىشىدا كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. نەتىجىدە بۇ مەزھەب ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەرەپ- تەرەپلىرىگە تارقىغان. لېكىن شۇ ئۆلىمارلارنىڭ تولىسى ئەھلى كالام ئۇسلۇبىدىكى نوقسانلارنى ھېس قىلىشىپ، ئاخىرقى ئۆمۈرلىرىدە سەلەفلەر يولىغا قايتىشقان. ئەشئەرىيلەرنىڭ ئۆزىمۇ تەن ئالىدىغان يەنە بىر نۇقتا شۇكى، ئىلگىرىكى ئەشئەرىيلەر بىلەن كېيىنكى ئەشئەرىيلەر ئارىسىدا ئەجەللىك ئوخشىماسلىقلار بار. كېيىنكىلەر گاھى مەسىلىلەردە سەلەفلەر يولىدىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن.[«ئىسلام تورى» بېكىتىدىكى «فرقة الأشاعرة (ئەشئەرىيلەر پىرقىسى)» دېگەن ماقالىغا قاراڭ.]

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر ئىش، مىسىر ئەزھەر جامىئەسى(ئۇنىۋېرسىتېتى) بۇرۇندىن ئەقىدە دەرسلىكىگە ئەشئەرىي ئەقىدىسىنى ئاساس قىلغان. بۇ ھېلىھەم مىراس سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەينى زاماندا بىر مەزگىل ئەزھەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان دىنىي ئالىم، مۇجاھىد ئۇستاز ئابدۇقادىر داموللام رەھىمەھۇللاھ «زۆرۈر ئەقىدىلەر» دېگەن كىتابچىسىدىكى اللّٰه تەئالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇننى پۈتۈنلەي ئەشئەرىيلەر ئەقىدىسى بويىچە يېزىپ چىققان. ـــــ ت.

چۈشۈپ قالغان بولسا، خاتالاشقان شۇ مەسىلىدىكى ھەقىقەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش ئارقىلىق شەرئىي ھۆججەتنى تۇرغۇزماي تۇرۇپ، ئۇنداق ئادەمنى ئازغۇن ياكى بىدئەتچى دەپ ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ. گەرچە شۇ ئىش ئازغۇنلۇق ياكى بىدئەت بولغان تەقدىردىمۇ.

بۇنداق مەسىلىلەرگە كىرىشمەكچى بولغان ئادەمگە يۇقىرىقى تەپسىلاتلار ناھايىتى مۇھىم بولۇپ، بىز ئۇنى بۇ ئورۇندا ئىنتايىن قىسقارتقان ھالدا بايان قىلدۇق. بۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلالمىغان، تېخىمۇ كەڭرى مەلۇماتقا، تەپسىلاتلارنىڭ دەلىللىرىگە ئېرىشمەكچى بولسىڭىز «العُذْرُ بالجّهل (بىلمەسلىك ئۆزرىسى)» ۋە «قَوَاعِد في التَّكْفِير (كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىشتىكى قائىدىلەر)» قاتارلىق كىتابلىرىمىزغا مۇراجەت قىلسىڭىز بولىدۇ. اللہ خالىسا، بۇ ئىككى كىتابتا شۇ ھەقتىكى مۇرادىڭىز ھاسىل بولغۇسى.

## بىلمەسلىكتىن ئېزىپ كەتكۈچىگە ھۆججەت تۇرغۇزۇش پرىنسىپلىرى

يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن، بىلمەسلىك سەۋەبىدىن خاتا ئىشقا چۈشۈپ قالغان ئادەمگە ھۆكۈم قىلىشتا ئۇنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دەۋەت مەزمۇنىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزرىگە ئورۇن قويمايدىغان ھۆججەت بەرپا قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتكەنسىز. ئەلۋەتتە بۇنداق كىشىگە كېسىپ ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئالدىدا ھۆججەت تۇرغۇزۇشنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرى بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- بىلمەي ئازغان ئادەم چوقۇم بىلمەسلىكتە ئۆزرىلىك كىشىلەردىن

بولۇشى لازىم، ئۇ بولسىمۇ يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك ئىنسان چارە قىلالـمايدىغان ھالەتتىكى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققان شەرئىيەتكە خىلاپ ئىشقا چۈشۈپ قېلىشتۇر. ئەمما بىلمەسلىكى ھېچبىر توسالغۇسىز ياكى ئىمكان قىلغىلى بولىدىغان سەۋەبتىن بولۇپ، بىلىشكە ئۆزى ئورۇنمىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۆزرە ئېيتىدىغان ھەققى بولمايدۇ. ئەگەر شۇ سەۋەبتىن ئاشكارا كۇفرىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنى كافىر دەپ ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قايتا ھۆججەت تۇرغۇزۇش شەرت قىلىنمايدۇ. چۈنكى ھۆججەت دەۋەت مەزمۇنىنىڭ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا مەۋجۇد بولۇشى بىلەن ئاللىقاچان بەرپا بولغان بولۇپ، دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا ھەرىكەت قىلماسلىق ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولغان.

2- بىلمەسلىكتىن ئىبارەت كەتكۈچىگە ئۇنىڭ شۇ خاتالىقى توغرا شەرئىي پاكىت ئاساسىدا يەتكۈزۈلسە، ئۇنىڭغا شەرئىي ھۆججەت تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ. مەسىلەن: بىر ئادەم ھاراقنىڭ شەرئىيەتتىكى ھۆكمىنى بىلمەي، ھاراقنى ھالال ساناشتىن ئىبارەت كۇفرانە قىلمىشنى سادىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭ كۇفرىغا سەۋەب بولغان شۇ بىلمەسلىكنى ئۈزۈل-كېسىل يوق قىلىدىغان ئىلىم ـــ ھاراق ھەققىدىكى توغرا شەرئىي ھۆكۈم ئۇنىڭغا يەتمىكى لازىم. ئەگەر بۇنىڭ ئورنىدا زىنا ياكى جازانىنىڭ شەرئىي ھۆكمى يەتكۈزۈلسە ئۇنىڭغا ھۆججەت تۇرغۇزۇلغان بولمايدۇ. چۈنكى، زىنانىڭ ھاراملىقىنى ئىپادىلەيدىغان شەرئىي ھۆكۈم ئۇنىڭدىكى ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى بىلمەي قالغان ئاجىزلىقىنى يوق قىلالمايدۇ.

3- بىلمەي ئىبارەت كەتكەن ئادەمگە ھۆججەت تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ھەققەت چوقۇم مەقسەتنى ئاڭقىرالىغۇدەك، چۈشىنىشلىك تىل بىلەن

يەتكۈزۈلشى شەرت. ئەمما ئۇنى شەرئەت تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلغۇدەك دەرىجىدە قانائەتلەندۈرۈش شەرت ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئىككىسى ئەلۋەتتە پەرقلىق ئىككى ئىش.

4- ھۆججەت تۇرغۇزۇشتا ئۇنى يەتكۈزىدىغان ۋاستە مۇھىم ئەمەس. ساغلام دىنىي مەلۇماتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتاب-ژورنال، رادىئو دىنىي پروگراممىلىرى، ئېنتېرنېت تورى بېكەتلىرى ياكى تەۋھىد دەۋەتچىلىرى قاتارلىقلار ھەممىسى دىنىدىن خەۋەرسىز قالغانلارغا پەيغەمبەرلىك دەۋەت مەزمۇنىنى يەتكۈزۈپ، اللہ نىڭ ھۆججىتىنى تۇرغۇزىدىغان ۋاستىلەردۇر. قايسى خىل ۋاستە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ مۇھىمى بىلمەسلىكتىن مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىدىكى بىلمىسىزلىك ئۆزرىسىنى يوق قىلىدىغان توغرا دىنىي ئىلمنى ئۇ چۈشىنەلەيدىغان تىل بىلەن يەتكۈزسە، ھۆججەتنىڭ بەرپا بولىشىدىكى ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. زامانىمىز مۇرجىئەلىرىنىڭ قىلچە ئاساسسىز ھالدا، ئۆز ھاۋايى-ھەۋەسلىرى بويىچە توقۇپ چىققىنىدەك، ھۆججەت تۇرغۇزغۇچىنىڭ چوقۇم موللا، ئالىم، مۇجتەھىد، يېتىشكەن فەقىھ ... دېگەندەك ئۇزۇن تىزىملىكتىكى سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسىگە ئىگە بولىشى شەرت ئەمەس. لېكىن، بىلمەسلىك ئۆزرىسى بىلەن ھەقتىن چەتنەپ كەتكەن ئادەمگە ھۆججەت تۇرغۇزغۇچىنىڭ زۆرۈر شەرتى بايان قىلماقچى بولغان شۇ مەسىلىگە نىسبەتەن چوقۇم تولۇق شەرئىي مەلۇماتقا ئىگە بولغان بولىشى كېرەك، دېگەن سۆز ئەلۋەتتە ھەقىقەتتۇر. چۈنكى ئۆزى چۈشەنمىگەن، بىلمىگەن بىر ئىشنى ھەرگىزمۇ بىراۋغا يەتكۈزۈش مۇمكىن بولمايدۇ.

5- پەيغەمبەرلەر دەۋىتى ۋە ئاگاھلاندۇرۇشى يەتمىگەن ئەسلىي كافىرغا

ھۆججەت تۇرغۇزۇشتا ئۇنىڭ «مۇھەممەد اللہ تەئالانىڭ ئەھلى جاھانغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى، ئۇ ئىنسانلارنى اللہ تىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ يوق، دېگەن تەۋھىد ئەقىدىسىگە چاقىرىدۇ» دېگەن مەلۇماتنى ئاڭلىشى كۇپايە. بۇ سۆز ئۇنىڭغا ئۇ چۈشىنىدىغان تىل بىلەن يەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلماي ئۇنى رەد قىلغان ياكى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈگەن بولسا، ئۇنىڭدىكى بىلمەسلىك ئۆزرىسى يوقۇلۇپ، شەرئىي ھۆججەت ئۇنىڭغا تۇرغۇزۇلغان بولىدۇ-دە، دۇنيادا شەكسىز كافىر بولۇش بىلەن بىرگە شۇ ھالىتىدە ئۆلسە ئاخىرەتتىمۇ كافىرلار قاتارىدا دەۋزەخ ئازابىغا قالىدىغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىلىدۇ.

بۇنىڭ دەلىلى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەن مۇنۇ سۆزى: **«مۇھەممەدنىڭ جېنى قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بۇ ئۈممەتتىن يەھۇدىي ياكى ناسارا بولسۇن، كىمكى مېنىڭ خەۋىرىمنى ئاڭلاپ، مەن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرمەي ئۆلسە شەكسىز دەۋزەخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ».** [ئىمام مۇسلىم]

بۇ ھەدىس ھەرقانداق ئىنساننىڭ پەيغەمبەر ﷺ ھەققىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شۇنچىلىك مىقداردىكى سۆزنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇنىڭ ئۆزرىسىنىڭ يوقۇلۇپ، دەۋزەختا مەڭگۈ قالىدىغان كافىرلاردىن بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

6- بىلمىسىز مۇسۇلمانغا تۇرغۇزۇلىدىغان ھۆججەت مەزمۇنى شۇ كىشى سادىر قىلغان شەرىئەتكە خىلاپ ئىشنىڭ تۈرى، ئۇ كىشىنىڭ شارائىتى ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان شۈبھىلەرگە ئاساسەن بېكىتىلىدۇ. يەنى، بەزى مۇخالىپ قىلمىشلارغا بىر ئېغىز گەپ بىلەن ياكى بىرەر ئايەت- ھەدىسنى يەتكۈزۈش

بلەن ھۆججەت بەرپا بولىدۇ. يەنە بەزى مۇخالىپ ئىشلارغا ھۆججەت تۇرغۇزۇشقا شۇ كىشىدىن تۇغۇلغان خاتا چۈشەنچە ياكى شۈبھىلەرگە قارىتا نۇرغۇن بايان ۋە چۈشەندۈرۈشكە، ئۇزاق مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىلەرگە موھتاج بولىدىغان گەپ. شۇنىڭدەك، كۇفرىي قىلمىش ئىكەنلىكى ئېنىق ئاشكارا بولمىغان، ھەرخىل ئېھتىماللىقى بار بەزى مۇخالىپ ئىشلارمۇ بولۇپ، ئۇنى سادىر قىلغۇچىنىڭ نىيەت- مەقسىدىگە ئېتىبار بەرگەن ئاساستا، ئۇنىڭدىكى كافىرلىق ئېھتىماللىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىگە توغرا قاراپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. خۇسۇسەن، بۇ خىل مۇخالىپەتچىلىك ئىلىم ۋە ئىجتىھاد بىلەن، دىن يولىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك جىھاد ۋە سىناقلار بىلەن تونۇلغان كىشىلەردىن كۆرۈلگەندە، ئۇلار ھەققىدە ياخشى گۇمان قىلىشقا كەڭرى ماجال قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل مۇخالىپەتچىلىككە چۈشۈپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئامىل ۋە ئۇلارنىڭ نىيىتى ۋە مەقسىدىگە رىئايە قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە ئالدىراپ ھۆكۈم چىقىرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

شۇ سەمىگىزدە بولسۇنكى، ئاشكارا چوڭ كۇفرى سادىر بولغاندا كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر يۇقىرىقى نىيەت-مەقسەدكە رىئايە قىلىش، ياخشى گۇمان قىلىشلارغا اللہ نىڭ دىنىدا رۇخسەت قالمايدۇ.

## ئۈتىنچى شەرت؛ راستچىللىق (سەمىمىيەت) ۋە ئىخلاس

تەۋھىدنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى، سەمىمىيەت ۋە ئىخلاس بولۇپ، بۇ ھەقتە پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن:

" مَا مِنْ أَحَدٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا رَسُولُ اللَّهِ صِدْقًا مِنْ قَلْبِهِ،

إِلَّا حَرَّمَهُ اللَّهُ عَلَى النَّارِ "رواه البخاري

**« هەر قانداق بىر كىشى ‹الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەدﷺ الله نىڭ ئەلچىسى› ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن سەممىيەت بىلەن گۇۋاھلىق بەرسە، الله ئۇنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ»**

" أَبْشِرُوا، وَبَشِّرُوا مَنْ وَرَاءَكُمْ، أَنَّهُ مَنْ شَهِدَ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ صَادِقًا بِهَا، دَخَلَ الْجَنَّةَ " رواه البخاري

**«ئۆزەڭلار خۇشخەۋەر تېپىڭلار! كەينىڭلاردىكى كىشىلەرگىمۇ خوش بېشارەت يەتكۈزۈڭلاركى، سەممىي ھالدا ‹ لا إله إلا الله › قا گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەم جەننەتكە كىرىدۇ.»**

بۇ ھەدىسلەردىكى قارشى ئۇقۇم شۇنى كۆرسىتىدۇكى، بىر كىشى لا إله إلا الله (الله تىن باشقىسى ھەق ئىلاھ ئەمەس) ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپتۇ-يۇ، ئەمما بۇ گۇۋاھلىقىدا راستچىل ۋە سەممىي بولمىسا، ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ. بەلكى ئۇ دوۋزاخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ. الله تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿فَمَن كَانَ يَرْجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلْيَعْمَلْ عَمَلًا صَٰلِحًا وَلَا يُشْرِكْ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدًۢا ﴾

**﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾**

[كەھف: 110].

ئىخلاس ــــ قەلبنى بەندىگە باغلىنىپ قېلىشتىن، نىيەتنى رىيا بىلەن بۇلغىنىشتىن ساپ ۋە پاك تۇتۇش دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ھەر قانداق ئىبادەتنىڭ

مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. اللّٰه تەئالانىڭ **﴿پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾** دېگەن سۆزىدە بۇيرۇلغىنى دەل ئىخلاسنى بەرپا قىلىشتۇر. ئەلۋەتتە ئىبادەت مەزمۇنى ئىچىدىكى ئەڭ يادرولۇق ئەمەل تەۋھىد بولۇپ، ئۇنى ئىخلاسسىز ئورۇندىغان ئادەمنىڭ ھېچبىر ئەملى، جۈملىدىن تەۋھىدى مەقبۇل بولمايدىغان مۇناپىق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئېنىق.

اللّٰه تەئالانىڭ :﴿ ٱلَّذِى خَلَقَ ٱلْمَوْتَ وَٱلْحَيَوٰةَ لِيَبْلُوَكُمْ أَيُّكُمْ أَحْسَنُ عَمَلًا ۚ ﴾

**﴿سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، اللّٰه ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى﴾** [مۇلۇك : 2] دېگەن سۆزى ھەققىدە مۇپەسسىرلەر: «سىلەرنىڭ قايسىڭلارنىڭ ئەمەلىنىڭ شەرىئەتكە ئەڭ مۇۋاپىق، شىرىك ۋە رىيادىن ئەڭ ساپ ۋە خالىس ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن.. » دەپ مەنا ئېيتقان.

اللّٰه تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَآ أُمِرُوٓا۟ إِلَّا لِيَعْبُدُوا۟ ٱللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤْتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ۚ وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلْقَيِّمَةِ ۝٥ ﴾

**﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللّٰه قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.﴾** [بەييىنە:5]

اللّٰه تەئالا بەندىلىرىنى ئىخلاس ۋە سەممىيەت بىلەن تەۋھىدنى بەرپا قىلغان ھالدا يېگانە اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ھەر قانداق ئىبادەت

تەۋھىد ئاساسىدا قىلىنمىسا قەتئىي مەقبۇل بولمايدۇ، ئىخلاس ۋە سەممىيەت بولمىسا تەۋھىد ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بەندە ۋۇجۇدىدا سەممىيەتنىڭ يوق بولىشى ئىنساننى دوۋزاخنىڭ ئەڭ قەئرىگە مەھكۇم قىلىۋېتىدىغان چوڭ مۇناپىقلىقنىڭ ئۇنىڭدا قارار تاپقانلىقىنىڭ ئالامىتى.

الله تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿إِنَّ ٱلْمُنَٰفِقِينَ فِى ٱلدَّرْكِ ٱلْأَسْفَلِ مِنَ ٱلنَّارِ وَلَن تَجِدَ لَهُمْ نَصِيرًا ﴿١٤٥﴾﴾

**﴿مۇناپىقلار چوقۇم دەۋزەخنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە (يەنى قەئرىگە) تاشلىنىدۇ، ئۇلارغا ھەرگىزمۇ (ئازابتىن قۇتقۇزىدىغان) مەدەتكار تاپالمايسەن.﴾** [نىسا:145]

﴿وَعَدَ ٱللَّهُ ٱلْمُنَٰفِقِينَ وَٱلْمُنَٰفِقَٰتِ وَٱلْكُفَّارَ نَارَ جَهَنَّمَ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۚ هِىَ حَسْبُهُمْ ۚ وَلَعَنَهُمُ ٱللَّهُ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ مُّقِيمٌ ﴿٦٨﴾﴾

**﴿الله مۇناپىق ئەرلەرگە، مۇناپىق ئاياللار ۋە كۇففارلارغا دەۋزەخنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار دەۋزەختا مەڭگۈ قالىدۇ. دەۋزەخ ئۇلارنى (ئازابلاشقا) يېتەرلىكتۇر، الله ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ئازابقا دۇچار بولىدۇ.﴾** [تەۋبە: 68]

دېمەك، بۇلاردىن بۇ شەرتنىڭ ھەقىقەتەن تەۋھىدنىڭ بەرپا بولۇشىدىكى زور ئەھمىيىتىنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

لا إله إلا الله نىڭ سەممىيەت ۋە ئىخلاستىن ئىبارەت بۇ شەرتىنى تونىغان بولسىڭىز، كەررامىيە مۇرجىئەلىرىنىڭ، شۇنداقلا بىز ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن زامانىمىزدىكى ئۆزىنى باشقا چىرايلىق ناملار بىلەن ئاتىۋالغان مۇرجىئەلەرنىڭ

«قەلبدە تەسدىق ۋە ئېتىقاد بولمىسمۇ، ئېغىزىدا ‹لا إله إلا الله› دېگەن ئادەم ئىمانغا ئېگە مۇئمىن بولىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنىڭ باتىل ئىكەنلىكىدىن شەك قىلمايسىز.

بۇ ھەقىقەتەن باتىل ۋە كۇفرىي مەزھەپتۇر. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئېتىقادىچە بولغاندا، ئېغىزىدا لا إله إلا الله نى ئىقرار قىلغان، ئەمما قەلبدە ئۇنى يالغانغا چىقىرىپ ئىسلامغا ئۆچ-ئاداۋەتنى يوشۇرۇپ ساقلاۋاتقان زىندىق ۋە مۇنافىقلار مۇئمىن ۋە جەننەت ئەھلى ھېساپلىنىدۇ. بۇ ئېنىق ھالدا، مۇنافىقلار ھەققىدىكى — ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرمەيدىغانلىقى، دوۋزاخنىڭ ئەڭ قەئرىگە تاشلىنىپ، كافىرلاردىن بەتتەر ئېغىر ئازاپقا قالىدىغانلىقى توغرىسىدىكى نۇرغۇن شەرئىي دەلىللەرنى يالغانغا چىقارغانلىقتۇر.

لا إله إلا الله نىڭ بۇ شەرتىدىن يەنە تەۋھىد كەلىمىسىنى چىنلىقتىن خالى ھالدا، كۆلكە-چاقچاق ئورنىدا ياكى مۇسۇلمانغا ئوخشىۋېلىپ مالامەتنى جىمىقتۇرۇش مەقسىتىدە دەيدىغانلارنىڭ تەۋھىد گۇۋاھلىقىدا سەممىي-راستچىللاردىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن مۇئمىن — مۇسۇلمان بولۇپ قالمايدىغانلىقىنىڭ روشەن دەلىلى ئاشكارا بولىدۇ.

شۇنىڭدەك، ھاكىمىيەت تاغۇتلىرىدىن مۇسۇلمان خەلقنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۆزىنى ئۇلارغا، دوست تۇتۇش ۋە بويسۇنۇش ۋاجىپ بولىدىغان ياخشى مۇسۇلمان ھۆكۈمران قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، لا إله إلا الله نى ئېغىزىدا دەپ قويۇش ياكى سىياسىي مەنپەئەتكە زىيان ئېلىپ كەلمەيدىغان بەزى دىنىي پائالىيەتلەرگە كەڭرى يول قويۇش دېگەندەك ھەر خىل ساختا پەردازلار بىلەن قوي تېرىسىگە ئورانغان بۆرە قىياپىتىنى — كافىر ۋە تاغۇتلۇقىنى يوشۇرىۋاتقان؛

ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىنى، تەۋھىد كەلىمىسىنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى پەش قىلىپ، خەلقنى ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىگە قانائەتلەندۇرۇشكە پۇتكۈل ئەقلى ۋە بىلىمىنى ئىشقا سېلىپ كۈچەۋاتقان مۇرجىئە موللىلىرىدىن يانتاياق سۇپىتىدە پايدىلىنىۋاتقان ھۆكۈمران تاغۇتلارنىڭ ئېيتقان تەۋھىد-شاھادەتلىرىگە نېمە دېگۈلۈك؟! ئېيتىش كېرەككى، ئۇلارنىڭ سىياسى غەرەز ۋە تاكتىكا يۈزىسىدىن قىلچە ئىخلاس ۋە سەمىمىيەتسىز ھالدا ئېيتقان تەۋھىد گۇۋاھلىقلىرى، تىلىنىڭ ئۇچىدىكى ئىمانلىرى ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ.

شۇنداقلا، ئىلمانىزىم تەشۋىقاتچىلىرى ۋە مىللەت، ۋەتەن دەۋاگەرلىرىگە ئوخشاش بۈگۈنكى زامان زىندىقلىرىنىڭ ئېيتقان تەۋھىد گۇۋاھلىقلىرىمۇ ئۇلارغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قىلچە مەنپەئەتسىز. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغىنى ئىخلاس ۋە سەمىمىيەتتىن ئىبارەت لا إله إلا الله نىڭ شەرتى ئەمەس، بەلكى، تەۋھىدنىڭ كۈشەندىسى بولغان كۇفرى بىلەن نىفاقتۇر.

## بەشىنچى شەرت: شەكنىڭ يوقۇلۇپ جەزمىيەت ھاسىل بولىشى

تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ شەرتلىرىدىن بىرى؛ لا إله إلا الله قا، ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە شەرتلىرىگە قارىتا شەكنىڭ يوقۇلۇپ، قەتئىي ئىشەنچنىڭ ھاسىل بولۇشىدۇر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿جَآءَتۡهُمۡ رُسُلُهُم بِٱلۡبَيِّنَٰتِ فَرَدُّوٓاْ أَيۡدِيَهُمۡ فِيٓ أَفۡوَٰهِهِمۡ وَقَالُوٓاْ إِنَّا كَفَرۡنَا بِمَآ أُرۡسِلۡتُم بِهِۦ وَإِنَّا لَفِي شَكّٖ مِّمَّا تَدۡعُونَنَآ إِلَيۡهِ مُرِيبٖ ۝٩ قَالَتۡ رُسُلُهُمۡ أَفِي ٱللَّهِ شَكّٞ فَاطِرِ

ٱلسَّمَـٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ ﴾

**﴿ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، ئۇلار قوللىرى بىلەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېغىزلىرىغا ئىشارەت قىلىپ (يەنى ئۇلارنىڭ سۆكۈت قىلىشىنى كۆرسىتىپ): «بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز، بىز سىلەر دەۋەت قىلىۋاتقان ئىشقا ھەقىقەتەن زور گۇماندىمىز» دېدى. پەيغەمبەرلىرى: «ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقۇچى اللە نىڭ (بىرلىكىدە) شەك بارمۇ؟...دېدى.﴾** [ئىبراھىم:10]

ئۇلار پەيغەمبەرلەر دەۋىتىنىڭ ھەقلىقىگە شەك قىلغانلىقى ئۈچۈن كافىر بولغان. تارىختىكى پەيغەمبەرلەر دەۋىتىنىڭ مەزمۇنى تەۋھىدكە يەنى، لا إله إلا الله گۇۋاھلىقىغا چاقىرىشتىن ئىبارەت. اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَآ أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَـٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.﴾** [ئەنبىيا:25]

تارىختىكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمىگە:﴿يَا قَوْمِ اعْبُدُواْ اللّهَ مَا لَكُمْ مِنْ إِلَهٍ غَيْرُه﴾ **﴿ئى قەۋمىم! اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار، سىلەرگە اللە تىن باشقا مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.﴾** دېگەن.

﴿وَلَقَدۡ بَعَثۡنَا فِى كُلِّ أُمَّةٍ رَّسُولاً أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّـٰغُوتَۖ ﴾

**﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق...﴾** [نەھل:36]

تەۋھىدتىن شۇبھىلىنىش ــ ئىنساننى ئاپىرىدە قىلغان، ئۇنى چىرايلىق سۇرەتتە ياراتقان الله تەئالانىڭ زاتىغا شەك كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كافىرلار الله نىڭ بارلىقىدىن شەكلەنگەن ئەمەس، بەلكى الله نىڭ يەككە ــ يېگانىلىقىدىن شەكلەنگەن. بۇ شەك ئۇلارنىڭ الله تەئالانىڭ ئىبادەتكە لايىق ھەق ئىلاھ ئىكەنلىكىدىن شەكلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

دېمەك، كىمكى تەۋھىدكە ياكى دىنىدىكى بىلىش زۆرۈر بولغان بىر ئىشقا شەك قىلسا، ئەمەلىيەتتە ئۇ الله قا، الله ۋەھيي قىلغان ھەقىقەتلەرنى يەتكۈزگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىغا شەك كەلتۈرگەن بولىدۇ.

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەرﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنغان:

" أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنِّي رَسُولُ اللَّهِ، لَا يَلْقَى اللَّهَ بِهِمَا عَبْدٌ غَيْرَ شَاكٍّ فِيهِمَا، إِلَّا دَخَلَ الْجَنَّةَ " رواه مسلم

**«گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن الله نىڭ ئەلچىسى... ھەر قانداق بەندە بۇ ئىككى كەلىمە بىلەن -ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن شەك قىلماستىن- الله قا ئۇچراشسا، الله ئۇنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.»**

ھەدىس دالالەت قىلىدىغان قارىمۇ-قارشى مەزمۇن شۇنى ئۇقتۇرىدۇ: كىمكى تەۋھىد ھەققىدىكى بۇ ئىككى گۇۋاھلىققا ياكى ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپ-شەرتلىرىدىن بىرەرسىگە شەك قىلغان ھالدا الله قا مۇلاقات بولسا، ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرەلمەيدۇ ۋە جەننەت ئەھلىدىن بولالمايدۇ، شۇنداقلا تەۋھىدنىڭ ھەقىقى گۇۋاھچىلىرىدىن بولالمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن:

"مَنْ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، مُسْتَيْقِنًا بِهَا قَلْبُهُ فَبَشِّرْهُ بِالْجَنَّةِ " رواه مسلم

**«كىمكى چىن قەلبىدىن جەزمى قىلغان ھالدا ‹لا إله إلا الله›قا گۇۋاھلىق بەرسە، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بەرگىن.»**

ھەدىسنىڭ قارشى مەزمۇنى؛ لا إله إلا الله قا ۋە ئۇنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىغا قەلبىدە جەزمىيەت يوق ھالدا شەك-گۇمان بىلەن گۇۋاھلىق بەرگەن ئادەمگە جەننەت بىلەن بىشارەت بەرمىگىن. جەننەتتىن مەھرۇم بولغان ئادەمنىڭ دەۋزەخ ئوتىدىن باشقا قارارگاھى بولمايدۇ. الله بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!

تەۋھىدكە جەزمى قىلىش دېگەن الله تەئالانىڭ ئىلاھلىق، پەرۋەردىگارلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئىسىم-سۈپەتلىرىدە تەڭداشسىز يەككە-يېگانە، ھېچ شېرىكى يوق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا بەندىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىغا لايىق بىردىنبىر ھەق ئىلاھ ئىكەنلىكىگە نىسبەتەن ھەر قانداق شەك-شۈبھە ۋە گۇماننى يوقۇتۇپ تاشلايدىغان پۇختا ئىلىمنىڭ ھاسىل بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئالتىنچى شەرت: « لا إله إلا الله » قا ئەمەل قىلىش

تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ دۇرۇس بولۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى، بەندىنىڭ لا إله إلا الله قا، ئۇنىڭ تەلەپ - تەقەززالىرىغا ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا مۇكەممەل ئەمەل قىلىشىدۇر. بارلىق پەيغەمبەر-ئەلچىلەرگە لا إله إلا الله نىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى مەقسەد-نىشانمۇ ئۇنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ ھەقتە الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أُمِرُوٓاْ إِلَّا لِيَعۡبُدُواْ ٱللَّهَ مُخۡلِصِينَ لَهُ ٱلدِّينَ حُنَفَآءَ وَيُقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَيُؤۡتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ

وَذَٰلِكَ دِينُ ٱلۡقَيِّمَةِ ﴿٥﴾ ﴾

**﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللهقا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللهغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر.﴾** [بەييىنە:5]

﴿وَمَا خَلَقۡتُ ٱلۡجِنَّ وَٱلۡإِنسَ إِلَّا لِيَعۡبُدُونِ ﴿٥٦﴾ ﴾

**﴿جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.﴾** [زارىيات:56]

مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتنى: بارچە ئىبادەتنى پەقەت ماڭىلا قىلىپ تەۋھىدنى بەرپا قىلىشلىرى ئۈچۈن ياراتتىم ، دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ تەفسىر قىلغان.

تەۋھىدكە ئەمەل قىلىشتىن ئىبارەت مۇشۇ بىر شەرتنىڭ شەرتلىك خۇسۇسىيىتىنى بىكار قىلغانلىق ماھىيەتتە الله تەئالانىڭ كائىناتنى يارىتىشتىكى ھېكمىتىنى ئىنكار قىلغانغا؛ پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتىپ كىتابلارنى نازىل قىلىشتىكى مەقسىدىگە سەل قاراپ، اللە نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بولغان تەۋھىدنى ئەمەلدىن قالدۇرغانغا؛ شۇنداقلا بىر پۈتۈن دىننى جېنىدىن جۇدا قىلىپ بۇزۇپ تاشلىغانغا باراۋەر. الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا أَرۡسَلۡنَا مِن قَبۡلِكَ مِن رَّسُولٍ إِلَّا نُوحِيٓ إِلَيۡهِ أَنَّهُۥ لَآ إِلَٰهَ إِلَّآ أَنَا۠ فَٱعۡبُدُونِ ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: «مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار» دەپ ۋەھيى قىلدۇق.﴾** [ئەنبىيا:25]

﴿وَلَقَدۡ بَعَثۡنَا فِي كُلِّ أُمَّةٖ رَّسُولًا أَنِ ٱعۡبُدُواْ ٱللَّهَ وَٱجۡتَنِبُواْ ٱلطَّٰغُوتَۖ﴾

**﴿بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: «اللە قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن يىراق بولۇڭلار» دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق...﴾** [نەھل،36].

بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپە ۋە نىشانىنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ، ئۇنىڭ پەقەت الله تەئالانىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بولغان تەۋھىدنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

فارىس تاغۇتلىرى بۇيۇك ساھابە رىبئىي ئىبنى ئامىر ﷛دىن ئىسلام قوشۇنىنىڭ نېمە مەقسەتتە قوزغىلىپ فارىس زېمىنىغا ئۇرۇش ئېچىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا سوئال قىلغاندا، ئۇ: «شۈبھىسىزكى، الله تەئالا بىزنى بەندىلەرنى بەندىلەرگە قۇللۇق قىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، بەندىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن؛ تۈرلۈك دىنلارنىڭ زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئىسلامنىڭ ئادالىتىگە ئېرىشتۈرۈش ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن؛ دۇنيا زىندانىدىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ئازادىچىلىككە چىقىرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى»، دەپ جاۋاب بەرگەن.

عَنْ مُعَاذٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، قَالَ: "كُنْتُ رِدْفَ النَّبِيِّ ﷺ عَلَى حِمَارٍ، يُقَالُ لَهُ: عُفَيْرٌ، فَقَالَ: يَا مُعَاذُ هَلْ تَدْرِي حَقَّ اللَّهِ عَلَى عِبَادِهِ وَمَا حَقُّ الْعِبَادِ عَلَى اللَّهِ؟، قُلْتُ: اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَعْلَمُ، قَالَ: فَإِنَّ حَقَّ اللَّهِ عَلَى الْعِبَادِ أَنْ يَعْبُدُوهُ، وَلَا يُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا، وَحَقَّ الْعِبَادِ عَلَى اللَّهِ أَنْ لَا يُعَذِّبَ مَنْ لَا يُشْرِكُ بِهِ شَيْئًا، فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، أَفَلَا أُبَشِّرُ بِهِ النَّاسَ، قَالَ: لَا تُبَشِّرْهُمْ فَيَتَّكِلُوا " متفق عليه

**مۇئاز ئىبنى جەبەل ﷛ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرﷺ مىنگەن بىر**

**ئشەكنىڭ كەينىگە مىنگەشتۈرۈۋالغان ئىدىم. پەيغەمبەرﷺ ماڭا: «ئى مۇئاز، اللهنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمىلىكىنى، بەندىلەرنىڭ الله ئۈستىدىكى ھەققىنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ - دەپ سوئال تاشلىدى. مەن دېدىم: الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ ئېيتتى: «اللهنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ الله قىلا ئىبادەت قىلىپ، ھېچبىر شەيئىنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكى؛ بەندىلەرنىڭ الله تىكى ھەققى بولسا، الله قا ھېچبىر شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىنى دوۋزاخ بىلەن ئازابلىماسلىقى.» مەن: ئى اللهنىڭ ئەلچىسى، بۇ خۇشخەۋەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزمەيمۇ؟ دېۋىدىم، پەيغەمبەرﷺ: «بولدى يەتكۈزمە، كىشىلەر ئۇنىڭغا يۆلىنىۋالىدۇ» دېدى.**

دېمەك، اللهنىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بەندىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىدا الله قىلا ئىبادەت قىلىشى،ھەمدە كۆزگە كۆرۈنىدىغان ۋەكۆرۈنمەيدىغان شېرىكلەردىن تەلتۆكۈس خالى بولۇشىدۇر. لا إله إلا الله گۇۋاھلىقىدىن كۆزلەنگەن مەقسەد مانا مۇشۇ. بۇنى مۇشۇ ھەدىسنىڭ ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺدىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر شەكلى تېخىمۇ ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئۇ ئېيتىدۇ:

إنَّ نَبِيَّ اللَّهِ ﷺ وَمُعَاذُ بْنُ جَبَلٍ، رَدِيفُهُ عَلَى الرَّحْلِ، قَالَ: "يَا مُعَاذ.. مَا مِنْ عَبْدٍ يَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ صِدقًا مِن قَلْبِه إِلَّا حَرَّمَهُ اللَّهُ عَلَى النَّارِ "، قَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، أَفَلَا أُخبِرُ بِهَا النَّاسَ فَيَسْتَبْشِرُوا؟ قَالَ: إِذًا يَتَّكِلُوا... متفق عليه

**مۇئازﷺ پەيغەمبەر ﷺ مىنگەن بىر ئۇلاغقا مىنگەشتۈرۈۋالغان ھالەتتە**

**ئدى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېدى : «ئى مۇئاز... كىمكى چىن قەلبىدىن سەممىيەت بىلەن ‹ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّه مُحَمَّد رَسُولُ اللَّه (ﷲ تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ﷲ نىڭ ئەلچىسى)› ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرسە، ﷲ تەئالا ئۇ بەندىگە دوۋزاخنى ھارام قىلىدۇ» مۇئاز ئېيتتى: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! بۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ ئۇلارنى خۇش قىلمۇقتىمەيمۇ؟ ئۇ ئېيتتى: « ئۇنداق قىلساڭ ئۇلار شۇنىڭغا يۆلىنىۋالىدۇ».**

بۇ ھەدىسنى ئالدىنقى ھەدىس بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەنگىنىمىزدە، تەۋھىدكە گۇۋاھلىق بېرىشتىكى مەقسەد تېخىمۇ ئايدىڭلىشىپ كېتىدۇ. يەنى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ **«كىمكى چىن قەلبىدىن سەممىيەت بىلەن ‹لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّه مُحَمَّد رَسُولُ اللَّه› قا گۇۋاھلىق بەرسە، ﷲ ئۇنى دوۋزاخقا ھارام قىلىدۇ»** دېگەن سۆزىنى ئۇنىڭ **«ﷲ نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى ئۇلارنىڭ ﷲ قىلا ئىبادەت قىلىپ، ھېچبىر شەيئىنى ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرمەسلىكى...»** دېگەن يەنە بىر سۆزى شەرھلەپ بېرىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككى ھەدىستە پەيغەمبەرﷺ كىشىلەرنىڭ شۇ ھەدىسكە يۆلىنىۋېلىپ، تەۋھىدكە قوشۇپ ئەمەل قىلىشتىن ۋاز كېچىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، مۇئاز ﷺنى بۇ ھەدىسنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشتىن توسقان.

بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، «كىمكى چىن قەلبىدىن سەممىيەت بىلەن ‹لا إِلَهَ إِلا اللَّه مُحَمَّد رَسُولُ اللَّه›قا گۇۋاھلىق بەرسە...»دېگەن ھەدىستىن كۆزدە تۇتۇلغىنى قانداقتۇر بەندىنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى پەقەت ئېغىزىدا تەلەپپۇز قىلىپ قويۇشى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىبادىتىنى ﷲ قا قىلىش ۋە ئىبادەتتىكى ئاشكارا-يوشۇرۇن شېرىكلەردىن ساقلىنىش ئارقىلىق ﷲ تەئالانىڭ بەندىلەر

ئۇستىدىكى ھەققى بولغان تەۋھىدنى ئىچكى ۋە تاشقىرى دۇنياسىدا مۇكەممەل ئەمەلىيەتكە چىقىرىشىدىن ئىبارەت. رۇشەنكى، ھەدىسلەر ئۆز-ئارا بىر-بىرىنىڭ مەزمۇنىنى شەرھلەيدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. مۇئمىندىكى ئىنساپ بولسا تېمىغا ئالاقىدار ھەدىسلەرنىڭ ھېچبىرىگە بىپەرۋالىق قىلماي، ھەممىگە تولۇق ئەمەل قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

ئەگەر تەۋھىد ئىشى راستىنلا تىلدىكى سۆز بىلەن ئادا تاپىدىغان ئىش بولسا، قۇرەيش كۇففارلىرى تەۋھىد كەلىمىسىنى رەت قىلىپ، بۇ سۆزگە قارشى شىرىن جانلىرىنى ۋە بارلىق مۇلۇكلىرىنى دوغا تىكىپ ئېلىپ بارغان جاپا-مۇشەققەتلىك قانلىق كۆرەشلىرىنىڭ ئورنىغا پەيغەمبەر ﷺنىڭ چاقىرىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا «لا إله إلا الله» نى دەپ بېرىپ، «ئۇھ!» دەپ ئارام ئالغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىنىڭ شىرىك ئەقىدىسى، بۇتپەرەسلىك دىنى، جاھالەتلىك ئۆرپ-ئادىتى ئۇستىدە ياشاۋەرگەن بولاتتى.

لېكىن ئۇلار تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى تىلدا ئىقرار قىلىشنىڭ تەقەززاسى ئۇنىڭ مەزمۇنىغا بىر پۈتۈن ئەمەل قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەنىدى. لا إله إلا الله دېگەنىكەن، ئۇنىڭ تەلىپى بۇت-ھەيكەللەرنى چېقىپ تاشلاپ، قايتا ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا يېقىن يولىماسلىق، شىرىكتىن ــ اللهقىمۇ ۋە اللهتىن غەيرىگىمۇ بەندە بولۇشتىن، كۆپ ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتىن پۈتۈنلەي پاكلىنىش ئىكەنلىكىنى، لا إله إلا الله نىڭ روھى ۋە يوليورۇقلىرىغا زىت بولغان بۇتپەرەسلىك ۋە جاھىلىيەت ئۆرپ-ئادەتلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، ھاياتنى تەۋھىد ئاساسىدا يېڭىۋاشتىن تەرتىپلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

لا إله إلا الله دېگۈچىنىڭ جاھىلىيەت تۈزۈمى كىشىلەر ئۇتتۇرىسىدا

شەكىللەندۈرگەن تۆرلۈك پەرىقلەرنى يوقىتىپ تاشلاپ، يۇقىرى تەبىقە بىلەن تۆۋەن تەبىقە، خوجايىن بىلەن قۇل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ پەقەت تەقۋادارلىق ۋە بۇ دىنىنىڭ ئېسىل ئەخلاق ۋە تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆلچەمنى قوبۇل قىلىش لازىملىقىنى؛ لا إله إلا الله دېگەن هامان، ساختا ئىلاھلار ۋە تاغۇت-كاتتىۋاشلارنىڭ الله ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى چاكارلىرى، ئۇلارغا چوقۇنىدىغان مۇرىتلىرى بىلەن باراۋەر قۇل بولۇشى لازىملىقىنى، ئۇلارنىڭ هاۋايى-ھەۋەسى ۋە شەھۋەتلىرىدىن ھەمدە بەندىلەرنى بەندىلەرگە قۇل قىلىش ئارقىسىدا قولغا كەلتۈرگەن هارام مال-دۇنيا ۋە ساختا ئابروي- شۆھرەتلىرىدىن پەقەت ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئۈچۈن ۋاز كېچىش لازىملىقىنى بىلىپ يەتكەندى.

ئۇلار تەۋھىدنى تىلدا ئىقرار قىلىشنىڭ يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، بۇ دىنىنىڭ ئىگىسى الله تەئالانىڭ بۇنىڭدىن باشقىغا رازى بولمايدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەچكە، بۇ كەلىمىنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىنكار قىلدى، دۈشمەن بىلدى ۋە ئۇنىڭغا قارشى جەڭلەرنى قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلار يۇقىرىقى سەۋەبلەر تۈپەيلى پەيغەمبەر ﷺنىڭ لا إله إلا الله گۇۋاھلىقىغا تەلتۆكۈس ئەمەل قىلىش ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىنى مۇكەممەل ئورۇنداشنى ئۇلاردىن تەلەپ قىلماسلىق بەدىلىگە ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەتىۋارلىق بولغان مال-دۇنيالىرىنى، پادىشاھلىق ئالىي مەنسەپلىرىنى قوشقوللاپ پەيغەمبىرىمىز ﷺنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ ھەرقاندا ئېھتىياجى بولسا ئۇنى ئورۇندايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ بۇ قىزىقتۇرۇشلىرىغا قىلچە پەرۋا قىلماي، تەڭلىگەن مال-دۇنيا ، ئەمەل – مەنسەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن «لا إله إلا الله» چاقىرىقىغا جاۋاب قايتۇرۇشىنى ، ساپ تەۋھىدنى قوبۇل قىلىپ، كۇفرى-شىرىكتىن ۋە تۈرلۈك مەئبۇدلىرىدىن ئادا-جۇدا بولمىسا قەتئىي بولدى قىلمايدىغانلىقىنى، بەندىنىڭ ئىچى- سىرتىدىكى ئېتىقاد، سۆز ۋە ئەمەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەۋھىدكە مۇكەممەل كەلمىسە ئۇلار بىلەن ھېچ ئىشتا كېلىشەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن ھېچنېمىنى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.[1]

## * 1- مەسىلە:

تەۋھىد ۋە ئىماننىڭ دۇرۇسلىقىغا شەرت بولىدىغان ئەمەللەر قاتارىدا ناماز ئىبادىتىمۇ بار بولۇپ، بەش ۋاخ نامازسىز كىشىنىڭ ئىمانى ئىمان بولمايدۇ. نامازنى تەرك ئەتكەن ئادەم بىر پۈتۈن تەۋھىدنى يوقاتقان، دىندىن چىقىپ كۇفرى-شىرىككە چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. ھەتتا ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز ﷺنىڭ

[1] بۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش! بۇ – تەۋھىدنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ بۈيۈك غايىنى ۋە ئالىي مەنپەئەتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە، دەۋەتكە يول ئېچىش باھانىسى بىلەن دىنى ۋە ئەقىدىسىنى ئاياغئاستى قىلىپ تۇرۇپ، تاغۇتلار بوسۇغۇسىدىن گۆشىسىز سۆڭەكلەرنى، مايسىز يۇندە-ئۇۋاقلارنى ئىزدەپ كېتەلمەيدىغانلارغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش ۋە يېتەرلىك نەسىھەت! بۇ – الله يولىدىكى مالامەت ۋە ئەزىيەتتىن قورقۇپ ياكى تۈرلۈك دۇنيا مەنپەئەتلىرىگە قىزىقىپ، ئۆزىنىڭ ھەرىكەت پىروگراممىلىرىدىن ، مائارىپ ئوقۇشلۇقلىرىدىن، دەۋەتنىڭ زۆرۈر مەزمۇنىدىن تەۋھىدنى (يەنى، لا إله إلا الله نى) كېچىكتۈرىۋەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇششاق-شاخچا فىقھىي مەسىلىلەر بىلەن، مىش-مىش گەپلەر بىلەن ھاياتنى ئۆتكۈزىۋاتقان، يەنە تېخى ئۆزىنى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز، الله قا دەۋەت قىلىشتا پەيغەمبەر ﷺنىڭ مەنھەجى بويىچە توغرا يولدا كېتىۋاتىمىز، دەپ چاغلاۋاتقان كىشىلەرگە قاتتىق سىگنال!! بۇ يەنە تاغۇتلار بىلەن تۈرلۈك سورۇنلاردا ھەممە پاراڭلارنى قىلىشىدىغان، ئۇلاردىن خىلمۇ-خىل يولىيۇرۇقلارنى تاپشۇرۇپ ئېلىشنىلا بىلىدىغان، ئۇلارنى لا إله إلا الله قا بۇيرۇش ئەمەس، ئۇلارنى ئاشكارا زۇلۇملىرىدىن چەكلەپ ئىككى ئېغىز ھەق سۆزنى قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان جانباقتى مولللارغا قاتتىق سىگنال ۋە ئېغىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر!!

مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنغان:

" إِنَّ بَيْنَ الرَّجُلِ، وَبَيْنَ الشِّرْكِ وَالْكُفْرِ، تَرْكَ الصَّلَاةِ " "فَمَنْ تَرَكَهَا فَقَدْ كَفَرَ"

وفي رواية: "فَإِذَا تَرَكَهَا فَقَدْ أَشْرَكَ" رواه مسلم والترمذي وابن ماجه وغيرهم

**«شۈبھىسىزكى،بىر ئادەمگە نىسبەتەن مۇشرىكلىك بىلەن كافىرلىق نامازنى تەرك ئېتىشتۇر. كىمكى نامازنى تەرك ئېتىدىكەن، شەكسىز كافىر بولۇپ كېتىدۇ»** يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن : **«ئەگەر ئۇنى تەرك ئېتىدىكەن، شەك-شۈبھىسىز مۇشرىك بولۇپ كېتىدۇ»**.

نامازنى تەرك قىلغۇچىنىڭ دىنىدىن چىقىپ كافىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەر بۇنىڭدىن باشقىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، شۇ ئايەت-ھەدىسلەر ئىپادىلەۋاتقان بۇ ئاشكارا ھۆكۈمنى كىچىك كۇفرى دەپ شەرھلەشكە دەلىل بولىدىغان باشقا ھېچقانداق ئايەت-ھەدىس ياكى شەرئىي دەلىل تېپىلمايدۇ.[1]

## * 2- مەسلە:

ئەزىز قېرىندىشىم، بىلگىنكى ، ئىنسان ئەمەلنى تەرك ئېتىش بىلەن تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتتە كافىر بولۇپ كېتىدۇ:

**بىرىنچى ھالەت:** تائەت ۋە ئىبادەت دېگەننى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىپ، ناماز ئۆتىمەيدىغان، روزا تۇتمايدىغان، ھەج قىلمايدىغان، مال-دۇنياسىنىڭ زاكىتىنى ئايرىمايدىغان ھەمدە شەرئەتتە كۆرسىتىلگەن ھېچبىر تائەتنى ئورۇندىمايدىغان ئادەم. بۇنداق ئادەم ئېغىزىدا مۇسۇلمانلىقنى، مەن مۇئمىنلار

[1] بۇ مەسلىنىڭ تەپسىلاتى «حكم تارك الصلاة (نامازنى تەرك ئەتكۈچىنىڭ ھۆكمى)» دېگەن كىتابىمىزدا بايان قىلىنغان بولۇپ، بىز ئۇنىڭدا قارشى پىكىردىكىلەرنىڭ شۈبھە ۋە دەلىللىرىگە بىرمۇ-بىر رەددىيە بېرىپ ئۆتتۇق. بۇ يەردە قانائەت ھاسىل قىلمىغانلار ياكى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئېرىشمەكچى بولغانلار شۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلغاي!.

قاتاردا، دېگەننى قانچىلىك دەۋا قىلىپ كەتسۇن، ئۇ ئىسلام سىرتىدىكى كاپىردۇر.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى (7-توم، 209-بەت) دا مۇنداق دەيدۇ: «ھەنبەل ئېيتىدۇكى؛ ئەلھەمىدىي رەھىمەھۇللاھ بىزگە مۇنداق دېگەن: بەزى كىشىلەرنىڭ ئىمان ھەققىدە شۇنداق دېيىشكەنلىرى ماڭا يەتتى: ‹بىر ئادەم ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ پەرزلىكىنى تەن ئېلىپتۇ-يۇ، لېكىن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ پەرزلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئورۇندىماپتۇ، ياكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە نامازنى قەستەن قىبلىگە كەينىنى قىلىپ ئۆتەپتۇ[1]، نېمىلا بولمىسۇن، شۇلارنىڭ پەرزلىكىگە تانمىغانلا بولسا ئۇ مۇئمىن-مۇسۇلماندۇر. يۇقىرىقى ئەمەللەرنىڭ ۋە قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈشنىڭ پەرزلىكىگە قايىل بولغاندىن كېيىن، ئەگەر ئۇنى ئەمەلدە ئورۇندىيالمىسىمۇ ئۆزىدە ئىمان مەۋجۇد بولىدۇ، دەپ بىلگەن بولسا، ئۇ يەنىلا ئىمان ئىگىسى بولىدۇ›. مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى ئاشكارا كۇفرانە سۆز بولۇپ، بۇ ئېنىق ھالدا، اللہ نىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتى ۋە پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ئۆلىمالىرى بىلەن قارشىلاشقانلىقتۇر. اللہ تەئالا ئېيتىدۇ: ﴿وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاءَ﴾ **﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللہ قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللہ قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى...﴾** [بەييىنە:5]. ھەنبەل ئېيتىدۇكى، مەن ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ مۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹بۇ گەپنى قىلغان ئادەم اللہ قا كاپىر بولغان، اللہ نىڭ ئەمرىنى ۋە

[1] ئەلۋەتتە بۇ، نامازنى پۈتۈنلەي ئۇقمىغان ئادەمدىن ياخشىراق.

پەيغەمبەرﷺ اللّٰه تەرەپتىن يەتكۈزگەن ھەقىقەتنى رەد قىلغان بولىدۇ›.[1]»

ئىمام ئاجۇري رەھىمەھۇللاھ «ئۆلىمالار ئەخلاقى» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دېگەن: «بەدەن-ئەزالاردىكى ئەمەل ــ قەلب ۋە تىلدىكى ئىماننىڭ راست ياكى ساختىلىقىنى ئاشكارىلىغۇچىدۇر. تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا، ھەج، جىھاد قاتارلىق ئەمەلى ئارقىلىق ئۆز ئىماننىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىمىغان، نوقۇل ئۇنى چۈشىنىپ ئېغىزىدا ئىپادىلەپ قويۇشقا رازى بولۇپ قالغان ئادەم ھەرگىز مۇئمىن ئەمەس. ئۇنىڭ سۆزى ۋە چۈشەنچىسى ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدۇ. سەمىگىزدە بولسۇنكى، يۇقىرىقى ئىشلارغا ئەمەل قىلىش ئىماننىڭ راستلىقىنى بىلدۈرسە، ئەمەلنى تەرك ئېتىش ئۇ كىشىنىڭ ئىماننىڭ ساختا-يالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ، قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان مۇسۇلمان ئۆلىمالىرىنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى ئورتاق قارىشى. بۇنىڭ ئەكسىچە سۆز قىلغۇچى ھەقىقەتەن رەزىل مۇرجىئىيدۇر. ئۇنىڭدىن دىنىڭىز ۋە ئىمانىڭىزغا قارىتا قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەيسىز. اللّٰه تەئالا مۇنداق دېگەن: ﴿**ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اللّٰه قا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اللّٰه قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى)، ئەنە شۇلار (يەنى ئىبادەت، ئىخلاس، ناماز، زاكاتلار) توغرا دىندۇر**﴾ [بەييىنە،5].»[2]

ئىبنى تەيمىيە پەتىۋالار توپلىمى(7-توم، 287-بەت) دا مۇرجىئەلەرگە رەددىيە بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا بىر قەۋمنىڭ پەيغەمبەرﷺ گە مۇنداق

---

[1] بۇ سۆزنى قىلغان ئادەم اللّٰه قا كافىر بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺ نىڭ يەتكۈزگەنلىرىنى رەد قىلغان ھېساپلانسا، شۇ سۆزدە ئېيتىلغىنىدەك ئەمەل- ئىبادەتنى مۇتلەق تاشلىۋەتكەن ئادەم دىنىدىن ئاجراپ كافىر بولۇشقا تېخىمۇ تېگىشلىكراقتۇر.

[2] سەپەر ئەلھەۋالىنىڭ «ظاهرة الإرجاء(مۇرجىئەلىك ھادىسىسى)» دېگەن كىتابىدىن نەقىل قىلىندى.

دېگەنلىكى پەرەز قىلىنسا؛ ‹بىز سىلى پەرۋەردىگارلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرگە قەلبىمىزدە شەك ـ گۇمانسىز ئىمان كەلتۈرىمىز، ئىككى گۇۋاھلىقنى تىلىمىزدا ئىقرار قىلىمىز، ئەمما، سىلى بۇيرۇغان ياكى چەكلىگەن ھېچبىر ئىشقا ئىتائەت قىلمايمىز. ناماز ئوقىمايمىز، زاكات بەرمەيمىز، روزا تۇتمايمىز، ھەج قىلمايمىز، راست گەپ قىلمايمىز، ئامانەتنى ئورۇندىمايمىز، ئەھدىگە ۋاپا قىلمايمىز، سىلە ـ رەھىم قىلمايمىز، سىلى بۇيرۇغان ھېچبىر ياخشىلىقنى قىلمايمىز. ھاراق ئىچىمىز، مەھرەم تۇققانلىرىمىز بىلەن ئاشكارا زىنا قىلىمىز، سىلىنىڭ ساھابە ۋە ئۇممەتلىرىدىن كۈچىمىز يەتكەننى ئۆلتۈرىمىز، مال ـ مۈلكىنى بۇلايمىز، ھەتتا سىلىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن، دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىشىپ سىلىگە قارشى ئۇرۇش ئاچىمىز› دېگىنى تەسەۋۋۇر قىلىنسا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا: ‹سىلەر ھەقىقەتەن ئىمانى كامىل مۇئمىن ئىكەنسىلەر، سىلەر قىيامەت كۈنى مېنىڭ شاپائىتىمگە ئېرىشىسىلەر، سىلەردىن بىرەر كىممۇ دەۋزەخقە كىرمىگەي› دەرمۇ؟! بەلكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارغا؛ ‹سىلەر مەن ئېلىپ كەلگەن دىنغا ئەڭ ئەشەددى كافىر بولغانلار› دەپ، شۇ گېپىدىن دەرھال تەۋبە قىلىشمىسا، ئۇلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىدىغانلىقىنى ھەر بىر مۇسۇلمان دېمىسىمۇ ئوبدان بىلىدۇ››.

زامانىمىز مۇرجىئەلىرى مۇتلەق ئەمەلنى ئىماننىڭ دۇرۇسلۇق شەرتىدىن ئايرىپ تاشلاش بىلەن قايسى ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتقانلىقىغا، قايسى دەرىجىدىكى ئەخمىقانە سەپسەتىنى سۆزلەۋاتقانلىقىغا قاراپ ھەزەر ئەيلىسۇن.

ئىمام شافئىيغا اللە رەھمەت قىلسۇنكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ‹‹ماڭا قارىتا بۇنىڭدا خاتالىشىپ قالدىڭ، دېيىلىدىغان مەسىلە ھەققىدە سۆز قىلىش مەن

ئۇچۇن بۇ ئىشتا كافىر بولىدۇ، دېيىلىدىغان مەسىلە ئۈستىدە سۆز قىلىشتىن سۆيۈملۈك ».

ئۇلار پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇنۇ سەھىھ ھەدىسىدىكى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ھەزەر ئەيلەشسۇن! " صِنْفَانِ مِنْ أُمَّتِي لا يَرِدَانِ عَلَيَّ الْحَوْضَ، وَلا يَدْخُلانِ الْجَنَّةَ: الْقَدَرِيَّةُ، وَالْمُرْجِئَةُ "رواه الطبراني

**«ئۇممىتىمدىن ئىككى تۈرلۈك كىشىلەر مەن بىلەن ھەۋزى كەۋسەر بويىغا كېلەلمەيدۇ، جەننەتكىمۇ كىرەلمەيدۇ. ئۇلار قەدەرىيە(قازا-قەدەرنى ئىنكار قىلىدىغان تائىپە) بىلەن مۇرجىئە (ئەمەلنى ئىماندىن ئايرىۋەتكەن تائىپە)دۇر».**

الله بىزنى كۇفرى ۋە زىيانكارلىقتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!.

**ئىككىنچى ھالەت:** ئاشكارا ئەمەل-ئىبادەتلەرنى ئورۇندايدىغان، ئەمەلنى مۇتلەق تاشلىۋەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن تەۋھىدكە ئەمەل قىلمىغان ئادەم. شۈبھىسىزكى، بۇمۇ ئىسلامدىن چىققان كافىر بولۇپ، بىز ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك تەۋھىدكە ئەمەل قىلماستىن ئورۇندىغان باشقا تائەت-ئىبادەتلەر كىشىگە مەنپەئەتسىز بولىدۇ.

ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، تەۋھىدنىڭ قەلب، تىل ۋە ئەمەلدە بولىدىغانلىقى ئىختىلاپسىز مەسىلە. ئەگەر بۇلاردىن بىرى كەم بولۇپ قالسا ئۇنداق ئادەم مۇسۇلمان ئەمەس. تەۋھىدنى بىلىپ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ قويۇپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، ئۇ ھەقنى بىلىپ باش تارتقان پىرئەۋن ۋە ئىبلىس كەبى كافىر بولىدۇ».

## يەتتىنچى شەرت: تەۋھىدكە نىسبەتەن يامان كۆرۈش ۋە ئۆچمەنلىككە ئورۇن قويمايدىغان چىن مۇھەببەت

تەۋھىدنى سۆيۈش، تەۋھىد ئەھلىنى دوست تۇتۇش ھەمدە تەۋھىد دۈشمەنلىرىنى ئۆچ كۆرۈپ تەۋھىدنىڭ كۈشەندىسى بولغان شىرىك ۋە كۇفرىدىن نەپرەتلىنىش ـــ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ دۇرۇس بولىشىنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرىدۇر.

بۇ مۇھەببەت شۇنى كۆرسىتىدۇكى، تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى بەرگۈچىگە اللہ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى باشقا ھەرقانداق كىشىدىن سۆيۈملۈك بولىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن شەرتسىز ھالدا مۇتلەق ياخشى كۆرۈلگۈچى يالغۇز اللہ تەئالا بولىشى، ئۆزگىلەرنى اللہ بىلەن بىرگە ئەمەس، بەلكى اللہ ئۈچۈن ۋە اللہ يولىدا ياخشى كۆرۈشى لازىم.

مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بىر شەخسنى ياكى بىر شەيئىنى ۋە ياكى بىر ئىشنى ياخشى كۆرسە، ھەرگىز اللہ يامان كۆرگەننى ياخشى كۆرمەيدۇ. ئەگەر يامان كۆرسە ھەرگىز اللہ تەئالا ياخشى كۆرگەننى يامان كۆرمەيدۇ. خۇسۇسەن، اللہ نىڭ بەندىلەر ئۈستىدىكى ھەققى بولغان تەۋھىدنى ئەڭ يۈكسەك مۇھەببەت بىلەن سۆيىدۇ. قىسقىسى، بىر تەۋھىد گۇۋاھچىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت-نەپرەت ئۆلچىمى ھاۋايى ھەۋەسنى مەنبە قىلغان ئۆلچەم بولماستىن بەلكى، ئۆزى لا إله إلا اللہ ئارقىلىق بىردىنبىر ھەق ئىلاھ ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئاسماندىن نازىل قىلىپ بەرگەن ئىلاھىي ئۆلچىمى بولىدۇ.

ئەكسىچە، اللہ تىن باشقا ھەرقانداق شەيئى ياكى شەخسنى اللہ قا خاس

يۇقىرىقى سۈپەتكە ئىگە مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرسە ياكى الله تەئالا پەيغەمبەرلىرىگە نازىل قىلغان تەۋھىد ۋە ھەق دىندىن ئىبارەت ئىمانەن ياخشى كۆرۈش تېگىشلىك بولغان نەرسىنى يامان كۆرسە، ئۇنداق ئادەم ئىسلام-ئىمان دائىرىسىدىن چىقىپ كۇفرى، شىرىك دائىرىسىگە كىرىپ قالىدۇ، شۇنداقلا قىلغان باشقا تائەت-ئىبادەتلىرى الله نىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان مەنپەئەتسىز ئەمەل بولۇپ كېتىدۇ. بۇلارغا دەلىل:

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَتَّخِذُ مِن دُونِ ٱللَّهِ أَندَادًا يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ ٱللَّهِ ۖ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوٓا۟ أَشَدُّ حُبًّا لِّلَّهِ ۗ﴾

**﴿بەزى ئادەملەر الله تىن غەيرىيلەرنى خۇددى الله نى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ الله قا شېرىك قىلىۋالىدۇ، مۇئمىنلەر الله نى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگۈچىلەردۇر...﴾** [بەقەر:165]

الله ياراتقان بىر مەخلۇقنى زاتى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ، دوست-دۈشمەننى الله يولىدا ئەمەس، ئەشۇ مەخلۇق يولىدا ئايرىيدىغان، الله نازىل قىلغان ھەقىقەتكە ئۇيغۇن ياكى زىتلىقىغا قارىماستىن شۇ مەخلۇق ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، ئۇ ئۆچ كۆرگەندىن نەپرەتلىنىدىغان ئادەم الله تەئالاغا ئۇنى تەڭ قىلىۋالغان ۋە ئىبادەتنىڭ مۇھىم قىسمى بولغان مۇھەببەت-نەپرەت ئىبادىتىنى شۇ مەخلۇققا قىلىپ مۇشرىك بولغان بولىدۇ. چۈنكى بەندىلەر تەرىپىدىن زاتى ئۈچۈن مۇتلەق ياخشى كۆرۈلگۈچى يالغۇز الله تەئالادۇر. باشقىلار بولسا پەقەت الله يولىدا ۋە الله سەۋەبىدىن ياخشى كۆرىلىدۇ ياكى ئۆچ كۆرىلىدۇ.

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى (10-توم، 267-بەت)دا

مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلۇغ الله تەئالادىن باشقا ھېچقانداق بىر مەۋجۇداتنىڭ زاتى ئۇچۇن ياخشى كۆرۈلىشى دۇرۇس ئەمەس. زاتى ئۇچۇن ياخشى كۆرۈلگۈچى يالغۇز الله تۇر. جاھاندىكى باشقا ھەممە ياخشى كۆرۈلگۈچى زاتى ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن غەيرى ئۇچۇن يەنى، الله ئۇچۇن ياخشى كۆرۈلمىكى لازىم. مانا بۇ الله تەئالانىڭ ئىلاھىيەت سۈپىتى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنالار جۇملىسىدىندۇر: ﴿ لَوْ كَانَ فِيْهِمَا آلِهَةٌ إِلَّا اللهُ لَفَسَدَتَا﴾ **﴿ئەگەر ئاسمان ـ زېمىندا الله تىن باشقا ئىلاھلار بولسا ئىدى، (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى،... ﴾** [ئەنبىيا،22] شۈبھىسىزكى، بىر شەيئىنى زاتى ئۇچۇن مۇتلەق ياخشى كۆرۈش ئىبادەت بولۇپ، ئۇنى الله نىڭ غەيرىگە تەسەررۇپ قىلىش شىرىك ھېساپلىنىدۇ. بۇ ــ الله تەئالانىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولۇپ، باشقا ئىبادەتلەرگە ئوخشاش بۇ ئىبادەتكىمۇ يالغۇز الله قىنا لايىق. ھەر قانداق نېمىنى الله يولىدا ئەمەس باشقا بىر سەۋەپتىن ياخشى كۆرىدىغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت ئۆلچىمى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئۆلچەمدۇر».

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «مدارج السالكين(ھەقتە يۈرگۈچىلەرنىڭ يولى)» دېگەن كىتابىنىڭ 1ـتوم 99ـبېتىدە مۇنداق دەيدۇ: «الله تەئالا مەۋجۇداتنى، الله قا بولغان مۇكەممەل مۇھەببەتنى ئۆزئىچىگە ئالغان ئىبادەتنى الله نىڭ يولىۇرىقى بويىچە، ئۇنىڭغا بويسۇنغان ھالەتتە ئورۇنداشلىرى ئۇچۇن ئاپىرىدە قىلغان. ئىبادەتنىڭ يىلتىزى ــ الله قا بولغان چىن مۇھەببەتتۇر، بەلكى، بارچە سۆيگۈـمۇھەببەتنى يالغۇز الله قا خاس قىلىپ، باشقا ھەركىمنى الله بىلەن تەڭ ياخشى كۆرمەسلىك، پەقەت الله سەۋەبىدىن ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەتتۇر. خۇددى الله نىڭ پەيغەمبەرـئەلچىلىرى، پەرىشتىلىرى ۋە الله نىڭ دوستلىرىغا

بولغان مۇھەببىتىمىز قانداقتۇر اﷲ تىن غەيرىنى اﷲ نى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋالدىغان كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشايدىغان مۇھەببەت بولماستىن بەلكى اﷲ تەئالاغا بولغان مۇھەببەتنىڭ داۋامى ۋە كامالىدۇر».

اﷲ تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿قَالُوا وَهُمْ فِيهَا يَخْتَصِمُونَ ﴿٩٦﴾ تَاللَّهِ إِن كُنَّا لَفِي ضَلَالٍ مُّبِينٍ ﴿٩٧﴾ إِذْ نُسَوِّيكُم بِرَبِّ الْعَالَمِينَ ﴿٩٨﴾﴾

**﴿ئۇلار دوزاختە جېدەللىشىپ ئېيتىدۇ: «اﷲ بىلەن قەسەمكى، بىز ئوپئوچۇق گۇمراھلىقتا ئىدۇق، ئۆزۋاقتىدا بىز سىلەرنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قوياتتۇق.﴾** [شۇئەرا، 96~98]

بۇ ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان كافىرلارنىڭ ئۆز خۇدالىرىنى، باتىل ئىلاھلىرىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەڭ قىلىۋالغانلىقى ھەرگىزمۇ اﷲ تەئالانىڭ خالايىقنى ئاپىرىدە قىلىش، ئۇلارغا پايدا-زەرەر يەتكۈزۈش ۋە كائىناتنى ئىدارە قىلىش قاتارلىق مەۋجۇدات ئۈستىدىكى كۈچ-قۇدرىتىدە، پەرۋەردىگارلىق خۇسۇسىيەتلىرىدە ئۇلارنى اﷲ بىلەن باراۋەر كۆرگەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. تاغۇتلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئاجىزلىقى ھەممىگە ئايان ئىدى. بەلكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت ۋە ئىتائەت ئەمەللىرىدە مەبۇدلىرىنى اﷲ بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇۋالغان. يەنى، اﷲ نى ياخشى كۆرگەندەك ئۇلارنى ياخشى كۆرگەن، ھەتتا باتىل ئىلاھلىرىنىڭ بۇيرۇق-پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىشنى اﷲ قا ئىتائەت قىلىشنىڭمۇ ئالدىغا قويۇۋالغان-دە، بۇ مۇشرىكانە باراۋەرلىك مەيدانغا كەلگەن.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇلاﷲ مۇنداق دەيدۇ: «ئېنىقكى، ئۇلار مەبۇدلىرىنى

الله تەئالاغا ئۇنىڭ يارىتىش، رىزىق بىرىش، ئۆلتۈرۈش ۋە تىرگۈزۈش، مەۋجۇداتلارغا ئىگىدارلىق قىلىش ۋە ھەممىگە قۇدرىتى يىتىش قاتارلىق الله نىڭ پىئىللىرى ۋە سۈپەتلىرىدە تەڭ قىلىۋالمىغان. ئۇلار ھەرگىزمۇ باتىل ئىلاھلىرىنى ئاسمان-زېمىننى ياراتقان ياكى بىزنى ۋە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنى ياراتقان، دەپ ئېتىقاد قىلىشمايتتى. بۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىلاھلىرى بىلەن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنى تەڭ ئورۇندا قويۇشى ئۇلارنىڭ مۇھەببەت، بويسۇنۇش، چوقۇنۇش، ئۇلۇغلاش، ئەگىشىش قاتارلىق ئىبادەتلىرىنى باتىل ئىلاھلىرىغا تەسەررۇپ قىلغانلىقىدىن بولغان. شۈبھىسىزكى، بۇ، نادانلىق ۋە زۇلۇمنىڭ ئەڭ يۇقىرى چېكىدۇر. تۇپا-تۇپراق قانداقمۇ ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغى ۋە پەرۋەردىگارى بىلەن تەڭ بولسۇن! زېمىن ئۈستىدە ئۆملەپ يۈرگەن نېمىلەر قانداقسىگە ئەرشى ئۈستىدىكى زات بىلەن تەڭ بولالىسۇن!!».

سەھىھ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنۇ سۆزى نەقىل قىلىنغان:

"مَنْ أَحَبَّ لِلَّهِ وَأَبْغَضَ لِلَّهِ وَأَعْطَى لِلَّهِ وَمَنَعَ لِلَّهِ، فَقَدِ اسْتَكْمَلَ الْإِيمَانَ" رواه أبو داود وغيره

**«الله يولىدا ياخشى كۆرىدىغان ۋە الله يولىدا ئۆچ كۆرىدىغان؛ الله ئۈچۈن بېرىدىغان ۋە الله ئۈچۈن بەرمەي تۇتۇپ قالىدىغان ئادەم ئىماننى مۇكەممەللەشتۈرگەن بولىدۇ».**

ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: بۇ خىسلەتلەرنى ھەممە ئىشلىرىدا ۋە باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىلىرىدە ئادەتكە ئايلاندۇرالىغان كىشىنىڭ ئىمانى ۋە تەۋھىدى كامال تاپقان بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىمان ۋە تەۋھىدىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى ۋە كامىل- ناقىسلىقى ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى الله يولىدىكى مۇھەببەت ۋە الله يولىدىكى نەپرەت قاتارلىق ئىمانىي خىسلەتلەرنىڭ كەم-زىيادىلىكى بىلەن

مۇناسىۋەتلىك. ئەمما الله يولىدىكى مۇھەببەت ۋە الله يولىدىكى نەپرەتتىن ئۈزۈل-كېسىل مەھرۇم بولغان ئادەمدىن بىر پۈتۈن تەۋھىد يوق بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ الله ئالدىدىكى بەندىچىلىكى ئۈزۈلۈپ، ئىبادەتلىرى مەقبۇل بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن:

" أَوْثَقُ عُرَى الإِيمَانِ الْمُوَالاةُ فِي اللَّهِ، وَالْمُعَادَاةُ فِي اللَّهِ، وَالْحُبُّ فِي اللَّهِ، وَالْبُغْضُ فِي اللَّهِ "رواه أحمد والطبراني

**«ئىماننىڭ ئەڭ مۇستەھكەم ئاساسى ــ الله يولىدا دوستلىشىش ۋە الله يولىدا دۈشمەنلىشىش، الله سەۋەبىدىن ياخشى كۆرۈش ۋە الله سەۋەبىدىن ئۆچ كۆرۈشتۇر».**

دېمەك، ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ مۇستەھكەم ئاساسى الله يولىدا دوستلىشىش ۋە الله يولىدا دۈشمەنلىشىش، الله سەۋەبىدىن ياخشى كۆرۈش ۋە الله سەۋەبىدىن ئۆچ كۆرۈش بولسا، بۇ ھەدىس ئىپادىلەيدىغان قارىمۇ-قارشى ئۇقۇم شۇنى كۆرسىتىدۇكى، كۇفرى ۋە شېرىكنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئاساسى كىم ۋە نېمە بولىشىدىن قەتئىينەزەر بىر مەخلۇق يولىدا دوستلىشىش، مەخلۇق يولىدا دۈشمەنلىشىش، مەخلۇق يولىدا ياخشى كۆرۈش ۋە مەخلۇق يولىدا نەپرەتلىنىشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ:

"لَا يُؤْمِنُ عَبْدٌ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِنْ أَهْلِهِ وَمَالِهِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ " رواه مسلم

**«بەندە مېنى ئۆز ئائىلىسىدىن، مال-مۈلكىدىن ۋە بارچە كىشىلەردىن ئارتۇق ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ».**

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:

" لَا يُؤْمِنُ أَحَدُكُمْ حَتَّى أَكُونَ أَحَبَّ إِلَيْهِ مِنْ وَالِدِهِ وَوَلَدِهِ وَالنَّاسِ أَجْمَعِينَ "متفق عليه

**«سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆز پەرزەنتىدىن، ئاتىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق ياخشى كۆرمىگىچە مۆئمىن بولالمايدۇ».**

مۆئمىنلىق سۆيەت بەندىدىن مەلۇم بىر خىل شىرىك ـــ الله تىن غەيرىگە تەسەررۇپ قىلىنغان ئىبادەت سادىر بولغاندىلا ئاندىن يوق بولىدۇ. بۇ يەردىكى شىرىك بولسا، الله تەئالا ھەممىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغان، ھەممە ئىشىدا يېگانە الله قا ئىتائەت قىلىدىغان ھەمدە الله تەئالا ﴿**ئۇ ئۆز نەفسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ، پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ**﴾، دەپ سۆيەتلىگەن ئۇلۇغ پەيغەمبەر ﷺنى ياخشى كۆرۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشنىڭ ئالدىغا باشقىلارغا بولغان ئىتائەت ۋە مۇھەببەتنى قويۇشتىن ئىبارەت. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىتائىتىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ مۇھەببىتى ۋە ئىتائىتىنىڭ ئالدىغا قويغانلىق ئەمەلىيەتتە، الله قا بولغان مۇھەببەت، ئىتائەت ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئالدىغا قويغانلىق بولىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت پەيغەمبەر ﷺدىن باشقىغا بېرىلگەن ئەمەس.

پەيغەمبەر ﷺ دىن سەھىھ ھالدا نەقىل قىلىنغان بىر ھەدىستە ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

" مَنْ أَطَاعَنِي فَقَدْ أَطَاعَ اللَّهَ، وَمَنْ عَصَانِي فَقَدْ عَصَى اللَّهَ" متفق عليه

**«كىم ماڭا ئىتائەت قىلىدىكەن، الله قا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ، كىم ماڭا ئاسىيلىق قىلسا، الله قا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».**

چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ الله نىڭ ئەلچىسى بولۇش سۆيىتى بىلەن الله نىڭ

ئرادىسى بويىچە ئۇنىڭ رىزاسى ۋە تائىتىگە بۇيرۇيدۇ، اللّٰه قا ئاسىي بولىدىغان گۇناھ–مەئسىيەتلەردىن چەكلەيدۇ.

ئەبۇ سۇلايمان ئەلخەتتابى رەھىمەھۇللاھ «**سىلەرنىڭ بىرىڭلار مېنى ئۆز پەرزەنتىدىن، ئاتىسىدىن ۋە بارلىق كىشىلەردىن ئارتۇق ياخشى كۆرمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ**» دېگەن ھەدىسنىڭ شەرھىدە مۇنداق دېگەن: «ھەدىسنىڭ مەنىسى: سەن تاكى ماڭا ئەگىشىش يولىدا جېنىڭنى پىدا قىلمىغۇچە، ھاياتىڭدىن ئايرىلىش بەدىلىگە بولسىمۇ، مېنىڭ رازىلىقىم ئۈچۈن كۆڭۈل خاھىشىڭدىن ۋاز كەچمىگۈچە ماڭا بولغان مۇھەببەت دەۋاسىدا راستچىل بولالمايسەن».

يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن سۆيگۈ–مۇھەببەتنىڭ تەۋھىد گۇۋاھلىقىغا شەرت بولىدىغانلىقىنى كۈچلەندۈرىدىغان يەنە بىر دەلىل شۇكى، مۇھەببەتنىڭ يوقۇلىشى تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ ئەكسى بولغان ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتنىڭ پەيدا بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. تەۋھىددىن نەپرەتلىنىش، ئۇنى يامان كۆرۈش بولسا بەندىنى دىندىن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئەڭ چوڭ كۇفرىي ئامىلدۇر. اللّٰه ئېيتىدۇ:

﴿وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَتَعۡسٗا لَّهُمۡ وَأَضَلَّ أَعۡمَٰلَهُمۡ ۝٨ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَرِهُواْ مَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ فَأَحۡبَطَ أَعۡمَٰلَهُمۡ ۝٩﴾

**﴿كافىرلارنى اللّٰه ھالاك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ (ياخشى) ئەمەللىرىنى بىكار قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار اللّٰه نازىل قىلغان نەرسىنى (يەنى ھەق دىننى ۋە قۇرئاننى) يامان كۆرۈش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئەمەللىرىنى بەربات قىلدى.﴾** [مۇھەممەد، 9-8]

روشەنكى ياخشى ئەمەللەر كافىرلىق ۋە مۇشرىكلىقتىن باشقا ئەھۋالدا بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ. الله تەئالا بۇ ئايەتتە ئۇلارنىڭ كافىر بولۇپ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھەبەتە بولۇپ كېتىش سەۋەبى دەل ئۇلارنىڭ الله تەئالا پەيغەمبەر-ئەلچىلىرىگە نازىل قىلغان كىتابلارنى، جۈملىدىن مۇھەممەد ﷺ گە چۈشۈرۈلگەن قۇرئاننى يامان كۆرگەن قىلمىشى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، الله تەئالا نازىل قىلغان كىتابلاردىكى ئەڭ بۈيۈك مەزمۇن ۋە ئالى مەقسەد-غايە تەۋھىد گۇۋاھلىقى لاإله إلا الله دۇر.

الله تەئالا كافىرلارنىڭ دەۋزەختا دەھشەتلىك ئازاپتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقى ۋە ھېچ ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَنَادَوۡاْ يَٰمَٰلِكُ لِيَقۡضِ عَلَيۡنَا رَبُّكَۖ قَالَ إِنَّكُم مَّٰكِثُونَ ۝٧٧ لَقَدۡ جِئۡنَٰكُم بِٱلۡحَقِّ وَلَٰكِنَّ أَكۡثَرَكُمۡ لِلۡحَقِّ كَٰرِهُونَ ۝٧٨﴾

**﴿ ئۇلار (يەنى كۇففارلار) (دەۋزەخقە مۇئەككەل پەرىشتىگە): «ئى مالىك! پەرۋەردىگارىڭ بىزگە ئۆلۈم ھۆكۈم قىلسۇن» دەپ توۋلايدۇ. مالىك: «سىلەر ئازابتا چوقۇم قالىسىلەر» دەيدۇ . بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ھەق (دىن) نى كەلتۈردۇق ۋە لېكىن سىلەرنىڭ كۆپچىلىكىڭلار ھەق (دىن) نى يامان كۆرگۈچىلەردۇر.﴾** [زۇخرۇف، 77-78]

الله تەئالا بۇ ئايەتتىمۇ ئۇلارنىڭ دەۋزەختا مەدەت- ياردەمسىز قېلىشلىرىغا دۇنيادا پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەتنى يامان كۆرۈشى سەۋەب بولغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۈبھىسىزكى، الله تەئالا تەرەپتىن كەلگەن ھەق دىنىنىڭ بۈيۈك ئاساسى لا إله إلا الله دىن ئىبارەت تەۋھىد گۇۋاھلىقى بولۇپ، ئۇلار بۇنى يامان كۆرگەنلىكتىن، ئاخىرەتتىكى ئەلەملىك ئازاپقا، ئەبەدىي دەۋزەختا

قىلىشقا لايىق بولغان.

الله تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ إِنَّ ٱلَّذِينَ ٱرۡتَدُّواْ عَلَىٰٓ أَدۡبَٰرِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡهُدَى ٱلشَّيۡطَٰنُ سَوَّلَ لَهُمۡ وَأَمۡلَىٰ لَهُمۡ ﴿٢٥﴾ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ قَالُواْ لِلَّذِينَ كَرِهُواْ مَا نَزَّلَ ٱللَّهُ سَنُطِيعُكُمۡ فِي بَعۡضِ ٱلۡأَمۡرِۖ وَٱللَّهُ يَعۡلَمُ إِسۡرَارَهُمۡ ﴿٢٦﴾ ﴾

**﴿توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتىۋالغانلار (يەنى ئىماندىن كۇفرىغا قايتقانلار)غا (ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى) شەيتان چىرايلىق كۆرسەتتى، (شەيتان ئارزۇ ۋە ئەجەلنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن) ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تىندۇردى . بۇ (يەنى شەيتاننىڭ ئۇلارنى ئازدۇرۇشى) شۇنىڭ ئۈچۈندۇركى، ئۇلار الله نازىل قىلغان نەرسىنى يامان كۆرگەن كافىرلارغا: «بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز» دېدى، الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلىدۇ.﴾** [مۇھەممەد، 25-26]

بۇ كىشىلەرنىڭ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، دىندىن چىقىپ مۇرتەد بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى بولسا، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى يامان كۆرىدىغان كافىرلارغا شۇلارنىڭ الله نىڭ دىنىنى ئىنكار قىلىدىغان، شەرىئەتكە ۋە تەۋھىدكە زىت قىلمىشلىرىدا **﴿بىز بەزى ئىشلاردا سىلەرگە ئىتائەت قىلىمىز﴾** دېگەن كۇفرانە سۆزلىرىدىن ئىبارەت.

بۇلار مۇشۇ سۆزى سەۋەبلىك كافىر ۋە مۇرتەد بولغان بولسا، ئۇنداقتا، الله نازىل قىلغان ھەق دىنىنى چىش-تىرنىقىدىن ئۆچ كۆرىدىغان ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئاشكارا دۈشمەنلىشىدىغان يەھۇد-ناسارالارغا بەزى ئىشلاردا ئەمەس، «بارلىق

ئىشلاردا سىلەرنىڭ سىزىقىڭلاردىن چىقمايمىز» دەپ ياشايدىغان زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدىكى هۆكۈمران تاغۇتلارنىڭ هالى نىچۇك بولار!؟

دىننى ئەرزىمەس نەرسە ئورنىدا كۆرۈپ، ئۆز ئەقىدىسىنى ئۆزى دەپسەندە قىلىدىغان خۇشامەتكۆي مولللارغا ئوخشاش، ئاشۇ خىلدىكى تاغۇتلارنىڭ هاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۇلارنىڭ تائىتىگە كىرگەن، ئۇلارنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئالى غايە قىلىۋالغان هەمدە ئۇلارغا: «هەممە ئىشتا سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار دېگەن، سىلەر چىقىرىپ بەرگەن سىياسەت-پەرمانلىرىڭلارغا، شەرىئەتكە زىت قانۇن- تۈزۈملىرىڭلارنىڭ هەممىسىگە ئىتائەت قىلىمىز» دەيدىغانلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار!؟

الله نازىل قىلغان دىننى ئۆزى يامان كۆرىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىچۇ!؟

شۈبھىسىزكى، بۇنداقلارنىڭ ئەھۋالى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان: هەممە ئىشتا ئەمەس، بەزى ئىشلاردا سىلەرنىڭ دېگىنىڭلارغا ئىتائەت قىلىمىز، دەيدىغانلارنىڭكىدىن خەتەرلىك، كافىر- مۇرتەد بولۇپ كېتىشكە ئۇلاردىن بەكرەك ھەقلىقتۇر.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ خۇلاسىگە كېلىمىزكى، كىمكى تەۋھىد گۇۋاھلىقىغا گۇۋاھلىق بىرىپتۇ-يۇ، ئەمما تەۋھىدنى ۋە تەۋھىد ئەھلىنى يامان كۆرۈپ، ئۇلارغا نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قارىسا، ئۇ شەكسىز كافىر-مۇرتەد بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ قىلغان باشقا تائەت-ئىبادەتلىرى ۋە خەير- ئېھسانلىرى بىكار بولۇپ، هېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ. ئۇ دەۋزەخنىڭ ئەڭ قەئرىگە تاشلىنىدىغان مۇناپىقلار قاتارىدا بولىدۇ.

# چىن مۇھەببەتنىڭ بەلگىلىرى

ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياستۇقىنى قىرلاپ يېتىپ، اللە تەئالاغا مۇھەببىتى بارلىقىنى، پەيغەمبەر ﷺنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، تەۋھىدنى سۆيىدىغانلىقى ۋە تەۋھىد ئەھلىنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى دەۋا قىلمىقى تولىمۇ ئوڭاي. ئۇنداقتا، بۇ دەۋانىڭ راست ياكى يالغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىل- ھۆججەت بارمۇ؟

ئەلۋەتتە بار. ئىغىزدىكى ھەرقانداق دەۋانىڭ راست- يالغانلىقىنى ئايرىپ بېرىدىغان بەلگىلەر، ھۆججەت ۋە ئىسپاتلار بولىدۇ. شۇنىڭدەك، اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە بولغان چىن مۇھەببەتنىڭمۇ بەلگىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

## 1- ھەر ئىشتا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى:

مۇھەببەتنىڭ ئەڭ راست مۇھەببەت ئىكەنلىكىنىڭ گەۋدىلىك ئالامىتى پەيغەمبەر ﷺ كۆرسەتكەن يولغا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتكە تولۇق ئەگىشىشتۇر. پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىش قانچىكى مۇكەممەل بولسا، اللە قا بولغان مۇھەببەت شۇنچىكى كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئەگىشىش، ئۇ كۆرسەتكەن ئىلاھىي تەكلىپلەرنى ئەمەلىيەتكە چىقىرىش قانچە نۇقسانلىق ۋە چالا بولسا مۇھەببەت شۇنچە ئاجىزلايدۇ.

دېمەك، مۇھەببەتنىڭ قىزغىن ياكى سۇس بولىشى بويسۇنۇش ۋە ئەگىشىشنىڭ مۇكەممەل بولۇش-بولماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كىمكى ئىغىزىدا اللەنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺنى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە، سۈننەتلىرىگە ئەگەشمىسە ئۇ شەكسىز ھەددىدىن ئاشقان كاززاپتۇر. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

﴿ قُل إِن كُنتُمۡ تُحِبُّونَ ٱللَّهَ فَٱتَّبِعُونِى يُحۡبِبۡكُمُ ٱللَّهُ ...﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر اللە نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللە سىلەرنى دوست تۇتىدۇ»...﴾** [ئال ئىمران، **31**]

ئىبنى كەسىر- رەھىمەھۇللاھ- تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«بۇ ئايەت ــ اللە نىڭ مۇھەببىتىنى دەۋا قىلىپ، مۇھەممەد ﷺ نىڭ يولىغا ئەگەشمىگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ تاكى بارلىق سۆز-ھەرىكىتىدە مۇھەممەد ﷺنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ۋە ھەق دىنغا ئەگەشمىگىچە يۇقىرىقى دەۋاسىدا يالغانچى ئىكەنلىكىگە كەسكىن ھۆكۈم قىلغۇچىدۇر».

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ «پەتىۋالار توپلىمى» (8-توم 360-بەت)دا مۇنداق دەيدۇ: «اللە تەئالانى سۆيىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشمىگەن ئادەمنىڭ ھەرقانداقى يالغانچىدۇر. بۇنداق ئادەمنىڭ اللە قا مۇھەببىتى بار دېيىلسە، بۇ ھەرگىز اللە قا بولغان ساپ ۋە خالىس مۇھەببەت ئەمەس. بەلكى، شېرىك مۇھەببەت. ئۇنىڭ ئۆز ھاۋايى-ھەۋىسى بويىچە قىلغان بۇ دەۋاسى خۇددى يەھۇد-ناسارالارنىڭ اللە نىڭ مۇھەببىتىنى دەۋا قىلغانلىقلىرىغا ئوخشايدۇ. مۇبادا، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن اللە قا مۇھەببىتى بولسا، ئۇلار ئەلۋەتتە اللە ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگەشكەن بولاتتى. ئەمما ئۇلار بىر تەرەپتىن اللە قا بولغان مۇھەببەتنى دەۋا قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن اللە يامان كۆرگەننى ياخشى كۆرىۋالغاچقا، ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى مۇشرىكلارنىڭ مۇھەببىتى جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ».

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللا «المدارج» (1-توم 99- بەت) تە مۇنداق

دەيدۇ: «اللّٰه تەئالاغا بولغان مۇھەببەت ــ اللّٰه ئالدىدىكى بەندىلىكنىڭ ماھىيىتى ۋە پۈتكۈل ئىبادەتنىڭ جېنى بولغاچقا، اللّٰه نىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش ۋە چەكلىمىلىرىدىن يېنىشتىن باشقا ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. اللّٰەنىڭ بۇيرۇقلىرىنى ئورۇنداپ، توسقىنىدىن يىراق بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقى قۇلچىلىق (ئىبادەت) ۋە چىن مۇھەببەت ئاشكارا بولۇشقا باشلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن اللّٰه تەئالا پەيغەمبىرىنى بۇ مۇھەببەتكە سىمۋول ۋە ئۇنى دەۋا قىلغۇچىغا گۇۋاھچى قىلدى. ﴿**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەر اللّٰه نى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلاركى، اللّٰه سىلەرنى دوست تۇتىدۇ،...**﴾ اللّٰه تەئالا بۇ ئايەتتە پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىشنى بەندىلەرنىڭ اللّٰه قا بولغان مۇھەببىتىنىڭ راست بولۇشىنىڭ، شۇنداقلا، اللّٰه نىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشنىڭ شەرتى قىلىپ بېكىتتى. شەرت ھازىرلانمىسا شەرت قىلىنغۇچى جازا-مۇكاپات ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى چوقۇم شەرتنىڭ ئورۇندىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەگىشىش بولمايدىكەن، ئۇلاردىكى مۇھەببەت ساختا مۇھەببەت بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭدەك، ئەگىشىشنىڭ يوقۇلىشى اللّٰه تەئالانىڭ ئۇلارغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ يوق بولۇشىنى تەقەززا قىلىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھەممە ئىشتا پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىشنى رويابقا چىقارمايدىكەن، ئۇلارنىڭ اللّٰه قا بولغان مۇھەببىتىنىڭ راست ۋە چىنلىقى ھەرگىز ئىسپاتلانمايدۇ، شۇنداقلا، ئۇلار اللّٰه نىڭ مۇھەببىتىگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدۇ.»

ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ مۇبارەك ئايەت يەنە شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، نىيىتنىڭ دۇرۇسلىقى ۋە تىلدىكى دەۋاسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

ئاشكارا ئەمەلىيىتىدە پەيغەمبەر ﷺگە ئەگىشىشنى ئۈزۈپ تەرك ئەتكەن ئادەم مۆئمىنمۇ ئەمەس، اللە نى ياخشى كۆرگۈچىمۇ ئەمەس. مانا بۇ ــ شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تىلدا ئىقرار قىلىپ، دىلدا تەسدىق قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن ئادەمنىڭ كافىر بولىدىغانلىقىغا يەنە بىر كۈچلۈك دەلىل ھېسابلىنىدۇ.

## 2- تاللاشقا توغرا كەلگەندە چوقۇم اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ نى ھەممىدىن ئەلا بىلىش

اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺگە ئىتائەت قىلىش بىلەن، باشقا ھەرقانداق بىر مەخلۇققا بويسۇنۇش ئوتتۇرىسىدا، ياكى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان بىر ئىش بىلەن ھاياتىي دۇنيانىڭ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان زىبۇ-زىننەتلىرى ئارىسىدا تاللاش سىنىقىغا دۇچ كەلگەندە، چوقۇم اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺ تەرەپنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ تاللاش مۇھەببەتنىڭ سەممىي ۋە چىن مۇھەببەت ئىكەنلىكىنىڭ يەنە بىر ئالاھىدە بەلگىسى. ئەگەر مۇھەببەت دەۋاسىنى قىلغۇچى بەندە مۇشۇنداق قىلالىسا، ئۆزىنىڭ دەۋاسىدا راستچىل بولىدۇ. ئەكسىچە، قانچە زىننەتلىك ۋە جەلپكار بولىشىدىن قەتئىينەزەر باشقا بىر تەرەپنى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺدىن ئارتۇق كۆرسە، ئۇنىڭ ئىتائىتىنى اللە قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺگە ئىتائەت قىلىش ۋە بويسۇنۇشنىڭ ئالدىغا قويۇۋالسا، شۈبھىسىزكى، بۇ ئادەم مۇھەببەت دەۋاسىدا يالغانچى بولۇپ، مۇشرىكلاردىن بولۇپ كېتىدۇ.

اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿قُلْ إِن كَانَ ءَابَآؤُكُمْ وَأَبْنَآؤُكُمْ وَإِخْوَٰنُكُمْ وَأَزْوَٰجُكُمْ وَعَشِيرَتُكُمْ وَأَمْوَٰلٌ

ٱقۡتَرَفۡتُمُوهَا وَتِجَٰرَةٞ تَخۡشَوۡنَ كَسَادَهَا وَمَسَٰكِنُ تَرۡضَوۡنَهَآ أَحَبَّ إِلَيۡكُم مِّنَ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ وَجِهَادٖ فِي سَبِيلِهِۦ فَتَرَبَّصُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦۗ وَٱللَّهُ لَا يَهۡدِي ٱلۡقَوۡمَ ٱلۡفَٰسِقِينَ ﴾

**﴿ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭلار (ھەمدە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل ـ ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى دۇنيادا سىلەرگە ياغدىرىدىغان خارلىق ۋە ئاخىرەتتىكى ئەلەملىك ئازاب) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.﴾** [تەۋبە: 24]

ئايەتتە كەلگىنىدەك، ھاياتى دۇنيانىڭ بۇ زىننەتلىرىنىڭ ھەرقاندىقى، ھەتتا ھەممىسى بىر تەرەپكە تىپلانغان تەقدىردىمۇ، ئىنسان مۇھەببەت، ئىتائەت ياكى باشقا جەھەتلەردە ئۇلارنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئارتۇق كۆرسە، ئۇ شەكسىز دۇنيا-ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچى مۇشرىكلاردىن بولۇپ كېتىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «مدارج السالكين» (1-توم 100-بەت) تە مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺگە بولغان چىن مۇھەببەت ۋە ئىتائەتنىڭ نامايەندىسى — پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشتۇر. بۇ مۇھەببەت، بىر بەندىگە نىسبەتەن الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺ باشقا ھەرقانداق شەيئىدىن سۆيۈملۈك بولمىغۇچە ئۇز مەنىسىنى تاپقان بولمايدۇ، ھەمدە شۇ

سەۋەبتىن بەندىنىڭ بىر پۈتۈن ئىبادىتى لاياقەتلىك بولماي قالىدۇ. قاچانكى، بەندىنىڭ ۋۇجۇدىدا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن ئارتۇق سۆيۈملۈك يەنە بىر شەيئىي بولىدىكەن، مانا بۇ چوڭ شىرىك بولۇپ، الله تەئالا ئۇنداق مۇشرىكلارنىڭ گۇناھىنى قەتئىي مەغفىرەت قىلمايدۇ ۋە ئۇلارغا ھىدايەت-تەۋپىق ئاتا قىلمايدۇ. الله تەئالا ئېيتىدۇكى: ﴿ **ئېيتقىنكى، «ئەگەر سىلەرنىڭ ئاتىلىرىڭلار، ئوغۇللىرىڭلار، قېرىنداشلىرىڭلار، خوتۇنلىرىڭلار، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭلار (ھەممە ئۇلاردىن باشقىلار)، تاپقان پۇل - ماللىرىڭلار، ئاقماي قېلىشىدىن قورققان تىجارىتىڭلار، ياخشى كۆرىدىغان ئۆيلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن الله تىن، الله نىڭ پەيغەمبىرىدىن ۋە الله نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈك بولسا (يەنى شۇلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، الله نىڭ پەيغەمبىرىگە ياردەم بەرمىسەڭلار)، ئۇ ھالدا سىلەر تاكى الله نىڭ ئەمرى (يەنى دۇنيادا سىلەرگە ياغدىغان خارلىق ۋە ئاخىرەتتىكى ئەلەملىك ئازاب) كەلگۈچە كۈتۈڭلار، الله پاسىق قەۋمنى (يەنى الله نىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى) ھىدايەت قىلمايدۇ.**﴾ **[تەۋبە: 24]**

ئەنە شۇلاردىن بىرىگە ئىتائەت قىلىشنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىشتىن، شۇلاردىن بىر كىمنىڭ سۆزىنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۆزىدىن، ئۇلاردىن بىرسىنىڭ رازىلىقىنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقىدىن، ئۇلارنىڭ بىرىدىن قورقۇش، ئۈمىد قىلىش ياكى ئۇنىڭغا تەۋەككۇل قىلىشنى الله تىن قورقۇش، ئۈمىد قىلىش ۋە الله قا تەۋەككۇل قىلىشتىن، ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن بولغان ئالاقە-رىشتىنى الله بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن ئەۋزەل كۆرىدىغان ھەرقانداق ئادەم ھەرگىزمۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺنى

باشقىلاردىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىغانلار جۇملىسىدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇ بۇنى ئېغىزىدا دەۋا قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ بۇ سۆزىدە يالغان ئېيتقان ۋە ئۆزىدە بار ئىشنىڭ ئەكسىنى ئوتتۇرىغا قويىۋاتقان بولىدۇ. شۇنىڭدەك، مەلۇم بىر شەخسنىڭ ھۆكمىنى اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىنىڭ ئالدىغا قويىۋالغان ئادەمگە نىسبەتەن شۇ شەخس اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىدىن بەكرەك سۆيۈملۈك بولغان بولىدۇ.»

## 3- سىناق-كۈلپەتلەرگە ئۇچراش ۋە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىش.

ئىماننىڭ سەممىيىتى، مۇھەببەتنىڭ ھەقىقى چىن ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى سىناق-كۈلپەت ۋە ئۇنىڭغا بەرداشلىق بېرىشتۇر. اللە تەئالا ئېيتىدۇ:

﴿أَحَسِبَ ٱلنَّاسُ أَن يُتْرَكُوٓاْ أَن يَقُولُوٓاْ ءَامَنَّا وَهُمْ لَا يُفْتَنُونَ ۝٢ وَلَقَدْ فَتَنَّا ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ ۖ فَلَيَعْلَمَنَّ ٱللَّهُ ٱلَّذِينَ صَدَقُواْ وَلَيَعْلَمَنَّ ٱلْكَٰذِبِينَ ۝٣﴾

**﴿ئىنسانلار «ئىمان ئېيتتۇق» دەپ قويۇش بىلەنلا سىنالماي تەرك ئېتىلمىز، دەپ ئويلامدۇ؟ ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى بىز ھەقىقەتەن سىنىدۇق، اللە (ئىماندا) راستچىللارنى چوقۇم بىلىدۇ، (ئىماندا) يالغانچىلارنىمۇ چوقۇم بىلىدۇ.﴾** [ئەنكەبۇت: 2-3]

ئايەتنىڭ تەپسىرى: كىشىلەر اللە قا بولغان مۇھەببەتنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ اللە تەئالاغا ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلغۇچى ئەھلى تەۋھىد ۋە ئىمان ئىگىلىرى ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلغاندىن كېيىن، دىن بارىسىدا ۋە بۇ دەۋەتكە ياردەم بېرىش يولىدا سىناق-ئىمتىھانلارغا، ئەزىيەت-كۈلپەتلەرگە ئۇچرىمايمىز دەپ

ئويلاشمسۇن. اللە تەئالا دىـن يولىدىكى ئەنە شۇ ئۆتكۈنـچە جاپـا-مۇشەقـقـەتلەر ئارقـىلىق خۇددى يـۇقـىرى ھـارارەتـلىك ئـوت بىلەن پولات-تۆمۈر قېتىدىكى كېرەكسىز دات-پوتلىلار ئايرىپ تاشلانغاندەك، ئىمان ۋە مۇھەببەت دەۋاسىدا راستچىل، چىدامچان مۇجاھىد بەندىلەر ئارىسىدىن اللە يولىدىكى سىناق ۋە ئېغىرچىلىقتا ئۇچرا-ئۇچرىماستا كەينىگە چېكىنىدىغان كاززاپلارنى ئايرىپ تاشلاپ، مۇئمىنلەرنىڭ سېپىنى بۇنداق ناكەسلەردىن ۋە نىجاسەتلەردىن پاكلاپ بېرىدۇ. اللە تەئالا بۇ سەممىي مۇئمىنلار ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَلَنَبْلُوَنَّكُمْ حَتَّىٰ نَعْلَمَ ٱلْمُجَٰهِدِينَ مِنكُمْ وَٱلصَّٰبِرِينَ وَنَبْلُوَا۟ أَخْبَارَكُمْ ﴿٣١﴾ ﴾

**﴿بىز سىلەرنى ئەلۋەتتە (جىھادقا ئەمر قىلىش ۋە مۇشەققەتلىك ئىشلارغا تەكلىپ قىلىش بىلەن) سىنايمىز، تاكى سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن (اللە نىڭ يولىدا) جىھاد قىلغۇچىلارنى ۋە (جىھادنىڭ مۇشەققەتلىرىگە) چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى بىلگەنگە، سىرلىرىڭلاردىن ۋاقىپ بولغانغا قەدەر.﴾** [مۇھەممەد، 31]

ئۇلارنىڭ ئېغىرچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرىشى ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەتنىڭ چىنلىقىغا، ئىبادەتلىرىنىڭ خالىس ئىكەنلىكىگە ۋە اللە يولىدىكى جىھادىنىڭ سەممىي ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بەلگە-نىشاندۇر.

ئەمما، ئىمان-تەۋھىدنى دەۋا قىلىشقانلىرىدىن كېيىن ئۇچرىغان ئاددى سىناقلار ۋە بېشىغا كەلگەن ئەزىيەت-مۇشەققەتلەر سەۋەبىدىن كەينىگە داجىيدىغانلار ھەققىدە بولسا اللە تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ فَإِذَآ أُوذِيَ فِي ٱللَّهِ جَعَلَ فِتْنَةَ ٱلنَّاسِ كَعَذَابِ

ٱللَّهِ ... ﴿١٠﴾ ﴾

**﴿بەزى كشلەر: «اللە قا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ، اللە نىڭ يولىدا بىرەر ئەزىيەت تارتسا، كىشىلەر تەرپىدىن يەتكەن كۈلپەتنى اللە نىڭ ئازابى بىلەن ئوخشاش بىلىدۇ...﴾** [ئەنكەبۇت:10]

﴿وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَعۡبُدُ ٱللَّهَ عَلَىٰ حَرۡفٖۖ فَإِنۡ أَصَابَهُۥ خَيۡرٌ ٱطۡمَأَنَّ بِهِۦۖ وَإِنۡ أَصَابَتۡهُ فِتۡنَةٌ ٱنقَلَبَ عَلَىٰ وَجۡهِهِۦ خَسِرَ ٱلدُّنۡيَا وَٱلۡأٓخِرَةَۚ ذَٰلِكَ هُوَ ٱلۡخُسۡرَانُ ٱلۡمُبِينُ ﴿١١﴾ ﴾

**﴿بەزىلەر اللە قا شەك ـ شۈبھە بىلەن (يەنى تۇراقسىز ھالدا) ئىبادەت قىلىدۇ، ئەگەر ئۇنىڭغا ياخشىلىق يەتسە دىنىدا تۇرىدۇ (بۇنداق ئادەم مۇناپىق بولۇپ، اللە قا دىلى بىلەن ئەمەس پەقەت تىلى بىلەن ئىبادەت قىلىدۇ)، ئەگەر ئۇنىڭغا بەختسىزلىك يەتسە دىنىدىن يېنىۋالىدۇ، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ، بۇ روشەن زىياندۇر﴾**. [ھەج:11]

شۈبھىسىزكى، ئىنسان ئۆز دىيانىتى، ئىمان ۋە تەقۋادىكە ھەمدە ۋۇجۇدىدىكى اللە قا بولغان مۇھەببەتكە قاراپ سىنىلىدۇ. ئەگەر ئىمانى قانچىكى كامىل، تەقۋادى قانچىكى كۈچلۈك ۋە اللە قا بولغان مۇھەببىتى قانچىكى چىن ۋە سەممىي بولسا، ئۇنىڭ بېشىغا كېلىدىغان كۈلپەتلەر شۇنچە ئېغىر ۋە ئۇنىڭ چىدامچانلىقى شۇنچە مۇستەھكەم بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

"يُبْتَلَى الْعَبْدُ عَلَى حَسَبِ دِينِهِ، فَإِنْ كَانَ فِي دِينِهِ صُلْبًا اشْتَدَّ بَلَاؤُهُ، وَإِنْ كَانَ فِي دِينِهِ رِقَّةٌ ابْتُلِيَ عَلَى حَسَبِ دِينِهِ، فَمَا يَبْرَحُ الْبَلَاءُ بِالْعَبْدِ حَتَّى يَتْرُكَهُ يَمْشِي عَلَى الْأَرْضِ وَمَا عَلَيْهِ مِنْ خَطِيئَةٍ " رواه ابن ماجه

**«ئادەم ئۆزىنىڭ دىيانىتىگە بېقىپ سىنىلىدۇ، ئەگەر ئۆز دىنىدا**

**مۇستەهكەم بولسا، ئۇنىڭغا كېلىدىغان سىناق قاتتىق بولىدۇ. ئەگەر دىنىدا بوشراق بولسا شۇنىڭغا يارىشا سىنىلىدۇ. ئۇزۇلمەي كەلگەن سىناق-كۈلپەتلەر بىلەن بەندە بىرمۇ گۇناھى قالمىغان ھالەتتە زېمىن ئۈستىدە يۈرىيدىغان ھالەتكە كېلىدۇ».**

پەيغەمبەر ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن:

"إِنَّ الصَّالِحِينَ يُشَدَّدُ عَلَيْهِمْ" رواه أحمد

**«شۈبھىسىزكى، سالىھلارغا كېلىدىغان كۈلپەتلەر قاتتىق بولىدۇ».**

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

" كَمَا يُضَاعَفُ لَنَا الأَجْرُ كَذَلِكَ يُضَاعَفُ عَلَيْنَا الْبَلاءُ" رواه أحمد وغيره.

**«خۇددى بىزگە بېرىلىدىغان ئەجىر-ساۋاب ھەسسىلىنىپ كەلگىنىدەك، بالا- كۈلپەتلەرمۇ باشقىلارغا قارىغاندا نەچچە قاتلىنىپ كېلىدۇ».**

شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر كامىل ئىمانى ، خالىس ئىبادىتى سەۋەبلىك ئىنسانىيەت ئارىسىدا ئەڭ قاتتىق سىنىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ قاتتىق بەرداشلىق بېرىدىغان كىشىلەردۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتىدۇكى:

" أَشَدُّ النَّاسِ بَلَاءً الْأَنْبِيَاءُ، ثُمَّ الْأَمْثَلُ فَالْأَمْثَلُ" رواه ابن ماجه وأحمد

**«ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ قاتتىق سىنىلىدىغانلار پەيغەمبەرلەر، ئاندىن قالسا ئۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغانلاردۇر».**

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

"مَا أُوذِيَ أَحَدٌ مِثْلَ مَا أُوذِيتُ فِي اللَّهِ" رواه ابن حبان والترمذي

**«الله يولىدا مەن ئۇچرىغان ئەزىيەتكە ھېچكىم ئۇچرىغان ئەمەس».**

عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ، أَنَّهُ دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللَّهِ ﷺ وَهُوَ مَوْعُوكٌ، عَلَيْهِ قَطِيفَةٌ، فَوَضَعَ يَدَهُ عَلَيْهِ فَوَجَدَ حَرَّهَا فَوْقَ الْقَطِيفَةِ، فَقَالَ أَبُو سَعِيدٍ: مَا أَشَدَّ حَرَّ حُمَّاكَ يَا رَسُولَ اللَّهِ؟ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: " إِنَّا كَذَلِكَ يُشَدَّدُ عَلَيْنَا الْبَلَاءُ وَيُضَاعَفُ لَنَا الأَجْرُ "، قُلْنَا: يَا رَسُولَ اللَّهِ، مَنْ أَشَدُّ النَّاسِ بَلَاءً؟ قَالَ: " الأَنْبِيَاءُ ثم الصَّالِحُونَ.... " رواه الحاكم وغيره

**ئەبۇ سەئىد ئەلخۇدرىي ﷺدىن شۇنداق رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ ئاغرىپ قالغان بىر چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۈستىدە قېلىن بىر يېپىنچا بار بولۇپ، ئەبۇ سەئىد قولىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇۋىدى، قىزىتما هارارىتىنىڭ يوتقاننىڭ ئۈستىدىن ئۇرغۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، بەك قاتتىق قىزىپ كېتىپسىلەرغۇ!»، دەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتىكى: «بىزگە بالايى-كۇلپەت مۇشۇنداق ئېغىر بولغانغا ئوخشاش، ئەجىر-ساۋابلارمۇ هەسسىلىنىپ بېرىلىدۇ»، ئاندىن ئەبۇ سەئىد: «ئى الله نىڭ ئەلچىسى! قايسى كىشىلەر ئەڭ قاتتىق سىنىلىدۇ؟»دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ :«پەيغەمبەرلەر، ئاندىن قالسا سالىھ بەندىلەر» دەپ جاۋاب بەردى.**

أَتَى رَجُلٌ النَّبِيَّ ﷺ فَقَالَ: وَاللَّهِ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنِّي لأُحِبُّكَ، فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: " إِنَّ الْبَلايَا أَسْرَعُ إِلَى مَنْ يُحِبُّنِي مِنَ السَّيْلِ إِلَى مُنْتَهَاهُ "رواه ابن حبان

**بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! الله بىلەن قەسەم، مەن سىلىنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن، -دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتىكى: بالايى-كۇلپەتلەر مېنى ياخشى كۆرگۈچىگە تۆۋەنگە قاراپ ئېقىۋاتقان سەل سۈيىدىن كۆرە ئالدىراشراق كېلىشكە**

**باشلايدۇ.**[1]

ھەدىسنىڭ مەزمۇنى: دېگەن شۇ گېپىڭدە راستچىل بولساڭ، ساڭا كەلگۈسى جاپا-مۇشەققەت ۋە سىناقلارغا ئىدىيەڭدە تەييارلىق كۆرۈپ قويغىن. چۈنكى ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭنىڭ بەلگىسى شۇكى، تۈرلۈك سىناقلار بىلەن ئىمتىھان قىلىنىسەن، شۇلارغا چوقۇم بەرداشلىق بېرىمىكىڭ لازىم.

دېمەك، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئەگىشىش، ئەلا بىلىش ۋە سىنىلىش قاتارلىقلار الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺگە بولغان چىن ۋە راست مۇھەببەتنىڭ بەلگە-نىشانلىرى بولۇپ، بىر ئادەمدە بۇلار تېپىلمىسا ئۇنىڭدىكى مۇھەببەت ساختا بولىدۇ، ئۇنىڭ يېگانە الله قا بولغان تەۋھىد- ئېتىقادى ۋە بەندىچىلىكى سەممىي بولماي قالىدۇ. ئەگەر ئۇ تىلىدا بۇنىڭغا قارشى دەۋانى تولا قىلىپ، ئۆزىنى الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئىخلاسمەن مۇئمىنلاردىن قىلىپ كۆرسىتىپ، ئۆزىدە يوق سۈپەت بىلەن باشقىلارغا زىننەتلىك كۆرۈنمەكچى بولغان تەقدىردىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ رېئال ئەمەلىيىتىدىن چىقىۋاتقان سادا ئىنتايىن ئېنىق ۋە روشەن ھالدا، ئۇنىڭ يالغانچى-كەززاپ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ مۇنافىق-كافىر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىۋېرىدۇ.

---

[1] يۇقىرىدىكى ئىمتىھان- سىناقلار ھەققىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى- الله قا شۈكرىكى- سەھىھ ۋە ئىشەنچلىك ھەدىسلەردۇر. بۇلاردىن ۋە شۇ مەزمۇندىكى باشقا ھەدىسلەردىن شۇنداق ھېكمەت ۋە چۈشەنچىلەرگە ئېگە بولىمىزكى، الله يولىدا سىنالغۇچىلار خۇسۇسەن، ئۇلار ئارىسىدىكى قاتتىق ئەزىيەت-كۈلپەتلەر بىلەن ئىمتىھان قىلىنىشقا دۇچ كەلگەنلەردىن بەزى خاتالىق ۋە شۈبھىلىك ئىشلار كۆرۈلگەن چاغلاردا ئۇلارنى توغرا چۈشىنىشكە ئۇرۇنۇش، ئۇلارنىڭ يوللۇق ئۆزرىلىرىگە كەڭرى ئىمكانىيەت قالدۇرۇش ۋە ئۇلار ھەققىدە يامان گۇمان ئورنىدا ياخشى گۇمان قىلىش لازىم. مانا بۇ — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلۇغ سۈننىتى ۋە گۈزەل خۇلۇقلىرىدىندۇر. ساھابىلەردىن بىرەرسى خاتالىشىپ، گۇمانلىق ئىشلارنى سادىر قىلىپ سالغاندا بۇ سۆيۈملۈك مېھرىبان زات ﷺ ئۇنىڭ ياخشى تەرىپىنى، ئىلگىرى الله يولىدا تارتقان سىناق-كۈلپەتلىرىنى ئەسلەپ، ئۇ ھەققىدە ياخشى گۇمانلارنى قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ خاتالىقىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا شۇنى يۈيىدىغانغا پۇرسەت بېرەتتى: «ياق ئى ئۇمەر، ئۇ دېگەن ئەھلى بەدىر-جۇمۇ!».

بىراق الله يولىدىكى سىناق -كۈلپەتلەرگە ئۇچرىمىغان كىشىلەرنىڭ خاتالىقى ۋە شۈبھىلىك ئىشلىرى ھەققىدە ياخشى تەرەپكە تارتىپ چۈشىنىش، ئۆزرىلىرىنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى نىسبەتەن تارراق بولىدۇ. بۇ بۈيۈك قائىدىگە ئەھمىيەت بېرىش، خۇسۇسەن كۇفرى ۋە ئىمان مەسىلىلىرىدەك كاتتا مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش زۆرۈر.

## سەككىزىنچى شەرت: رازىمەنلىك ۋە بويسۇنۇش

تەۋھىدكە ئەمەل قىلىش چوقۇم دىلدىكى غوم ۋە سىقىلىشنى تۈگىتىدىغان رازىلىق ۋە قايىللىق ئاساسىدا، ئەمەلدىكى قارشىلىق ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە، رەد قىلىشقا ئورۇن قويمايدىغان مۇتلەق بويسۇنۇش ئاساسىدا مەيدانغا كېلىشى شەرت، بۇنىڭسىز ئىمان ۋە تەۋھىدنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

الله تەئالا ئېيتىدۇ:

﴿ فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّىٰ يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنفُسِهِمْ حَرَجًا مِّمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا ﴿٦٥﴾ ﴾

**﴿(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غوم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ.﴾** [نىسا:65]

بەندە ئىمان سۈپىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن الله نىڭ پەيغەمبىرى ﷺ ئېلىپ كەلگەن تەۋھىد ۋە شەرىئەتنى ھۆكۈم مەنبەسى قىلىش لازىم؛ ﴿**ئۇلار ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە** ﴾....

ئاندىن شۇ ھۆكۈمگە چىن ۋۇجۇدىدىن رازى بولۇپ، دىلىدا قىلچىلىك غوم ۋە سىقىلىش بولماسلىقى لازىم. ئەگەر بۇ سىقىلىش تۈگىتىلمىسە، شەرىئەتنى ھۆكۈمران قىلىش يالغۇز كۇپايە قىلمايدۇ. ﴿**ئاندىن سېنىڭ**

**چىقارغان ھۆكمىگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يوقالمىغۇچە ﴾...**

ئاندىن شۇ ھۆكۈمگە مۇتلەق بويسۇنۇپ، ئاشكارا- يۇشۇرۇن ھەرقانداق قارشىلىق ۋە ئېتىراز بىلدۈرۈشتىن ساقلىنىش لازىم. بۇ كەم بولۇپ قالسا، بەندە يەنىلا ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ. ﴿**ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە**﴾ ...

ئىبنى كەسىر رەھىمەھۇللاھ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

« اللہ تەئالا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ مۇقەددەس زاتى بىلەن قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: ھەر قانداق بىر بەندە بارلىق ئىش-پائالىيىتىدە پەيغەمبەرﷺنى ھۆكۈمران قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارشىلاشماستىن، گەپ يورغىلاتماستىن، كاجلىق قىلماستىن تامامەن بويسۇنمىغۇچە ئىمانغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى.»

ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ پەتىۋالار توپلىمى (28-توم 471-بەت)دا بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«پەيغەمبەرﷺنىڭ يولى ۋە شەرىئىتىدىن چەتنىگەن ئادەم ھەققىدە اللہ تەئالا مۇقەددەس زاتى بىلەن قەسەم قىلدۇكى، ئۇ تاكى دەتالاش ۋە ئىختىلاپ يۈز بەرگەن دىنىي ۋە دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ بارچىسىدا پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇپ، بۇ ھۆكۈمگە قارىتا قەلبىدە قىلچە سىقىلىشنى قويماي تۇگەتمىگىچە مۇئمىن بولالمايدۇ. ئىماننىڭ بۇ ئاساسىنى بايان قىلىدىغان قۇرئان ئايەتلىرى ئىنتايىن كۆپ.»

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلۇغ اللہ مۇقەددەس زاتى بىلەن ئىنكار بىلەن باشلىنىپ قاتتىق تەكىتلەنگەن قەسەمنى قىلغاندىن كېيىن، تاكى كىشىلەر ئۆزئارىسىدا يۈز بەرگەن

بارلىق ئىشلىرىدا مەيلى دىنىنىڭ ئاساس ياكى ئۇششاق مەسىلىلىرىدە بولسۇن، مەيلى شەرىئەتنىڭ ھايات پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرى ياكى ئاخىرەت ھەققىدىكى ئەھكاملىرى بولسۇن، ياكى اللّٰه تەئالانىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى بارىسىدا بولسۇن ھەممىسىدە اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرى ﷺنى ھۆكۈمران قىلمىغۇچە ئۇلاردا ئىمان بولمايدىغانلىقى؛ ئاندىن ئۇنىڭ ھۆكمىگە قارىتا ئىچ سىقىلىش ۋە بىئاراملىقتىن خالىي ھالدا، كۆڭۈللىرى تولۇق ئازادىلىككە، ۋۇجۇدى پۈتۈنلەي خۇرسەنلىككە تولغان ھالدا ئۇنى مۇكەممەل قوبۇل قىلمىسا، پەقەت ھۆكۈم مەنبەسىنى توغرا تاللاش بىلەنلا ئۇلاردا يەنە ئىماننىڭ قارار تاپمايدىغانلىقى؛ ئاندىن بۇ ئىككى سۈپەتنى ئورۇندىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۆكۈمنى تالاش-تارتىش، ئېتىراز ۋە قارشىلىق كۆرسۈتۈشتىن يىراق ھالدا رازىمەنلىك ۋە بويسۇنۇش بىلەن كۈتۈپ ئالمىسا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئىماننىڭ يەنىلا قارار ئالمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.»

سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ «قۇرئان سايىسىدا» ناملىق تەپسىرىدە يۇقىرىقى ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: «بىز يەنە بىر قېتىم ئۆزىمىزنى ئىماننىڭ شەرتى ۋە ئىسلامنىڭ چەك-چېگراسى ئالدىدا كۆرىمىز. ئۇنى بىزگە اللّٰه تەئالا زاتى بىلەن قەسەم قىلغان ھالدا بېكىتىپ بېرىدۇكى، اللّٰه نىڭ بۇ ھۆكۈمىدىن كېيىن، يەنە بىرەر كىمنىڭ ئاغزىم بار دەپ سۆز يورغىلىتىشىغا، ياكى ئەقلىم بار دەپ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۇيان-بۇيان چۆرىشىگە ئىمكان قالمايدۇ، پەقەت قۇلاق سېلىشقا ئەرزىمەيدىغان بىھۇدە ۋالاقلاشلاردىن باشقا. ئەلۋەتتە،كىشىلەرنىڭ اللّٰه نىڭ قانۇنىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۆكۈملىرىنى ھۆكۈمران قىلىشلىرى ئۇلارغا ئىسلام (مۇسۇلمانلىق) سۈپىتىنى بېكىتىشكە

يېتەرلىك. ئەمما ئۇلاردا ئىمان (مۇئمىنلىق) سۈپەتىنىڭ ھازىرلىنىشى يۇقىرىقى سۈپەت بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ روھىيىتىدىكى مەمنۇنلۇق ۋە رازىلىقنىڭ، قەلبلىرىدىكى قايىللىق ۋە قوبۇل كۆرۈشىنىڭ ھەمدە پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى تەسلىم ۋە بويسۇنۇشىنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشىغا باغلىق».

الله تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ وَيَقُولُونَ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلرَّسُولِ وَأَطَعۡنَا ثُمَّ يَتَوَلَّىٰ فَرِيقٞ مِّنۡهُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۚ وَمَآ أُوْلَٰٓئِكَ بِٱلۡمُؤۡمِنِينَ ٤٧ وَإِذَا دُعُوٓاْ إِلَى ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦ لِيَحۡكُمَ بَيۡنَهُمۡ إِذَا فَرِيقٞ مِّنۡهُم مُّعۡرِضُونَ ٤٨ ﴾

**﴿ئۇلار: «الله قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئۇلاردىن بىر جامائەت شۇنىڭدىن (يەنى ئىماننى دەۋا قىلغاندىن) كېيىن، (شەرىئەت ھۆكمىدىن) يۈز ئۆرۈيدۇ، ئۇلار (ھەقىقەتتە) مۇئمىن ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا (پەيغەمبەر) ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن، ئۇلار الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ (ھۆكمىگە) چاقىرىلسا، ئۇلاردىن بىر جامائە (پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇشتىن) باش تارتىدۇ.﴾** [نۇر: 47-48]

بۇلار ئىماننىڭ سۆزلەش شەرتىنى ئورۇندىغان بولۇپ، ئۇلاردىن سورىسىڭىز، دەرھال: « الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈردۇق ۋە بويسۇندۇق» دەيدۇ. لېكىن رېئال ئەمەلىيىتىدە بولسا، بۇ دەۋانى، ئۆزىنىڭ ئەشۇ سۆزلىرىنى يەنە ئۆزى يالغانغا چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئىتائەتنى ئەمەلدە كۆرسىتىشكە ـــ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىﷺنى ھۆكۈمران قىلىشقا چاقىرىلسا،

خۇددى اللّٰه نازىل قىلغان ھۆكۈمنىڭ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقتەك ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. بۇنداقلار قۇرئان تېكىستى بىلەن ﴿**ھەقىقەتتە ئۇلار مۇئمىن ئەمەس**﴾.

ئىمام تابەرىي رەھىمەھۇللاھ تەپسىرىدە مۇنداق دەيدۇ: « ﴿**ھەقىقەتتە ئۇلار مۇئمىن ئەمەس**﴾ ، يەنى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان ﴿ **اللّٰه قا ۋە پەيغەمبەرگە ئىمان ئېيتتۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق**﴾ دېگۈچىلەر اللّٰه نىڭ پەيغەمبىرىﷺ تەرەپكە چاقىرىلسا، ئۇنى ھۆكۈمران قىلىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، شۇ سۆزنى دەپ قويۇش بىلەنلا مۇئمىن بولۇپ قالمايدۇ.»

اللّٰه نازىل قىلغاندىن غەيرى ھۆكۈم بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۆلىمالار ئارىسىدا تونۇلغان تەپسىلات بويىچە، شۇ غەيرى ھۆكۈمنىڭ تۈرى ۋە ئەمەلىي شارائىت قاتارلىق نۇقتىلارنى نەزەرگە ئالغان ئاساستا، گاھىدا دىندىن چىقىرىۋېتىدىغان چوڭ كۇفرى سانىلىدۇ، گاھىدا ئۇ دەرىجىگە بارمايدىغان كىچىك كۇفرى بولىدۇ. ئەمما، تەۋھىد بارىسىدا اللّٰه نازىل قىلغاندىن غەيرى ھۆكۈمنى يۈرگۈزۈشتىن پەقەت بىرلا ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ، ئۇ بولسىمۇ، ئىسلام مىللىتىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان چوڭ كۇفرىدۇر. اللّٰه بۇنىڭدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

ئۇستاز سۇلايمان ئالى شەيخ رەھىمەھۇمەللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئايەتنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، اللّٰه نازىل قىلغاندىن غەيرى ھۆكۈمنى يۈرگۈزۈش ئەگەردە تەۋھىدنى بەرپا قىلىش ۋە شېرىكتىن پاكلىنىشتىن ئىبارەت دىنىنىڭ يىلتىزلىق مەسىلىلىرىدە يۈز بەرسە ياكى باشقا شاخچە مەسىلىلەردە بولغان تەقدىردىمۇ، بۇ قىلمىشقا كۆز يۇمۇپ، ئۇنى دىلىدا ئەيىپ بىلمەي، تىلىدا ئىقرار

قلبپ تەن ئېلىشتىن باش تارتقان بولسا، شەكسىز بۇ ئىمانغا ئورۇن قويمايدىغان چوڭ كۇفرىدۇر.»

اللە تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تُقَدِّمُواْ بَيۡنَ يَدَيِ ٱللَّهِ وَرَسُولِهِۦۖ وَٱتَّقُواْ ٱللَّهَۚ إِنَّ ٱللَّهَ سَمِيعٌ عَلِيمٞ ۝١ يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَرۡفَعُوٓاْ أَصۡوَٰتَكُمۡ فَوۡقَ صَوۡتِ ٱلنَّبِيِّ وَلَا تَجۡهَرُواْ لَهُۥ بِٱلۡقَوۡلِ كَجَهۡرِ بَعۡضِكُمۡ لِبَعۡضٍ أَن تَحۡبَطَ أَعۡمَٰلُكُمۡ وَأَنتُمۡ لَا تَشۡعُرُونَ ۝٢ ﴾

**﴿ئى مۇئمىنلەر! سىلەر اللە نىڭ ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئالدىدا (ھېچقانداق بىر ئىشنى ۋە سۆزنى) ئالدى بىلەن قىلماڭلار، اللە تىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (نىيىتىڭلارنى ۋە ئەھۋالىڭلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر* ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار، سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆزلەشكەندەك، پەيغەمبەرگە (توۋلاپ) يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلماڭلار، (ئۇنداق قىلساڭلار) ئۆزلىرىڭلار تۇيماستىن، (قىلغان ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىكار بولۇپ كېتىدۇ.﴾** [ھۇجۇرات: 1-2]

ئايەت مەزمۇنى ھەقىقەتەن مۇئمىن ۋۇجۇدىدا اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمى ئالدىدا ھەرقانداق قارشى پىكىر-قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ياكى گەپ-سۆز يورغىلىتىشقا ئورۇن قويمايدىغان شەرتسىز بويسۇنۇشنىڭ روياپقا چىقىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. پەيغەمبەرلىك رىسالىتى اللە تەرەپتىن كېلىدۇ، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ۋەزىپىسى ئۇنى يەتكۈزۈشتۇر، بىزنىڭ

زىممىمىزدە بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا ئېتىراز بىلدۈرۈش ياكى ئۇنى رەد قىلىشتىن ھەتتا قارشى سۆز قىستۇرۇشتىنمۇ ساقلىنىش؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەقەت رازىمەنلىك بىلەن ئۇنى قوبۇل قىلىپ بويسۇنۇشلا بار.

ئويلاپ كۆرۈڭ! پەقەت ئاۋازىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ گەپ قىلغۇچىنىڭ ياخشى ئەمەللىرىنىڭ بىكار بولۇپ كېتىش خەۋپى بولسا، ـھالبۇكى، ياخشى ئەمەللەر كافىرلىق ۋە مۇشرىكلىقتىن باشقا ئەھۋالدا بىكار بولۇپ كەتمەيدۇ ـ، ئۇنداقتا، [دىيارىمىزدىكى، كافىرلارنىڭ خىلمۇ-خىل كۇفرانە سۆزلىرى، رەڭگارەڭ كۇفرىي سىياسەتلىرى ئالدىدا خوش-خوش بىلەن باش لىڭشىتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان؛ دەۋا قىلىشۋاتقان ئىمانلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلايدىغان ۋە قىپقىزىل كوممۇنىستلار سورۇنىيشى بولىدىغان ئەشۇنداق سورۇنلاردا ـگەرچە شۇ سورۇننىڭ سىرتىدا ئەھۋال باشقىچە بولغان تەقدىردىمۇ،ـ الله نىڭ دۇشمەنلىرى رەزىل مەقسەتتە ئوتتۇرىغا قويۋاتقان سۆزلەرنى، ئۇلار چىقىرىپ بەرگەن قانۇن-سىياسەتلەرنى الله نىڭ شەرىئىتىدىن، پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزى ۋە ئۇنىڭ ھۆكمىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ ئولتۇرىدىغان تەمەخور موللىلارنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتەر؟! ئۇندىن باشقا ـــ ت] مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدىكى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ، تاغۇتلارنىڭ «قانۇن تۇرغۇزۇش ۋەكىللەر مەجلىسلىرى»گە ئەزا بولۇپ، ئۆزىنىڭ گېپىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسىدىن، ھۆكۇمىنى ئۇنىڭ ھۆكۇمىدىن، ئۆزى تۈزگەن قانۇننى ئۇ الله تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن قانۇندىن ئۈستۈن ۋە ئارتۇق بىلىدىغانلارنىڭ ئەھۋالىچۇ؟! ئېنىقكى، بۇنداقلار كافىر-مۇشرىكلىككە ۋە ئەمەللىرى قىرىلىپ كېتىشكە تېخىمۇ ھەقلىق بولۇپ قالغۇسى.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ «الأعلام» (1-توم 51-بەتتە) مۇنداق دەيدۇ: «بىركىمنىڭ ئاۋازىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ سۆز قىلىشى ئەمەللىرىنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان يەردە، ئۆز خاھىشى ۋە ھەۋەسلىرىنى، ئەقلى ۋە سىياسەتلىرىنى، بىلىم ۋە شەخسىي قاراشلىرىنى پەيغەمبەر ﷺ ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن ئەۋزەل ۋە ئۈستۈن كۆرگۈچىلەرنىڭ ئەمەللىرى قىرىلىپ كېتىشكە تېخىمۇ لايىق ئەمەسمۇ؟!»

الله تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤۡمِنٖ وَلَا مُؤۡمِنَةٍ إِذَا قَضَى ٱللَّهُ وَرَسُولُهُۥٓ أَمۡرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ ٱلۡخِيَرَةُ مِنۡ أَمۡرِهِمۡۗ وَمَن يَعۡصِ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ فَقَدۡ ضَلَّ ضَلَٰلٗا مُّبِينٗا ﴿٣٦﴾﴾

**﴿ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر- ئايال مۆئمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ھەقىقەتەن ئۇ ئوپئوچۇق ئازغان بولىدۇ. ﴾** [ئەھزاب: 36]

بەندىدىكى مۆئمىنلىق سۈپەتىنىڭ تەلىپى شۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىنى قويۇپ ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىسىنى تاللىمايدۇ. الله نىڭ ھۆكمى تۇرغان يەردە، مەن مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ باشقىنىڭ ھۆكمىنى تاللاش تولىمۇ زىددىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ، بۇ پەقەت شۇ ئادەم ئىمانىدىن كۇفرىنى ئارتۇق بىلگەندە، ئۆزى ئۇچۇن كافىر نامىغا، مۇشرىك دېگەن ھۆكۈمگە رازى بولغاندىلا ئاندىن مۇمكىن بولىدۇ.

الله تەئالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

﴿فَلْيَحْذَرِ ٱلَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِۦٓ أَن تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾

**﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.﴾** [نۇر:63]

بۇ ئايەتتىكى ﴿**چوڭ بىر پىتنە**﴾دىن كۆزدە تۇتۇلغۇاتقىنى كۇفرى بىلەن شىرىكتۇر. ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «قۇرئان كەرىمگە كۆز يۈگۈرتتۇم، باشتىن ئاخىرىغىچە پەيغەمبەر ﷺگە ئىتائەت قىلىش توغرىسىدىكى مەزمۇننى 33 ئورۇندا ئۇچراتتىم». ئاندىن ئۇ مۇنۇ ئايەتنى **﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.﴾** دېگەن ئايەتنى تەكرارمۇ تەكرار ئوقۇشقا باشلىدى ۋە مۇنداق دېدى: «پىتنە نېمە؟ بىلەمسەن، ئۇ بولسىمۇ شىرىكتۇر. پەيغەمبەر ﷺنىڭ بەزى سۆزىنى رەد قىلغان ئادەمنىڭ بۇ قىلمىشى تۈپەيلى قەلبىدە پەيدا بولغان ئەگرىلىك ئۇنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولىشى مۇمكىن».

ئۇنىڭغا يەنە: «بەزىلەر گاھى مەسىلىلەردە ھەدىسنى قويۇپ، سۇفيان قاتارلىق (ياخشى) ئۆلىمالارنىڭ رەيىنى تۇتىشىدىكەن» دېيىلگەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن: «مەن ھەققەتەن بەزى كىشىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسىنى ئاڭلاپ، ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماي سۇفيان ۋە ئۇ-بۇ ئۆلىمالارنىڭ پىكرىگە ئەمەل قىلىپ كېتىشلىرىدىن تولىمۇ ھەيران قالىمەن، ھالبۇكى ، الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ: **﴿پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە**

**يولۇقۇشتىن، يا(ئاخىرەتتە) قاتتىق بىرئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن.﴾** بىلەمسەن؟! بۇ ئايەتتىكى پىتنەنىڭ مەنىسى كافىرلىقتۇر. اللّٰه تەئالا يەنە بىر ئايەتتە ﴿وَالْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ﴾ **﴿پىتنە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يامان گۇناھتۇر.﴾** دېگەن. ئۇلار دۇچار بولغان بۇ پىتنە دەل ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسلىرىنى تاشلىۋەتكەن ۋاقىتلىرىدا، ھاۋايى ھەۋەسلىرىنىڭ ئۇلارغا ھۆكۈمران بولۇپ، ئۇلارنى باشقىلارنىڭ قاراشلىرىغا ئېسىلىشقا سۆرەپ ئاپارغىنىدۇر.»

مەن دەيمەن: ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ سۇفيان قاتارلىق مۇجتەھىد ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرىنى تۇتۇپ، پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۆزىنى تەرك ئەتكەن ئادەملەر ھەققىدە يۇقىرىقى ھۆكۈمنى قىلغان يەردە، زامانىمىزدىكى ئاتالمىش قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرىدىكى قانۇن-سىياسەت توقۇغۇچى بىلەرمەنلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە ئېسىلىپ، شۇنىڭدەك، ھۆكۈمران تاغۇتلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، ئۇلار كۆرسىتىپ بەرگەن كۇرسى- مەنسەپلەر ۋە مۇنبەر-مېھراپلاردىن ئايرىلىپ قالماسلىقنى ئىمان ۋە تەۋھىدتىنمۇ ئۇلۇغ كاتتا مەنپەئەت ۋە ئالىي مەقسەد دەپ تونۇۋالغان ئازغۇن موللا-ئىشانلارنىڭ ئاساسسىز پەتىۋالىرىغا ئەگىشىپ پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھۆكۈمىنى چۆرۈپ تاشلىغان ئادەمنىڭ ھۆكمى نېمە بولۇپ كېتەر؟! شۈبھىسىزكى، بۇنداق ئادەم پىتنىگە يولۇقۇپ، دىندىن چەتنەپ كافىر بولۇپ كېتىشكە تېخىمۇ يېقىندۇر.

## توققۇزىنجى شەرت: لا إله إلا الله ئۇستىدە ۋاپات تېپىش

ئەڭ ئاخىرىدا، لا إله إلا الله نىڭ ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرگۈچىگە ئاخىرەتتە مەنپەئەتى بولىشى ئۈچۈن، چوقۇم ئۇ كىشىنىڭ تەۋھىد ئۇستىدە ۋاپات تاپىمقى

شەرت. ئەگەر ئۇ تەۋھىدنىڭ ئەكسى بولغان كۇفرى- شىرىك ئۇستىدە جان ئۇزسە، ئىلگىرى بايان قىلىنغان شەرتلەرنىڭ ۋە باشقا تائەت- ئىبادەتلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچ مەنپەئەتى بولمايدۇ. چۈنكى، بەندىنىڭ ئاخىرەتلىكى جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئاخىرقى پەيتلەرگە باغلىق بولىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھاياتى تەۋھىد بىلەن ئاياغلاشسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھ ـ مەئسىيەتلىرى، بۇزۇق ئەمەللىرى قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇجەننەت ئەھلىدىن شۇنداقلا دوۋزاختىن نىجات تاپقۇچىلاردىن بولىدۇ، ئەمما ھاياتى شىرىك ۋە كۇفرى بىلەن ئاخىرلاشسا، ئۇنىڭ ئالدىدا قىلغان قانچىلىك سالىھ ئەمەللىرى بولسۇن، ئۇ يەنىلا دەۋزەخ ئەھلىدىن بولۇپ كېتىدۇ. الله تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿وَمَن يَرْتَدِدْ مِنكُمْ عَن دِينِهِۦ فَيَمُتْ وَهُوَ كَافِرٌ فَأُوْلَٰٓئِكَ حَبِطَتْ أَعْمَٰلُهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا وَٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢١٧﴾﴾

**﴿سىلەردىن كىمكى ئۆز دىنىدىن قايتىپ كافىر پېتى ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەمەللىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ. بۇنداق ئادەملەر ئەھلى دەۋزەختۇر، ئۇلار دەۋزەختە مەڭگۈ قالغۇچىلاردۇر.﴾** [بەقەرە:217]

﴿ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ وَمَاتُواْ وَهُمْ كُفَّارٌ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَيْهِمْ لَعْنَةُ ٱللَّهِ وَٱلْمَلَٰٓئِكَةِ وَٱلنَّاسِ أَجْمَعِينَ ﴿١٦١﴾ خَٰلِدِينَ فِيهَا ۖ لَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنظَرُونَ ﴿١٦٢﴾﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، كافىر بولۇپ، كافىر پېتى ئۆلگەنلەر بار، ئەنە شۇلار چوقۇم الله نىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدۇ. ئۇلار دەۋزەختە مەڭگۈ قالىدۇ، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا بېرىلىدىغان ئازاب كېچىكتۈرۈلمەيدۇ.﴾**
[بەقەرە:161-162]

الله تەئالا بۇ ئايەتلەردە ئۇلارنىڭ دەۋزەخ ئازابىدا مەڭگۈ قېلىشلىرىنىڭ سەۋەبى ئۇلارنىڭ تەۋھىدنىڭ ئەكسى بولغان كۇفرى-شىرىك ئۈستىدە ئۆلگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بەردى.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيدۇ:

" مَا مِنْ عَبْدٍ قَالَ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، ثُمَّ مَاتَ عَلَى ذَلِكَ، إِلَّا دَخَلَ الْجَنَّةَ "متفق عليه

**«قانداق بىر بەندە لا إله إلا الله دەپ، ئاندىن شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلسە، چوقۇم جەننەتكە كىرىدۇ.»**

بۇ ھەدىستە جەننەتكە كىرىشكە تەۋھىد ئۈستىدە ئۆلۈش شەرت قىلىنغان.

پەيغەمبەرﷺ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

"فَوَالَّذِي لَا إِلَهَ غَيْرُهُ إِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنَّةِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلَّا ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ، فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ فَيَدْخُلُهَا، وَإِنَّ أَحَدَكُمْ لَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ النَّارِ حَتَّى مَا يَكُونُ بَيْنَهُ وَبَيْنَهَا إِلَّا ذِرَاعٌ، فَيَسْبِقُ عَلَيْهِ الْكِتَابُ فَيَعْمَلُ بِعَمَلِ أَهْلِ الْجَنَّةِ فَيَدْخُلُهَا " متفق عليه

**«ئۇنىڭدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق بولغان زات بىلەن قەسەمكى، بىرىڭلار جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ، تاكى جەننەت بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا بىر گەز قالغاندا، لەۋھۇلمەھپۇزدا خاتىرىلەنگىنى بويىچە دەۋزەخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ دەۋزەخقە كىرىدۇ. بىرىڭلار دەۋزەخ ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ تاكى دەۋزەخ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا بىر گەزلا ئارىلىق قالغاندا، لەۋھۇلمەھپۇزدا پۈتۈلگىنى بويىچە، جەننەت ئەھلىنىڭ ئەمىلىنى قىلىپ جەننەتكە كىرىدۇ.»**

ئۇ يەنە مۇنداق دىگەن:

" لَا عَلَيْكُمْ أَنْ لَا تَعْجَبُوا بِأَحَدٍ حَتَّى تَنْظُرُوا بِمَ يُخْتَمُ لَهُ، فَإِنَّ الْعَامِلَ يَعْمَلُ زَمَانًا مِنْ عُمْرِهِ، أَوْ بُرْهَةً مِنْ دَهْرِهِ، بِعَمَلٍ صَالِحٍ، لَوْ مَاتَ عَلَيْهِ دَخَلَ الْجَنَّةَ، ثُمَّ يَتَحَوَّلُ فَيَعْمَلُ عَمَلًا سَيِّئًا، وَإِنَّ الْعَبْدَ لَيَعْمَلُ الْبُرْهَةَ مِنْ دَهْرٍ بِعَمَلٍ سَيِّئٍ، لَوْ مَاتَ عَلَيْهِ دَخَلَ النَّارَ، ثُمَّ يَتَحَوَّلُ فَيَعْمَلُ عَمَلًا صَالِحًا، وَإِذَا أَرَادَ اللَّهُ بِعَبْدٍ خَيْرًا اسْتَعْمَلَهُ قَبْلَ مَوْتِهِ "، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللَّهِ، وَكَيْفَ يَسْتَعْمِلُهُ؟، قَالَ: " يُوَفِّقُهُ لِعَمَلٍ صَالِحٍ، ثُمَّ يَقْبِضُهُ عَلَيْهِ " رواه أحمد

**«بىراۋنىڭ ھاياتى نېمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغىنىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەمەللىرىدىن تەئەججۇپلىنىپ كەتمەڭلار. بىر بەندە ھاياتىدا ئۇزۇن مەزگىل ئۆلسىلا جەننەتكە كىرىپ كەتكۇدەك سالىھ ئەمەللەرنى قىلىدۇ-دە، ئاخىرىدا ئۆزگىرىپ يامان ئەمەل بىلەن كېتىشى مۇمكىن. يەنە بىر بەندە ئۆمرىدە ئۇزۇن زامان پەقەت ئۆلسىلا دوۋزەخقە كىرىپ كەتكۇدەك دەرىجىدە بۇزۇق ئەمەللەرنى قىلىپ، ئاخىرىدا ئۆزگىرىپ ياخشى ئەمەل قىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ﷲ بىر بەندىگە ياخشىلىق ئىرادە قىلسا، ئۇنى ئۆلۈم ئالدىدا ئۆز تائىتىگە ئىشلىتىدۇ.» ساھابىلار: ئى ﷲ نىڭ ئەلچىسى! ﷲ ئۇ بەندىنى قانداق ئىشلىتىدۇ؟ دەپ سورىۋىدى، ئۇ مۇنداق دېدى: «ئۇنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ-دە، ئاندىن شۇ ياخشى ئەمەل ئۈستىدە ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدۇ».**

ئىمام نەۋەۋىي رەھمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «نۇرغۇن گۇناھلىرى بىلەن تەۋبىسىز كەتكەن ئەمما تەۋھىد ئۈستىدە جان ئۈزگەن ئادەم دوۋزەختە مەڭگۇ قالمايدۇ. ھاياتىدا نۇرغۇن ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، كۇفرى ئۈستىدە ئۆلگەن ئادەم جەننەتكە كىرمەيدۇ. مانا بۇ ھەق ئەھلىنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ئەقىدىسىنىڭ

جەۋھىرىدۇر.»

اللە تەئالادىن ساباتلىقنى سورايمىزكى، ئۇلۇغ پەرۋەردىگار قەلبلىرىمىزنى دىنى ۋە تەۋھىدى ئۇستىدە مۇستەھكەم تۇرغۇزغاي ۋە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر بىلەن هاياتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا نېسىپ قىلىپ، بىزگە گۈزەل ئاقىۋەت ئاتا قىلغاي! اللە تەئالا ھەقىقەتەن دۇئالارنى ئىڭشاپ تۇرغۇچى، بەندىلىرىگە يېقىن بولغۇچى ھەمدە ئۇلارنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجابەت قىلغۇچى زات.

## خۇلاسە كالام

مانا بۇلار تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله نىڭ دۇرۇس بولىشىغا چېتىلىدىغان زۆرۈر شەرتلەر بولۇپ، ئۇلارنى كەمەيتىۋەتمەي تولۇق رويابقا چىقارغان ئادەمگە تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ پايدىسى بولىدۇ. ئەمما، بۇ شەرتلەرگە ۋاپا قىلمىغان ، ھەتتا شۇلاردىن بىرەر شەرتىنى بولسىمۇ كام قويغان ئادەم تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله نىڭ ھېچقانداق پايدىسىنى كۆرەلمەيدۇ.

دېمەك، تېمىغا ئالاقدار ئايەت-ھەدىسلەرنى ئومۇمىيۇزلۇك تويلاپ، مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىقى يەكۈن-خۇلاسىنى چىقىرىش قائىدىسىگە ئەمەل قىلغىنىمىزدا مۇنۇ ھۆكۈمگە مۇۋەپپەق بولىمىز:

كىمكى لا إله إلا الله دەپ، الله تىن ئۆزگە ئىبادەت قىلىنىدىغان ئىلاھلارنى ئىنكار قىلسا؛ تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ مەزمۇنىنى ۋە ئۇنىڭ تەلەپ-تەقەززالىرىنى بىلسە ۋە ئۇنىڭدا راستچىل، ئىخلاسمەن، سەممىي بولسا؛

تەۋھىدكە قارىتا قەلبىدىكى گۇمان-شەكنى يوقۇتۇپ جەزمى قىلغۇچى بولسا؛ تەۋھىدنى ۋە تەۋھىد ئەھلىنى چىن مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرسە؛ تەۋھىدكە ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلسا؛ تەۋھىدنى مۇكەممەل قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا رازىمەنلىك بىلەن بويسۇنسا ۋە ئەڭ ئاخىرىدا تەۋھىد ئۈستىدە جان ئۈزسە الله تەئالا ئۇ ئادەمنى چوقۇم جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله قا ئالاقىدار ئايەت- ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق ئەمەل قىلىش پرىنسىپى مانا مۇشۇ ھۆكۈمنى تەقەززا قىلىدۇ.

## مۇھىم ئەسكەرتمىلەر

كىتاب مەزمۇنىنىڭ مۇكەممەل بولىشى ئۈچۈن ۋە ئوقۇرمەن بۇرادىرىمىزگە چۈشىنىش قىيىن بولغان تېمىغا ئالاقىدار بەزى نۇقتىلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش مەقسىتىدە تۆۋەندە بەزى مۇھىم ئەسكەرتمىلەرنى بايان قىلماقچىمىز:

**1- ئەسكەرتمە:**

تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله نىڭ يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرتلىرى بەندىنىڭ قىيامەت كۈنىسى دەۋزەخ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، جەننەت ئەھلىدىن بولىشى ئۈچۈن رىئايە قىلمىسا، ئەمەلىيەتكە چىقارمىسا قەتئىي بولمايدىغان مۇھىم شەرتلەردۇر. ئەمما، ئۇنىڭغا ھاياتى دۇنيادا مۇسۇلمانلىق ھۆكۈملىرىنىڭ يۈرگۈزۈلۈپ، مۇسۇلمانلار بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇق ۋە مۇئامىلىدىن بەھرىمەن بولىشى ئۈچۈن تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى تىلىدا ئىقرار قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا زىت بولغان كافىرانە ۋە مۇشرىكانە سۆز ۋە ئەمەللەردىن ساقلىنىشى كۇپايە قىلىدۇ.

پەقەت مۇشۇ ئىككى شەرتنى ئورۇندىغان ئادەم دۇنيادا مۇسۇلمانلار قاتاردا مۇئامىلە قىلىنىپ، ئۇلار بەھرىمەن بولىدىغان شەرئىي ھوقۇق- ئىمتىيازلاردىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ شۇ بەندىنىڭ ھەقىقىي ئىمان ۋە تەۋھىد ئىگىسى بولىشىنى شەرت قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا يۇشۇرۇن مۇناپىقلىق ئىھتىمالى بولىشىمۇ مۇمكىن. (بۇنداق ئەھۋالدا يەنىلا ئۇنىڭغا ھاياتى دۇنيادا مۇسۇلمانلار قاتاردا مۇئامىلە قىلىنىدۇ، ئاخىرەتتە بولسا ئۇنىڭدىن ھېسابىنى الله ئالىدۇ.) دېمەك، ھەر بىر مۇسۇلمان ماھىيەتتە مۇئمىن بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ھەر بىر مۇئمىن ماھىيەتتە مۇسۇلمان بولىدۇ.

بۇ ، قۇرئان، سۈننەتتىكى نۇرغۇن ئايەت-ھەدىسلەر دالالەت قىلىدىغان مەشھۇر قائىدە بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇنى تەپسىلى شەرھلەپ ئۆتكەن.

### 2- ئەسكەرتمە:

يۇقىرىقى قائىدىنىڭ تۈرتكىسىدە بەندىنى ئىسلامغا ئەكىرىدىغان ئامىل بىلەن ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلىق ھۆكۈمىنىڭ داۋاملىشىپ تۇرىشىغا سەۋەب بولىدىغان ئامىل ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئەسكەرتىپ ئۆتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ:

بىر بەندىنىڭ ئىسلامغا كىرىشى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن تەپسىلات بويىچە تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئىقرار قىلىش بىلەن بولىدۇ. ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىكى مۇسۇلمانلىق سالاھىيەتىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن كىشىنى ئىسلام دائىرىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان ئاشكارا ئەمەل ياكى سۆز سادىر بولماسلىقى لازىم. ئەكسىچە، ئۇنىڭدىن ئىسلامغا زىت ئاشكارا كۇفرىي قىلمىش سادىر بولسا، ئۇنىڭ نامى ۋە ھۆكمى«مۇرتەد»كە ئۆزگىرىپ، شۇ بويىچە مۇرتەدلىكنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە جاۋابكارلىقى ئۇنىڭغا ئىجرا قىلىنىدۇ.

مۇنداق بىر سۇئال سورىلىشى مۇمكىن: بىر ئادەم تەۋھىد گۇۋاھلىقى بىلەن ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، تەۋھىدنىڭ شەرتى بولمىش ئىشلاردىن بىرەرنىمۇ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، يالغۇز تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ نىجات تېپىشىغا مەنپەئەتى بولامدۇ؟

بۇنىڭ جاۋابى: پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەدىسلىرىدىن مەلۇم بولىشىچە، الله قا شۈكرىكى، بۇ خىل ئەھۋالدىكى ئادەمگە گەرچە تەۋھىدنىڭ شەرتلىرىگە ئەمەل قىلىشقا پۇرسەت بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئېيتقان تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ يەنىلا مەنپەئەتى بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:

جَاءَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي النَّبِيتِ قَبِيلٍ مِنْ الْأَنْصَارِ، فَقَالَ: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ وَأَنَّكَ عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ، ثُمَّ تَقَدَّمَ فَقَاتَلَ حَتَّى قُتِلَ، فَقَالَ النَّبِيُّ ﷺ: " عَمِلَ هَذَا يَسِيرًا وَأُجِرَ كَثِيرًا"

**ئەنسارلار تەۋەلىكىدىكى بەنى نەبىت جەمەتىدىن بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ يېنىغا كېلىپ، «گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سەن ھەقىقەتەن الله نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى» دېدى-دە، ئاندىن ئالدىنقى سەپكە ئۆتۈپ تاكى قەتلى قىلىنغىچە كافىرلار بىلەن ئېلىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ھەققىدە مۇنداق دېدى: «بۇ ئادەم كىچىككىنە ئەمەل قىلىپ، كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى».**

ھەدىسنىڭ ئىمام بۇخارى نەقىل قىلغان رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

أَتَى النَّبِيَّ ﷺ رَجُلٌ مُقَنَّعٌ بِالْحَدِيدِ، فَقَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، أُقَاتِلُ أَوْ أُسْلِمُ؟ قَالَ: " أَسْلِمْ، ثُمَّ قَاتِلْ فَأَسْلَمَ، ثُمَّ قَاتَلَ فَقُتِلَ، فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ عَمِلَ قَلِيلًا، وَأُجِرَ كَثِيرًا

"

**تۆمۇر بىلەن ئىقابلانغان قۇراللىق بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇرۇشقا كىرىشەيمۇ ياكى دەسلەپ مۇسۇلمان بولايمۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا : ئالدى بىلەن ئىسلامغا كىر، ئاندىن جەڭگە كىر! دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان بولۇپ ئاندىن جەڭگە قاتناشتى ۋە قەتلى قىلىندى. ئۇنىڭ ھەققىدە پەيغەمبەر ﷺ: ئاز ئەمەل قىلىپ، كۆپ ئەجىرگە ئېرىشتى، دېدى.**

**ئەبۇ ھۇرەيرە بۇ ئادەم توغرىسىدا «ئۇ ھەقىقەتەن الله قا بىر رەكئەت ناماز ئۆتىمەي جەننەتكە كىرگەن ئادەم» دېگەن.**

عَنْ أَنَسٍ أَنَّ غُلَامًا يَهُودِيا كَانَ يَضَعُ لِلنَّبِيِّ ﷺ وَضُوءَهُ، وَيُنَاوِلُهُ نَعْلَيْهِ، فَمَرِضَ، فَأَتَاهُ النَّبِيُّ ﷺ فَدَخَلَ عَلَيْهِ وَأَبُوهُ قَاعِدٌ عِنْدَ رَأْسِهِ، فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ ﷺ "يَا فُلَانُ، قُلْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ " فَنَظَرَ إِلَى أَبِيهِ، فَسَكَتَ أَبُوهُ، فَأَعَادَ عَلَيْهِ النَّبِيُّ ﷺ فَنَظَرَ إِلَى أَبِيهِ، فَقَالَ أَبُوهُ أَطِعْ أَبَا الْقَاسِمِ، فَقَالَ الْغُلَامُ: أَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَأَنَّكَ رَسُولُ اللَّهِ، فَخَرَجَ النَّبِيُّ ﷺ وَهُوَ يَقُولُ: " الْحَمْدُ لِلَّهِ الَّذِي أَخْرَجَهُ بِي مِنَ النَّارِ " رواه البخاري وأحمد

**ئەنەس ﷺدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ تاھارەت ئالغاندا سۇ قۇيۇپ بېرىدىغان، كەشنى توغرىلاپ بېرىدىغان بىر يەھۇدى بالا بولۇپ، ئۇ ئاغرىپ قېلىپتۇدى، پەيغەمبەر ﷺ يوقلاپ ئۇنىڭ قېشىغا كىردى. ھالبۇكى، بۇ چاغدا بالىنىڭ دادىسى ئۇنىڭ بېشى تەرىپىدە ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ بالىغا: ئى بالا، لا إله إلا الله دېگىن، دېدى. بالا دەرھال دادىسىنىڭ كۆزىگە قارىدى، دادىسى بولسا جىم تۇرىۋالدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ بالىغا بۇ سۆزنى تەكرار ئېيتتى، بالا يەنە دادىسىنىڭ كۆزىگە**

**قارىۋىدى، دادىسى: ئەبۇلقاسىمنىڭ دىگىنىدەك قىل،- دېدى. شۇنىڭ بىلەن بالا: گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلى ھەقىقەتەن الله نىڭ ئەلچىسى، دېدى. پەيغەمبەر ﷺ : مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ئۇنى دەۋزەختىن قۇتقۇزغان الله قا شۇكرى، دېگەن پېتى ئۆيدىن چىقتى.**

يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر ﷺنىڭ بالىدىن ئايرىلىپ سىرتقا چىقىشىغا ئۆي ئىچىدىن يىغا ئاۋازى كۆتۈرۈلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ يۇقىرىقى شۇكرى- سانانى ئېيتقانلىقى نەقىل قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺنىڭ، تاغىسى ئەبۇ تالىب سەكراتتا ياتقان چېغىدا، ئۇنىڭغا تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئۆگىتىپ، «**الله نىڭ ھۇزۇرىدا بۇ كەلىمىنى تەكىلەپ سېنىڭ ھەققىڭدە ھۆججەتلىشىمەن**» دەپ، ئۇنى قىيامەت كۈنى شۇ ئارقىلىق نىجاتلىققا ئېرىشىشكە چاقىرىشى مۇشۇ مەسىلىگە دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەر جۈملىسىدىن.

ئىبنى جەرىر تابەرى تەپسىرىدە (3-توم 345-بەت) مۇنداق دەيدۇ: «مۇبادا بىر كافىر جېنى چىقىشتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئىلگىرى ئىسلامغا كىرسە، ئۇنىڭ مېيىت نامىزى، مىراس ۋە باشقا ئىشلاردىكى ھۆكۈملىرى مۇسۇلمانلار بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇ ھۆكۈم قۇرئان ۋە سۈننەتتىكى ھېچبىر دەلىل بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەگەر ئۇنىڭ شۇ ھالىتىدىكى تەۋبىسى مەقبۇل بولمىسا ئىدى، ئۇنىڭ ھۆكمى كافىرلارنىڭ ھۆكمىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكمىگە ئۆزگەرمىگەن بولاتتى.»

مېنىڭچە، تابەرى رەھىمەھۇللاھ تىلغا ئالغان «كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئىلگىرى» دېگەن بۇ سۆزنى بەندىنىڭ گېلى خىرقىراپ،

كۆزى چەكچيسپ قىلىشتىن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئىلگىرى دەپ چۈشىنىش لازىم. چۈنكى، بەندە خارقىراپ جان تالىشىۋاتقان ھالەتتە قىلغان تەۋبىسىنىڭ ئۇنىڭغا قىلچە پايدىسى بولمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

" إِنَّ اللَّهَ يَقْبَلُ تَوْبَةَ الْعَبْدِ مَا لَمْ يُغَرْغِرْ "رواه أحمد والترمذي وابن ماجه

**«شۈبھىسىزكى، اللہ تەئالا بەندىسىنىڭ تەۋبىسىنى، شۇ بەندە خىرقىراپ (جان تالىشىپ) قالمىغانلا بولسا چوقۇم مەقبۇل قىلىدۇ.»**

يەنە بىر رىۋايەتتە: "مَنْ تَابَ إِلَى اللَّهِ قَبْلَ أَنْ يُغَرْغِرَ، قَبِلَ اللَّهُ مِنْهُ "رواه الحاكم

**«كىمكى گېلى خارقىراپ قېلىشتىن ئىلگىرى اللہ قا تەۋبە قىلسا، اللہ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.»**

## 3- ئەسكەرتمە:

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ شەرتلىرىنى ياكى ئۇنىڭ دەلىللىرىنى يادلاپ بېرىش تەۋھىدنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرىدىن ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى، بۇ بىر تەرەپتىن شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن ئىش ئەمەس، بەلكى، شەرىئەتتە كۆرسىتىلگىنى ئۇنىڭ ئەكسىدۇر. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئومۇمي كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ تاقىتى ۋە ئىقتىدارىنىڭ سىرتىدىكى ئىشنى يۈكلىگەنلىك بولىدۇ.

عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ الْحَكَمِ السُّلَمِيِّ، قَالَ:كَانَتْ لِي جَارِيَةٌ، تَرْعَى غَنَمًا لِي قِبَلَ أُحُدٍ وَالْجَوَّانِيَّةِ، فَاطَّلَعْتُ ذَاتَ يَوْمٍ، فَإِذَا الذِّيبُ قَدْ ذَهَبَ بِشَاةٍ مِنْ غَنَمِهَا، وَأَنَا رَجُلٌ مِنْ بَنِي آدَمَ، آسَفُ كَمَا يَأْسَفُونَ، لَكِنِّي صَكَكْتُهَا صَكَّةً، فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ ﷺ فَعَظَّمَ ذَلِكَ عَلَيَّ، قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، أَفَلَا أُعْتِقُهَا؟ قَالَ: ائْتِنِي بِهَا، فَأَتَيْتُهُ بِهَا، فَقَالَ

لَهَا: أَيْنَ اللَّهُ؟ قَالَتْ: فِي السَّمَاءِ، قَالَ: مَنْ أَنَا؟ قَالَتْ: أَنْتَ رَسُولُ اللَّهِ، قَالَ: أَعْتِقْهَا، فَإِنَّهَا مُؤْمِنَةٌ. رواه مسلم

**مۇئاۋىيە ئىبنى ھەكەم ﷺ مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ ئۇھۇد ۋە جەۋۋانىيە[1] تەرەپلەردە قويلىرىمنى باقىدىغان بىر دېدەكىم بولىدىغان. بىر كۈنى مەن ئۇ باقىدىغان پادىلار ئارىسىدىن بىر قوينى بۆرە يەپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالدىم. مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش ئاچچىقلىنىدىغان بىر ئادەم بولىسمەن، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ھېلىقى دېدەكنىڭ كاچىتىغا بىر تەستەك ئۇرۇپ سالدىم. مەن پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىۋىدىم، ئۇ ئەھۋالنى ئۇقۇپ، مېنىڭ بۇ قىلمىشىمنى ناھايىتى چوڭ ساندى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇنى ئازاد قىلىۋەتمەيمۇ؟ دېدىم. ئۇ: ئۇنى ئالدىمغا ئەكەلگىن، دېدى. مەن دېدەكنى ئۇنىڭ ئالدىغا كەلتۈردۈم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن سورىدى: الله قەيەردە؟ ـ ئاسماندا، ـ دەپ جاۋاپ بەردى دېدەك. ئۇ يەنە: مەن كىم؟ دەپ سورىدى. دېدەك بولسا: سىلى الله نىڭ ئەلچىسى، دەپ جاۋاپ بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا ئېيتتىكى: ئۇنى ئازاد قىلىۋەت، ئۇ مۇئمىنكەن.**

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ دېدەك بىلەن ئىمان-تەۋھىدنىڭ ئاساسىي ۋە قوشۇمچە مەسىلىلىرى ئۈستىدە ئايرىم- ئايرىم توختۇلۇپ، ئۇنىڭدىن شۇلارغا دەلىل كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلماستىن بەلكى، شۇنچىلىك مىقداردىكى سوئال سوراش بىلەن ئۇنىڭغا مۇئمىنە دەپ ھۆكۈم قىلدى.

عَنْ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى، قَالَ: جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ ﷺ فَقَالَ: " إِنِّي لَا

[1] مەدىنە ئەتراپىدىكى جاي نامى.

أَسْتَطِيعُ أَنْ آخُذَ مِنَ الْقُرْآنِ شَيْئًا، فَعَلِّمْنِي مَا يُجْزِئُنِي مِنْهُ؟ قَالَ: قُلْ: **سُبْحَانَ اللَّهِ، وَالْحَمْدُ لِلَّهِ، وَلَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَاللَّهُ أَكْبَرُ، وَلَا حَوْلَ وَلَا قُوَّةَ إِلَّا بِاللَّهِ الْعَلِيِّ الْعَظِيمِ**، قَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، هَذَا لِلَّهِ ﷻ فَمَا لِي ؟ قَالَ: قُلْ: **اللَّهُمَّ ارْحَمْنِي، وَارْزُقْنِي، وَعَافِنِي، وَاهْدِنِي**، فَلَمَّا قَامَ، قَالَ هَكَذَا بِيَدِهِ، فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: أَمَّا هَذَا فَقَدْ مَلَأَ يَدَهُ مِنَ الْخَيْرِ "رواه أبو داود.

**ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا ﷺدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا كېلىپ: مەن ھەقىقەتەن قۇرئاندىن ئازراقمۇ بىر نەرسە يادلىيالمىدىم، ماڭا (نامىزىمدا) شۇنىڭ ئورنىدا كۇپايە قىلىدىغان بىر ئىشنى ئۆگىتىپ قويسىلا، دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: اللہ نۇقساندىن پاك، ھەمدۇسانا اللہ قا مەنسۇپ، اللہ تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، اللہ ھەممىدىن بۈيۈك، تەدبىر ۋە كۈچ-قۇۋۋەت پەقەتلا ھەممىدىن ئۈستۈن ۋە كاتتا اللہ قا مەنسۇپ، دېگىن. ھېلىقى ئادەم ئېيتتى: ئى اللہ نىڭ ئەلچىسى، بۇلار اللہ قا خاس سۆزلەر ئىكەن، ئۆزۈم ئۈچۈن نېمە دەيمەن؟ پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئى اللہ! ماڭا رەھمەت قىلغىن، ماڭا رىزىق بەرگىن، مېنى خاتىرجەم قىلغىن ۋە ماڭا ھىدايەت قىلغىن، دېگىن. ھېلىقى ئادەم ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ شۇنداق دېۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ: بۇ ئادەم قولىنى ياخشىلىق بىلەن تولدۇردى، دېدى.**

بۇ ساھابە قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە يادلاشقا، ھەتتا ئۇنىڭسىز ناماز ناماز بولمايدىغان سۈرە فاتىھەنى يادلاشقىمۇ قادىر بولالمىغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ قۇرئان يادلاشقا نىسبەتەن ئاجىزلىقى ۋە ئامالسىزلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇرئان

تىلاۋەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدىغان ئەڭ ئاسان بىر يولنى ئۆگىتىپ قويغان. ئۇنى ئەقىدە ئاساسلىرى ۋە ئۇنىڭ دەلىللىرىنى بىرمۇ-بىر يادلاشقا بۇيرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، سۈرە فاتىھەنى يادلىمىساڭ بولمايدۇ، دەپ، ئۇنىڭغا مەجبۇرىي يادلاتمىغان.

بىز خالىد ﷺنىڭ ھېلىقى «مۇسۇلمان بولدۇق» دېگەن سۆزنى ياخشى ئىپادىلىيەلمەي، «دىنىمىزنى ئالماشتۇردۇق» دەپ سالغان كىشىلەرنى ئالدىراپ ئۆلتۈرۈپ قويغان قىلمىشىنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ قاتتىق ئىنكار قىلغانلىقىنى كۆرىمىز.

عَنْ سَالِمٍ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: " بَعَثَ النَّبِيُّ ﷺ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ إِلَى بَنِي حذيفةَ، فَلَمْ يُحْسِنُوا أَنْ يَقُولُوا أَسْلَمْنَا، فَقَالُوا: صَبَأْنَا صَبَأْنَا، فَجَعَلَ خَالِدٌ يَقْتُلُ وَيَأْسِرُ، وَدَفَعَ إِلَى كُلِّ رَجُلٍ مِنَّا أَسِيرَهُ، فَأَمَرَ كُلَّ رَجُلٍ مِنَّا أَنْ يَقْتُلَ أَسِيرَهُ، فَقُلْتُ: وَاللَّهِ لَا أَقْتُلُ أَسِيرِي وَلَا يَقْتُلُ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِي أَسِيرَهُ، فَذَكَرْنَا ذَلِكَ لِلنَّبِيِّ ﷺ فَقَالَ: اللَّهُمَّ إِنِّي أَبْرَأُ إِلَيْكَ مِمَّا صَنَعَ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ مَرَّتَيْنِ " رواه البخاري

**سالىم ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوشۇنغا باش قىلىپ بەنى ھۇزەيفە جەمەتىگە ئەۋەتكەندى، ئۇلار «مۇسۇلمان بولدۇق» دېگەن گەپنى جايىدا قىلالماي، ئۇنىڭ ئورنىغا «سابەئنا، سابەئنا... (دىنىمىزنى ئۆزگەرتتۇق)» دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇلارنى بىر تەرەپتىن ئۆلتۈرۈپ، بىر تەرەپتىن ئەسىر ئېلىشقا باشلىدى ۋە ئارىمىزدىكى ھەربىر ئادەمگە ئالغان ئەسىرنى بۆلۈپ بەردى. بىر دەمدىن كېيىن، ھەممەيلەننى قولىدىكى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاشقا بۇيرىدى. مەن دېدىمكى: الله بىلەن قەسەم، قولۇمدىكى ئەسىرنى ھەرگىز ئۆلتۈرمەيمەن ۋە ھەمراھلىرىمدىن ھېچكىممۇ ئەسىرنى**

**ئۆلتۈرمەيدۇ. (قايتىپ بارغاندىن كېيىن) بىز ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺگە ئېيتقاندۇق، ئۇ: ئى الله! مەن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قىلمىشىدىن سىلى تەرەپكە ئادا- جۇدامەن! ئى الله! مەن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قىلمىشىدىن سىلى تەرەپكە ئادا- جۇدامەن! دەپ ئىككى قېتىم دېدى.**

بۇ ۋەقەلىكتە چەكتىن ئاشقان تەكفىرىيلارنىڭ خاتا يولغا قارىتا ھەققەتەن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بار، ئۇ بولسىمۇ، باشقىلارنى ئۇلارنىڭ ئۆز ماترىياللىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئەقىدە ئاساسلىرى، غەلىتە قائىدە- پرىنسىپلىرىنى دەلىللىرى بىلەن سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشى؛ كىم ئۇلارغا جاۋاپ تېپىپ بېرەلمىسە، ئۇلارنىڭ قارىشىدا ئۇ ئادەم مۇئمىن ئەمەس. كافىرلىق قالپىقى شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشىغا كېيدۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭچە بولغاندا، بىر ئادەم ئۇلار تۈزۈۋالغان ئۇزۇن تىزىملىكتىكى «بۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟ ماۋۇنىڭ ھۆكمى نېمە؟ ئۇنىڭ مەنىسى نېمە؟ ئاۋۇنىڭ شەرتلىرى قايسىلار؟» دېگەندەك يۈزدىن ئارتۇق سوئالغا دەلىللىرى بىلەن جاۋاب بېرەلمىسە مۇئمىن بولالمايدۇ. بەلكىم بۇ سوئاللارغا توشقان بىر فىقھشۇناس ئالىممۇ ئۇلارنىڭ ئۆلچىمىدەك جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

ئىبنى ھەجەر «فتح الباري» (13-توم 439-بەت) دا غەززالى رەھىمەھۇللاھتىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىر گورۇھ كىشىلەر ھەددىدىن ئېشىپ ئاۋام مۇسۇلمانلارنى كافىرغا چىقىرىۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئۇلار تۈزۈپ چىققان شەرئىي دەلىللىرى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەن ھەرقانداق ئادەمنى كافىر دەپ قاراپ، الله نىڭ كەڭرى رەھمىتىنى تارلاشتۇرۇپ قويىدى-دە، جەننەتنى گەپ سېتىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر

ئۇچۇم پەلسەپىچىلەرگە خاس قىلىپ قويدى.»

ئىبنى ھەزم رەھىمەھۇللاھ «المحلّى» دېگەن كىتابى(1-توم 61-بەت) دا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ اللّٰہ ئۇنى ئەۋەتكەندىن تارتىپ تاكى ئۇنى قەبزى روھ قىلغۇچە بولغان پۈتكۈل پەيغەمبەرلىك ھاياتىدا، كىشىلەر بىلەن تاكى ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى. ھېچقاچان ئۇلارنى دەلىل كەلتۈرەلەيدىغان بولۇشقا تەكلىپ قىلمىدى ۋە ئۇلار دەلىل كەلتۈرەلىدىمۇ-يوق، دەپ سوراق قىلىپمۇ ئولتۇرمىدى. مانا بۇ قائىدە پۈتكۈل ئىسلام تارىخىدا مانا بۈگۈنىمىزگىچە داۋاملىشىپ كەلدى».

## 4- ئەسكەرتمە:

بەزىلەرنىڭ كاللىسىغا شۇنداق سوئال كېلىشى مۇمكىن: ئەگەردە تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى بەرگۈچىگە تەۋھىدنىڭ شەرتلىرىنى بىرمۇ-بىر يادلاپ چۈشەندۈرگىدەك بولۇش پەرز بولمىسا، ئۇنداقتا، ئۇ كىشىنىڭ لا إله إلا اللّٰہ نىڭ ھەقلىرىنى ئورۇندىغان، تەۋھىدنىڭ شەرتلىرىگە رىئايە قىلغان ھەقىقىي تەھىد ئىگىسى ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟ ئۇنى يادلاپ بېرەلمىگەن ئادەم ئىمانىنىڭ دۇرۇسلۇقىغا زۆرۈر بولغان بۇ شەرتلەرنى قانداق بەرپا قىلىدۇ؟

جاۋاب: ھەممىدىن بۇرۇن شۇ نەرسە ئايدىڭ بولىشى كېرەككى، بىر بەندىنىڭ بۇ شەرتلەرنى ئورۇندىغان ياكى ئورۇندىمىغانلىقىنى، ئۇنى قانچىلىك ئورۇندىغانلىقىنى ۋە ئۇ بۇ شەرتلەرنى تەلەپكە لايىق ئەمەلىيەتكە چىقاردىمۇ-يوق؟ دېگەنلەرنى باشقىلارنىڭ بىلىشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق؛ ئۇ بەندىگە نىسبەتەن باشقىلارغا بۇنى بىلدۈرۈش شەرتمۇ ئەمەس. بۇ ھەقىقەتەن بەندە بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدىكى ئىش بولۇپ، باشقىلارنىڭ بۇلارغا

ئاربلىشىدىغان، بۇ ھەقتە ئۇنى سوئال-سوراققا تارتىدىغان، تەپتىش قىلىپ ئۇنى تەكشۈرىدىغان ھەققى يوق.

لېكىن بىر بەندە تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى بەرگەندىن كېيىن، سۆزىدە ياكى ئىش- ھەرىكىتىدە تەۋھىدنىڭ ئومۇمىي شەرتلىرىگە ياكى شۇ شەرتلەردىن مەلۇم بىرىگە زىت بولغان بىر ئىشنى ئاشكارىلىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋھىدنى بىلمەيدىغانلىقىنى ياكى تەۋھىدنى تەلەپكە لايىق ئەمەلىيەتكە چىقارمىغانلىقىنى ئۆزى ئاشكارىلىغان بولىدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق باشقىلارنى ئۆزىگە قارشى بىر ھۆججەتكە ۋە ئۇنى ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسىدىغان؛ ئەگەر ياخشى گەپكە، چىرايلىق نەسىھەتكە كۆنمىسە، كۈچ- قۇۋۋەت بىلەن ئۇنى چەكلەيدىغان ھوقۇققا ئىگە قىلغان بولىدۇ.

تەۋھىد شەرتلىرىنى يادلىمىسا، ئۇنىڭغا قانداق رەۋىشتە ئەمەل قىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ئەقەللىسى بىر بەندىنىڭ ئەملىي رېئاللىقتا تەۋھىد شەرتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا رىئايە قىلىپ، ئۇنىڭغا قارىمۇ-قارشى بولغان كۇفرى-شىرىك قىلمىشلاردىن خالى بولغىنى ئۇنىڭغا كۇپايىدۇر. مەسىلەن: بىر بەندە ئەمەلىيەتتە تاغۇتلاردىن نەپرەتلىنىدۇ، ئۇلارنى دۈشمەن بىلىپ، اللہ يولىدا ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىدۇ. بىراق تىلىدا: تەۋھىدنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرىدىن بىرى تاغۇتنى ئىنكار قىلىش؛ تاغۇتنى ئىنكار قىلىش ئېتىقاد بىلەن، تىل بىلەن ۋە ئەمەل بىلەن ئورتاق ۋۇجۇدقا چىقىرىلىشى لازىم، دېگەنگە ئوخشاش بىز ئىلگىرى بايان قىلغان تەپسىلاتلارنى جايى-جايىدا دەپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

شۇنىڭدەك، ئۇ يەنە بىراۋنى اللہ يولىدا ياخشى كۆرىدۇ، اللہ يولىدا ئۆچ

كۆرىدۇ. بارلىق ئىبادەتلىرىدە يىگانە اﷲ قا يۈزلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلىيىتىدە قىلغان بىلەن، ئۇنى بىز دەرس قىلغىنىمىزدەك رەت-تەرتىپى بىلەن تەۋھىدنىڭ شەرتى سۈپىتىدە ياخشى ئىپادىلەپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنىڭلىق بىلەن ئۇنى تەۋھىد ئىگىسى ئەمەسسەن، دېگىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

مۇبادا ئۇنىڭ ئالدىدا تەۋھىدنىڭ بەزى شەرتلىرى ھەققىدە سۆز قىلسىڭىز، ئۇ دەرھال «مەنمۇ بەئەينى ئاشۇنداق قارايمەن، گەرچە سىز سۆزلىگەندەك، سىز ئىپادىلىگەندەك مۇنداق تەرتىپلىك بايان قىلالمىسامىمۇ، ئەتىدىن بېرى ئېيتقانلىرىڭىز ھەممىسى خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى تېپىپ قىلىۋاتقاندەكلا...» دەپ قالىدۇ. [1]

## 5- ئەسكەرتمە:

بەزىلەر مۇنداق دېيىشى مۇمكىن: ئۆلىمالار ئىچىدە تەۋھىدنىڭ شەرتىنى سەككىز دەپ قاراپ، شەرھىلىگەنلەرمۇ بار ئىكەن، ئۇنى جەمى يەتتە شەرت دەپ چۈشەندۈرگەنلەرمۇ بويتىكەن، ئەمدى سىز قانداقسىگە بۇ كىتابتا تەۋھىد شەرتلىرىنى توققۇز قىلىۋالدىڭىز؟!

مەن دەيمەن: اﷲ قا شۈكرىكى، يۇقىرىقى سۆزلەر ئارىسىدا ھېچبىر توقۇنۇش كېلىپ چىقمايدۇ. مۇنداق دېيىشىم، لا إله إلا اﷲ نىڭ شەرتلىرىنى يەتتە ياكى سەككىز دەپ شەرھىلىگەنلەر ئەمەلىيەتتە، بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى شەرتنىڭ مەزمۇنىنى بىر شەرتكە يۇغۇرۇپ بايان قىلغان. مەسىلەن: بەزى

[1] يېقىنلىرىم ماڭا مۇزدوزلۇق كەسپى بىلەن شوغۇللىنىدىغان بىر ئادەمنىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەنىدى. ئۆز ھۈنرىگە قالتىس ماھىر بۇ ئادەم پەيغەمبەر ﷺنى قەۋەتلا ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭغا كۆپ دۇرۇتلار ئوقۇيدىكەن. ئۇ بىر قېتىم چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ھەسرەت بىلەن: «پەيغەمبەر ﷺنى بىر كۆرەلىگەن بولسامچۇ!» دەپتۇ. ئۇنىڭغا «پەيغەمبەر ﷺنى كۆرسەڭ نېمە ئىش قىلاتتىڭ؟» دېيىلگەندە، ئۇ دەرھال ئىنتايىن سەممىي ۋە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن : «پەيغەمبەر ﷺگە جاھاندىكى ئەڭ چىرايلىق بىر جۈپ ئاياغ تىكىپ بەرگەن بولاتتىم» دەپتۇ. دېمەك، ھەر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ﷺگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئوخشىمايدۇ. مانا قاراڭ، بۇ، ئىمانىنىڭ شۇ ئادەم تۇرىۋاتقان مۇھىتقا خاس ئۇسلۇبتا نامايان بولىشى.

ئۆلىمالار «تەۋھىدكە ئەمەل قىلىش تەۋھىدنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتىدۇر» دېگەندىن كېيىن، «تاغۇتنى ئىنكار قىلىش»نى «تەۋھىدكە ئەمەل قىلىش» شەرتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭدا مۇستەقىل بىر شەرت سۈپىتىدە ئايرىم توختالمىغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار، تەۋھىدكە ئەمەل قىلغان بىر ئادەم شۈبھىسىز تاغۇتنى ئىنكار قىلماي قالمايدۇ، ئەمما تاغۇتنى ئىنكار قىلغان ئادەم بۇ بىر ئەمەلى بىلەن بىر پۈتۈن تەۋھىدكە ئەمەل قىلغان بولمايدۇ، دەپ قارىغان.

ئۇندىن باشقا، ئۇستاز مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋاھھاب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قاتارلىق بەزى ئۆلىمالار تاغۇتنى ئىنكار قىلىش مەزمۇنىنى قۇرئان-سۈننەتتىكى نۇرغۇن دەلىللەر ئاساسىدا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ تەكىتلەش يۈزىسىدىن مۇستەقىل بىر شەرت سۈپىتىدە ئىزاھلاپ ئۆتكەن. بىر ئىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇتۇش ۋە ئۇنى تەكىتلەش زۆرۈر تېپىلغاندا، ئومۇمىي مەزمۇندىن تەكىتلىمەكچى بولغان مەلۇم بىر مەزمۇننى سۇزۇپ ئېلىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايرىم توختىلىش يېڭى ئىش ئەمەس، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭدەك، بىز بۇ كىتابتا بىر شەرت قىلىپ بايان قىلغان «شەك-گۇماننىڭ يوقۇلۇپ، جەزمىيەت ھاسىل بولۇش» شەرتىنى بەزى ئەھلى ئىلىملەر ئىككى شەرت قىلىپ ـــ «شەكنىڭ يوقۇلىشى»نى بىر شەرت، «جەزمىيەت ھاسىل بولۇشى»نى يەنە بىر شەرت قىلىپ ئايرىم-ئايرىم توختالغان. ئىككىلا ھالەتتە، گەرچە ساناقتا ئوخشىماسلىق بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن ھېچقانداق دەخلى-تەئەررۇزغا ئۇچرىمىغانلىقتىن، ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئىختىلاپلار ئۇنچە باش قاتۇرغۇدەك چوڭ قىممەتكە ياكى زور تەسىرگە ئىگە ئەمەس.

مەن پەقەت «تەۋھىد ئۇستىدە ۋاپات تېپىش» شەرتىنى تەۋھىدنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى قاتارىدا سانىغان بىرەر ئالىمنىڭ سۆزىنى ئۇچراتمىدىم، لېكىن ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ئىختىلاپسىز ھالدا، نۇرغۇنلىغان ئايەت-ھەدىسنىڭ كۈچلۈك دەللى بىلەن (ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ئورنىدا زىكىر قىلىغاندۇق) تەۋھىد ئۇستىدە جان ئۈزۈشنى بەندىنىڭ نىجاتلىق تېپىشى ۋە تەۋھىدنىڭ قىيامەت كۈنىسى ئۇنىڭغا مەنپەئەتى بولىشىنىڭ شەرتى دەپ ئايرىم ئورۇنلاردا تەكىتلەپ ئۆتكەن. بىز ئاشۇ دەلىللەر ئاساسىدا بۇ شەرتنى تەۋھىدنىڭ دۇرۇس بولىشىغا چېتىلىدىغان شەرتلەر قاتارىغا كىرگۈزۈپ بايان قىلدۇق.

بۇ، يۇقىرىقى سۇئالغا بېرىلىدىغان جاۋابنىڭ بىر نۇقتىسى، يەنە بىر مۇھىم نۇقتا: بىز لا إله إلا الله نىڭ شەرتلىرىنى شەرئىي دەلىللەر ئاساسىدا تونۇيمىز. قۇرئان ۋە سۈننەت ئۇنى كۆرسەتكەن بولسا، ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن بىخەۋەر قېلىپ، تىلغا ئالماي ئۆتۈپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەينەن ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز زۆرۈر. ھۆججەت — شەرئىي دەلىل ئاساسىدا بەرپا بولىدۇ. ئەمما، شەرئىي ئاساسقا ئىگە بولغان بىر مەسىلىنىڭ ئۆلىمالار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قېلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانلىقى ئۇچۇنلا ئۇنى ئىنكار قىلىش شەرئىي جەھەتتىن توغرا بولمايدىغان، مەنتىقە جەھەتتىن قىلچە ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش.

### 6- ئەسكەرتمە:

شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن يەككە ئەمەللەرنىڭ شەرتى بىلەن بىر پۈتۈن دىن ۋە ئومۇمىي ئەمەللەرنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتلىرى ئارىسىدا پەرق بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان لا إله إلا الله نىڭ شەرتلىرى بىر پۈتۈن دىن ۋە پۈتكۈل ئەمەللەرنىڭ دۇرۇس بولۇش شەرتلىرىدۇر. ئەمما ھەر بىر يەككە

ئەمەل-ئىبادەتنىڭ دۇرۇسلۇق شەرتى پەقەت تۆۋەندىكى ئىككى شەرتتىن ئىبارەت:

**ئۇنىڭ بىرىنچىسى:** قىلىۋاتقان ھەر بىر ئەمەل-ئىبادەتنى پەيغەمبەر ﷺنىڭ يولىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىش. چۈنكى، ئەمەل-ئىبادەت شەرىئەت كۆرسەتمىگەن يول بىلەن قىلىنسا، الله نىڭ ھۇزۇرىدا شەكسىز مەقبۇل قىلىنمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلار تەرەپتىن قىلغۇچىنىڭ ئۆزىگە رەد قىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

"مَنْ أَحْدَثَ فِي أَمْرِنَا هَذَا مَا لَيْسَ فِيهِ فَهُوَ رَدٌّ ".متفق عليه.

**«كىمكى بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدا ئەسلى يوق ئىشنى پەيدا قىلسا، ئۇ رەد قىلىنىدۇ.»**

"كُلَّ مُحْدَثَةٍ بِدْعَةٌ وَكُلَّ بِدْعَةٍ ضَلَالَةٌ " رواه أبو داود.

**«ھەربىر بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر، ھەممە ئازغۇنلۇق دەۋزەختە بولىدۇ».**

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

"صَلُّوا كَمَا رَأَيْتُمُونِي أُصَلِّي" رواه البخاري

**«مېنىڭ ناماز ئۆتىگىنىمنى كۆرۈپ، نامازنى شۇ بويىچە ئۆتەڭلار».**

"خُذُوا عَنِّي مَنَاسِكَكُمْ" رواه مسلم والبيهقي

**«ھەج پائالىيىتىڭلارنى مەندىن (نەمۇنە) ئېلىڭلار».**

بۇلاردىن باشقا، دىندا الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ كۆرسەتكەنگە ئەگىشىشنىڭ پەرىزلىكى، ئۆزى چاغلاپ بىدئەت (يىڭى ئەمەل-ئىبادەت) پەيدا

قىلىشنىڭ ھارام ۋە ئىناۋەتسىز ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىدىغان دەلىللەر ئىنتايىن كۆپ. چۈنكى، ئەمەل-ئىبادەتتىكى ئەسلى قائىدە شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەمەل-ئىبادەتلەرنىڭ قۇرئان ۋە سۈننەت ئارقىلىق توغرا، رۇخسەت ياكى پەرىز، سۈننەت دەپ بەلگىلەنگەندىن باشقىسى چەكلەنگەن ئىشلار قاتارىدا بولۇپ، ئۇنى قىلىش ھارامدۇر.

**__ئىككىنچىسى:__** قىلىۋاتقان ئەمەل-ئىبادەت شىرىك ۋە رىياگەرلىك بىلەن بۇلغانمىغان ھالدا، اللە نىڭ رىزاسى ئۈچۈن خالىس بولمىقى لازىم. ئەگەر شۇ ئەمەل-ئىبادەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىيورۇقىغا ئۇيغۇن بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن اللە نىڭ رىزالىقىدىن باشقا بىر مەقسەد ياكى اللە بىلەن بىللە يەنە ئاللىقانداق بىر كىمنىڭ رازىلىقى ئورتاق كۆزلەنگەن بولسا، ئۇ ئەمەل يەنىلا مەقبۇل بولمايدۇ ۋە شۇ كىشىگە رەد قىلىنىدۇ.

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: " قَالَ اللَّهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى: أَنَا أَغْنَى الشُّرَكَاءِ عَنِ الشِّرْكِ، مَنْ عَمِلَ عَمَلًا أَشْرَكَ فِيهِ مَعِي غَيْرِي تَرَكْتُهُ وَشِرْكَهُ " رواه مسلم

**ئەبۇ ھۇرەيرە ﷺدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللە تەبارەك ۋەتەئالا ئېيتىدۇ: مەن شېرىكتىن ئەڭ بىھاجەت ئىلاھمەن. كىمكى بىر ئەمەلنى قىلىپ، شۇ ئەمەلدە ماڭا باشقا بىراۋنى شېرىك قىلىۋالسا، ئۇنى شېرىكىگە تاشلاپ بېرىمەن»**

يەنە بىر ئىبارىدە مۇنداق دېيىلگەن: "فَأَنَا مِنْهُ بَرِيءٌ وَهُوَ لِلَّذِي أَشْرَكَ "ابن ماجه

**«... مەن ئۇنداق ئادەمدىن ئادا-جۇدامەن، ئۇ شېرىك كەلتۈرگەن ئىلاھىغا مەنسۇپ»**

يۇقىرىقى ئىككى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دەلىللەر جۈملىسىدىن اللە تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى:

﴿ فَمَن كَانَ يَرۡجُواْ لِقَآءَ رَبِّهِۦ فَلۡيَعۡمَلۡ عَمَلٗا صَٰلِحٗا وَلَا يُشۡرِكۡ بِعِبَادَةِ رَبِّهِۦٓ أَحَدَۢا ﴾

**﴿كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن. ﴾** [كەھف : 110]

ئۆلىمالار ۋە تەپسىرشۇناسلار مۇنداق دەيدۇ: ئايەتتىكى **﴿ياخشى ئەمەل﴾** پەيغەمبەر ﷺنىڭ سۈننىتىگە ئۇيغۇن بولغان ئەمەلنى كۆرسىتىدۇ. **﴿پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن﴾** دېگەن سۆزى بولسا، شۇ ئەمەلنى اللە تەئالاغا خالىس قىلىشنى كۆرسىتىدۇ.

## 7- ئەسكەرتمە:

بەزىلەر ئۇسامە ئىبنى زەيد ﷺ نىڭ جەڭ مەيدانىدا «لا إله إلا الله» دەپ تۇرغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ قويغىنىدا، پەيغەمبەر ﷺنىڭ ئۇنى ئەيىبلەپ، بۇ قىلمىشنى قاتتىق ئىنكار قىلغانلىق ۋەقەلىكىگە تايىنىۋېلىپ، تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله نى ئېغىزىدا دەۋاتقان ئادەم كىم بولسا بولسۇن، مەيلى ئۇ قايسى ئەھۋالدا ۋە قانداق سۈپەتكە ئىگە بولىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەن گۇماندا ۋە خاتا چۈشەنچىدە بولىشى مۇمكىن. بۇ ۋەقەنى ئىمام مۇسلىم مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

عَنْ أُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ قَالَ: بَعَثَنَا رَسُولُ اللَّهِ ﷺ فِي سَرِيَّةٍ، فَصَبَّحْنَا الْحُرَقَاتِ مِنْ جُهَيْنَةَ، فَأَدْرَكْتُ رَجُلًا، فَقَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، فَطَعَنْتُهُ فَوَقَعَ فِي نَفْسِي مِنْ ذَلِكَ،

فَذَكَرْتُهُ لِلنَّبِيِّ ﷺ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: أَقَالَ: لَا إِلَهَ إِلَّا اللَّهُ، وَقَتَلْتَهُ؟ قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، إِنَّمَا قَالَهَا خَوْفًا مِنَ السِّلَاحِ، قَالَ: " أَفَلَا شَقَقْتَ عَنْ قَلْبِهِ، حَتَّى تَعْلَمَ أَقَالَهَا أَمْ لَا؟ " فَمَا زَالَ يُكَرِّرُهَا عَلَيَّ حَتَّى تَمَنَّيْتُ أَنِّي أَسْلَمْتُ يَوْمَئِذٍ. رواه مسلم

**ئۇسامه ئىبنى زەيد ﷺ دىن نەقىل قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ﷺ بىزنى قوشۇن قىلىپ ئەۋەتتى. بىز تاڭ سەھەردە جۇھەينە ئەئرابىلىرىنىڭ ئاۋۇلىغا ھۇجۇم قىلدۇق. مەن ئۇلاردىن بىر ئادەم بىلەن روبىرو بولۇپ قېلىۋىدىم، ئۇ دەرھال «لا إله إلا الله» دېدى. مەن پەرۋا قىلماي ئۇنىڭغا نەيزە ئۇرۇۋەتتىم. كېيىن كۆڭلۈمدە شۇ ئىشقا قارىتا غەشلىك پەيدا بولۇپ قالدى-دە، بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ﷺگە سۆزلەپ بەردىم. الله نىڭ پەيغەمبىرى ﷺ بۇنى ئاڭلاپ: ئۇنى «لا إله إلا الله» دەپ تۇرسا ئۆلتۈرۈۋەتتىڭمۇ؟ دېدى. مەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! ئۇ بۇ سۆزنى پەقەتلا قۇرالدىن قورقۇپ دېگەن تۇرسا، دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ : سەن ئۇنىڭ لا إله إلا الله نى چىن قەلبىدىن دېگەن-دېمىگەننى بىلىدىغانغا ئۇنىڭ يۈرىكىنى يېرىپ كۆرگەنمىدىڭ؟! دېيىشكە باشلىدى، ئۇ ماڭا بۇ سۆزنى تەكرار دەۋېرىپ، ھەتتا مەن ، كاشكى، شۇ كۈندە ئىسلامغا كىرگەن بولسامچۇ! دەپ ئارزۇ قىلىپ كەتتىم.**

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىقداد ئىبنى ئەسۋەد ﷺدىن نەقىل قىلىنغان مۇنۇ ھەدىسمۇ يۇقارقى مەزمۇننى يورۇتۇپ بېرىدۇ:

عَنِ الْمِقْدَادِ بْنِ الأَسْوَدِ، أَنَّهُ أَخْبَرَهُ، أَنَّهُ قَالَ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، أَرَأَيْتَ إِنْ لَقِيتُ رَجُلًا مِنَ الْكُفَّارِ فَقَاتَلَنِي، فَضَرَبَ إِحْدَى يَدَيَّ بِالسَّيْفِ فَقَطَعَهَا، ثُمَّ لَاذَ مِنِّي بِشَجَرَةٍ، فَقَالَ: أَسْلَمْتُ لِلَّهِ، أَفَأَقْتُلُهُ يَا رَسُولَ اللَّهِ بَعْدَ أَنْ قَالَهَا؟ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: لَا

تَقْتُلُهُ، قَالَ: فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللَّهِ، إِنَّهُ قَدْ قَطَعَ يَدِي، ثُمَّ قَالَ: ذَلِكَ بَعْدَ أَنْ قَطَعَهَا، أَفَأَقْتُلُهُ؟ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ ﷺ: " لَا تَقْتُلْهُ، فَإِنْ قَتَلْتَهُ فَإِنَّهُ بِمَنْزِلَتِكَ قَبْلَ أَنْ تَقْتُلَهُ، وَإِنَّكَ بِمَنْزِلَتِهِ قَبْلَ أَنْ يَقُولَ كَلِمَتَهُ الَّتِي قَالَ ". رواه مسلم

**مقداد ﷺدىن نەقىل قىلىندۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺگە مۇنداق دېگەن: ئى الله نىڭ ئەلچىسى! دەپ باقسىلاچۇ، مۇبادا مەن كۇففارلاردىن بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، ئۇ مەن بىلەن ئېلىشىپ، بىر قولۇمنى قىلىچى بىلەن چېپىۋەتسە، ئاندىن بىر دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتىۋېلىپ: الله قا بويسۇندۇم، مۇسۇلمان بولدۇم! دەپ تۇرىۋالسا، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ شۇ گېپىدىن كېيىن ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتسەم بولامدۇ؟ پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ بولمايدۇ. مەن دېدىم: يا رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئالدىدا قولۇمنى چېپىۋېتىپ، قولۇمنى چېپىپ تاشلىغاندىن كېيىن، شۇ سۆزنى دەپ تۇرىۋالغان بولسا، ئۇنى زادى ئۆلتۈرمەمدىمەن؟ پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتى: ئۇنداق ئادەمنى ئۆلتۈرمەيسەن، ئۇنى ئەمدى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ، ئۇ سېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋالقى ئورنىڭدا بولىدۇ، سەن بولساڭ، ئۇنىڭ شۇ سۆزنى دېيىشتىن ئاۋۋالقى ئورنىدا بولىسەن.**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئەمدى ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، ... سەن ئۇنىڭ شۇ سۆزنى دېيىشتىن ئىلگىرىكى ئورنىدا بولۇپ قالىسەن» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ــ ئۇ ئادەم تەۋھىد گۇۋاھلىقىنى ئېيتىش بىلەن، سېنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇنقى قېنىڭ قوغدىلىدىغان ھالەتكە ئۆتىدۇ. سەن بولساڭ، ئۇنىڭ قىساسى سېنىڭ گەردىنىڭگە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ كىشىنىڭ تەۋھىد كەلىمىسىنى دېيىشتىن ئىلگىرىكى قېنى ھالال بولغان ھالەتكە ئۆتۈپ قالىسەن، دېگەندىن

ئىبارەت. ھەرگىزمۇ بەزى ھەددىدىن ئاشسۇرۇۋەتكۈچىلەر چۈشىنىۋالغاندەك، «سەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسەن» دېگىنىدىن «سەن ئۇنىڭ كافىرلىق ئورنىغا ئۆتۈپ قالسەن» دېگەن ئۇقۇم چىقمايدۇ. بۇنداق چۈشەنچە ھەققەتەن ساغلام ئەقىدىگە يىراق بولغان خاتا چۈشەنچىدۇر.

ئەمىسە نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۇسامە ﷺنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ لا إله إلا الله دەپ تۇرسا ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھېلىقى ئادەمنىڭ قىساسىنى ئالمىدى؟ دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، چۈنكى، ئۇسامە يۇقىرىقىدەك ئەھۋالدا بىراۋنىڭ دىلىدا نېمە بارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەستىن، پەقەت ئۇنىڭ سىرتقى ئىپادىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ شەرئىي قائىدىنى بىلمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئۇنى ئۆز ئىجتىھادى بىلەن بىر تەرەپ قىلغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بۇ سەۋەنلىكى ئەپۇ قىلىنغان. لېكىن مىقداد ﷺنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە سوئال قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز سوئالىغا ئېنىق جاۋاب ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىلمەسلىك ئۆزرىسى يوق بولىدۇ ھەمدە بۇنداق ئېنىق ھۆكۈم ئالدىدا ئۆز ئالدىغا تەۋىل ۋە ئىجتىھاد قىلىشقا تېخىمۇ ئورۇن قالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ دەسلەپكى سوئالىغا جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قېتىم يەنە شۇ سوئالنى تەكرار سورىغىنىدا، ئۇنىڭغا: ئەمدى شۇنداق قىلساڭ، سەن ئۇنىڭ شۇ سۆزنى قىلىشتىن بۇرۇنقى ئورنىدا بولسەن، دەپ جاۋاب بەرگەن.

يۇقىرىقى شەرئىي تېكىستلەر شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، مۇھارىب كافىر[1] ناۋادا، ئۇرۇش مەيدانىدا ياكى باشقا ئەھۋاللاردا لا إله إلا الله دېسە،

[1] مۇھارىب كافىر – الله قا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى مەيداندا تۇرىدىغان كافىر.

ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇلمايدۇ ۋە مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ قېنى قوغدىلىدۇ.

ئىبنى تەيمىييە «قىنىدىن سۇغۇرۇلغان قىلىچ» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بىرلىككە كەلگەن ئىختىلاپسىز بىر ھۆكۈم شۇكى، مۇھارىب كافىردىن بىرى قىلىچنى كۆرۈپ ئىسلامغا كىرسە، مەيلى ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ باغلانغان ھالەتتە بولسۇن ياكى ئەركىن ھالىتىدە بولسۇن، مەيلى ئىچى باشقا، تېشى باشقىدەك گۇمان قىلىنسۇن، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىقى دۇرۇس بولىدۇ ۋە كۇفرىدىن قىلغان تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ.»

ئەمدىكى گەپ، يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن «لا إله إلا الله» دېگۈچى قايسى ئەھۋالدىكى ئادەم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە، ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇرۇشقا بولمايدۇ، دېگەن خۇلاسە چىقامدۇ؟ دېيىلسە، ـ ياق، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ. بۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن، «لا إله إلا الله» دەۋاتقان ھالىتىدىمۇ قىلىچ ئۇرۇلۇۋېرىدىغان كىشىلەر ھەققىدە توختۇلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## 1-ئېغىر دەرىجىدە مۇرتەد بولغۇچى:

ئېغىر دەرىجىدە مۇرتەد بولغۇچى دېگىنىمىز دىنىدىن مۇرتەد بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، مۇرتەد بولغاندىن كېيىن، الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن، الله نىڭ دىنى ۋە مۇئمىنلار بىلەن دۈشمەنلىشىپ كۇفرى ئۈستىگە كۇفرىنى قېتىپ يۇدىۋالغان كافىرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق مۇتەدلەر مۇسۇلمانلار قولىغا چۈشۈپ قالسا، تەۋبىگە تەكلىپ قىلىنمايدۇ، تەۋبە قىلسا، تەۋبىسىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ، «لا إله إلا الله» دەپ جار سالغان تەقدىردىمۇ، ھېچنىمىگە كار قىلمايدۇ، ئۇلارغا قىلىچ ئۇرۇلىۋېرىدۇ ۋە شەرىئەت بەلگىلىگەن ئۆلۈم جازاسى ئۇلاردىن

كۆتۈرۈۋېتىلمەيدۇ. الله تەئالا مۇنداق دېگەن:

﴿ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ بَعْدَ إِيمَـٰنِهِمْ ثُمَّ ٱزْدَادُواْ كُفْرًا لَّن تُقْبَلَ تَوْبَتُهُمْ وَأُوْلَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلضَّآلُّونَ ﴿٩٠﴾ ﴾

**﴿شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كافىر بولغانلار، ئاندىن كۇفرىنى تېخىمۇ ئاشۇرغانلارنىڭ تەۋبىسى ھەرگىزمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئەنە شۇلار گۇمراھلاردۇر.﴾** [ئال ئىمران:90]

ئىبنى تەيمىييە رەھمەھۇللاھ «يالىڭاچلانغان قىلىچ»تا مۇنداق دەيدۇ: «الله تەئالا بۇ ئايەتتە ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كافىر بولغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە كافىرلىقنى زىيادە قىلغانلارنىڭ تەۋبىسىنىڭ مەقبۇل بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، بۇنىڭ بىلەن، ئاددى مۇرتەدلىك بىلەن ھەددىدىن ئاشقان مۇرتەدلىك ئوتتۇرىسىدىكى، ئالدىنقىسىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدىغان، كېيىنكىسىنىڭ قوبۇل قىلىنمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەرقنى ئاجرىتىپ بەردى. كىمكى، ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن كافىر بولغانلارنىڭ ھەر قانداقىنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولىدۇ، دەپ قارىسا، قۇرئان كەرىمگە قارشى قويغان بولىدۇ.»

عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، أَنَّ رَهْطًا مِنْ عُكْلٍ ثَمَانِيَةً قَدِمُوا عَلَى النَّبِيِّ ﷺ فَاجْتَوَوْا الْمَدِينَةَ، فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللَّهِ ابْغِنَا رِسْلًا، قَالَ: " مَا أَجِدُ لَكُمْ إِلَّا أَنْ تَلْحَقُوا بِالذَّوْدِ فَانْطَلَقُوا، فَشَرِبُوا مِنْ أَبْوَالِهَا، وَأَلْبَانِهَا حَتَّى صَحُّوا وَسَمِنُوا، وَقَتَلُوا الرَّاعِيَ، وَاسْتَاقُوا الذَّوْدَ، وَكَفَرُوا بَعْدَ إِسْلَامِهِمْ، فَأَتَى الصَّرِيخُ النَّبِيَّ ﷺ فَبَعَثَ الطَّلَبَ فَمَا تَرَجَّلَ النَّهَارُ حَتَّى أُتِيَ بِهِمْ فَقَطَّعَ أَيْدِيَهُمْ وَأَرْجُلَهُمْ، ثُمَّ أَمَرَ بِمَسَامِيرَ فَأُحْمِيَتْ، فَكَحَلَهُمْ بِهَا، وَطَرَحَهُمْ بِالْحَرَّةِ يَسْتَسْقُونَ فَمَا يُسْقَوْنَ حَتَّى مَاتُوا " رواه البخاري

**ئەنەس ئىبنى مالىك ﷺدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ:**

**ئۇكىل قەبىلىسىدىن سەككىز نەپەر ئادەم پەيغەمبەر ﷺنىڭ قېشىغا مەدىنىگە كېلىشتى. بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇلار مەدىنىگە كۆنەلمەي ئاغرىپ قالدى[1]ـ دە، پەيغەمبەرﷺگە «ئى الله نىڭ ئەلچىسى، بىزگە سۈت تېپىپ بەرگەن بولسىلا» دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا «سىلەرگە باشقا ئامال قىلىپ بېرەلمىدىم، (شۇڭا، شەھەر سىرتىدىكى) تۆگىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرۇڭلار» دېدى. ئۇلار تۆگىلەر قېشىغا يۈرۈپ كېتىشتى ۋە بىر مەزگىل تۆگىنىڭ سۈيدۈك ۋە سۈتلىرىدىن ئىچىپ (داۋالىنىپ) كېسەللىرى ساقىيىپ، خېلى سېمىرىپ قېلىشتى. ئاندىن ئۇلار پادىچىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتتى، شۇنىڭدەك مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن كافىر بولۇشتى. (پادىچىلاردىن تىرىك قالغان) بىر خەۋەرچى پەيغەمبەر ﷺگە بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ﷺ دەرھال ئۇلارنى قوغلاشقا قوشۇن ئەۋەتتى. كەچ كىرمەستە ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولغا چۈشۈپ ئېلىپ كېلىندى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئاندىن مىخلارنى قىزىتىشقا بۇيرىدى ۋە قىزىتىلغان مىخلارنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە مىخلىدى، ئاندىن ئۇلارنى تاشلىق سايغا ئاچىقىپ ئاپتاپقا تاشلىۋېتىپ، قانچە سۇ تەلەپ قىلىشسىمۇ سۇ بەرمىدى تاكى ئۇلار شۇ ھالەتتە ئۆلۈپ قېلىشتى.**

پەيغەمبەر ﷺنىڭ بۇ مۇرتەدلەرگە بۇنداق جازا قوللىنىشى ـ ئۇلارنىڭ مۇرتەد بولغانلىقى ئۈستىگە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش، ئۇلارنىڭ ماللىرىنى بۇلاش قاتارلىق قەبىھ جىنايەتلەرنى قىلىپ، كۇفرى ئۈستىگە يەنە كۇفرلىق

[1] ئۇكىل قەبىلىسى چۆللەردە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قەبىلە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ باغۋەنچىلىك ۋە دېھقانچىلىق يۇرتى مەدىنەنىڭ ھاۋا- سۈيى ۋە يېمەكلىرىگە كۆنەلمىگەنلىكى ئىشارەت قىلىنىدۇ. ــ ت.

قىلغانلىقى ئۈچۈندۇر.

عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ، " أنّ رَسُولَ اللَّهِ ﷺ دَخَلَ عَامَ الْفَتْحِ وَعَلَى رَأْسِهِ الْمِغْفَرُ، فَلَمَّا نَزَعَهُ، جَاءَ رَجُلٌ، فَقَالَ: إِنَّ ابْنَ خَطَلٍ مُتَعَلِّقٌ بِأَسْتَارِ الْكَعْبَةِ، فَقَالَ: اقْتُلُوهُ " رواه البخاري

**ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مەككە فەتھى قىلىنغان يىلى مەككىگە بېشىغا دۇبۇلغا كىيگەن ھالەتتە كىرگەن ئىدى. ئۇ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئېلىۋاتقاندا، بىر ئادەم كېلىپ: ئى اللە نىڭ ئەلچىسى! ئىبنى خەتەل كەئبىنىڭ يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋاپتۇ، دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئېيتتىكى: «ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىۋېرىڭلار».**

ھەدىستىكى «كەئبە يوپۇقلىرىغا ئېسىلىۋالغان» دېگەن سۆز ئۇنىڭ تەۋبە قىلىپ ئامانلىق تىلەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئىبنى خەتەل ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، دىنىدىن يېنىپ مۇشرىكلارغا قېتىلىپ كەتكەن ۋە مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈش ئىشلىرىغا قاتناشقان، پەيغەمبەر ﷺگە تىل تەككۈزگەن ئىدى. بۇ سەۋەبلىك، ئۇنىڭ قىلغان تەۋبىسى ھېچنېمىگە ئارا تۇرمىدى. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺنىڭ شۇ كۈنى مەككە ئاھالىسىگە بەرگەن ئامانلىقى، جۈملىدىن، مەسجىدى ھەرامغا كىرىۋالغۇچىلارغا بەرگەن ئامانلىقمۇ ئۇنى اللە نىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا شۇ كۈنى مەقىيس ئىبنى دوبابە، ئىبنى سەرەج قاتارلىقلارمۇ مۇرتەد بولغاندىن كېيىن اللە بىلەن، اللە نىڭ پەيغەمبىرى ۋە مۇئمىنلار بىلەن دۈشمەنلەشكەن كافىرلاردىن بولغاچقا، ئۇلارمۇ ئوخشاش قەتلى قىلىندى.

ئىبنى تەيمىييە «فەتىۋالار توپلىمى»(20-توم 103-بەت)دا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتىكى مۇرتەد تەۋبە قىلغىلى ئۇنىمىغاندا ئاندىن ئۆلتۈرۈلىدۇ، ئېغىر دەرىجىدىكى مۇرتەد بولسا تەۋبىگە پۇرسەت بېرىلمەستىن ئۆلتۈرۈلىدۇ. بۇ ئىككى خىل مۇرتەدلىككە بېرىلىدىغان جازادىكى پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەت».

بىراق، ئېغىر دەرىجىدىكى مۇرتەد بولغان تەقدىردىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈشتىن بۇرۇن تەۋبە قىلىپ، ئۆزلۈكىدىن بويسۇنۇپ كەلگەن بولسا، ئەڭ توغرا قاراش بۇ خىل ئەھۋالدا ئۇنىڭ تەۋبىسى قوبۇل قىلىنىدۇ. الله تەئالا بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

﴿ إِنَّمَا جَزَٰٓؤُاْ ٱلَّذِينَ يُحَارِبُونَ ٱللَّهَ وَرَسُولَهُۥ وَيَسۡعَوۡنَ فِي ٱلۡأَرۡضِ فَسَادًا أَن يُقَتَّلُوٓاْ أَوۡ يُصَلَّبُوٓاْ أَوۡ تُقَطَّعَ أَيۡدِيهِمۡ وَأَرۡجُلُهُم مِّنۡ خِلَٰفٍ أَوۡ يُنفَوۡاْ مِنَ ٱلۡأَرۡضِۚ ذَٰلِكَ لَهُمۡ خِزۡيٞ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ ٣٣ إِلَّا ٱلَّذِينَ تَابُواْ مِن قَبۡلِ أَن تَقۡدِرُواْ عَلَيۡهِمۡۖ فَٱعۡلَمُوٓاْ أَنَّ ٱللَّهَ غَفُورٞ رَّحِيمٞ ٣٤ ﴾

**﴿الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن ئۇرۇش قىلىدىغانلارنىڭ، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلارنىڭ جازاسى شۇكى، ئۇلار ئۆلتۈرۈلىشى ياكى دارغا ئېسىلىشى ياكى ئوڭ قوللىرى ۋە سول پۇتلىرى كېسىلىشى ياكى سۈرگۈن قىلىنىشى كېرەك. بۇ (يەنى جازا) ئۇلار ئۈچۈن بۇ دۇنيادا رەسۋالىق (ئېلىپ كەلگۈچىدۇر)، ئاخىرەتتە ئۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. سىلەر تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلغانلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. بىلىڭلاركى، الله مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾**

[مائىدە:33~34]

دېمەك، اﷲ تەئالا بۇ ئايەتتە مۇسۇلمانلار تۇتۇۋېلىشتىن ئىلگىرى تەۋبە قىلىپ كەلگۈچىنى ئالدىدىكى جىنايى جازادىن مۇستەسنا قىلغان.

ئىبنى تەيمىييە «يالغاچلانغان قىلىچ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، اﷲ تەئالا قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى قىلغان تەۋبە بىلەن كېيىن قىلغان تەۋبىنىڭ پەرقلىق بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ بەردى. چۈنكى جىنايى جازالار دەلىللىنىپ ھاكىم ئالدىغا ئەكىلىنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەتئىي ئىجرا قىلىنىشى پەرز بولىدۇ. ھاكىمنىڭ ئۇنى ئەپۇ قىلىۋېتىشىگە ياكى باشقا بىراۋنىڭ جاۋابكارنى تىلىۋېلىشىغا ئەسلا رۇخسەت يوق. ئەمما، تېخى تۇتۇلمىغان، ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىنمىگەن ئىش باشقىچە بولىدۇ. چۈنكى، قولغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى قىلغان تەۋبە ئىختىيارىي ھالەتتىكى تەۋبە بولسا، كېيىن قىلغان تەۋبە جازادىن قېچىپ مەجبۇرىي ھالەتتە قىلىنغان تەۋبىدۇر. بۇ خۇددى فىرئەۋننىڭ دەرياغا غەرق قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا قىلغان تەۋبىسىگە، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان ئۈممەتلەرنىڭ اﷲ نىڭ ئازابىنى كۆرگەن چاغدا قىلغان تەۋبىسىگە، بېشىغا ئۆلۈم كەلگەن ۋاقىتتا سەكراتتا جان تالىشىپ تۇرۇپ: ئەمدى تەۋبە قىلدىم، دېگەن كىشىنىڭ تەۋبىسىگە ئوخشاش تەۋبە بولىدۇ. بۇ تەۋبىنى قوبۇل كۆرۈش ئۈچۈن ئىجرا قىلىش پەرز بولغان شەرئىي جازانى كۆتۈرۈۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. مۇبادا قولغا چۈشكەندىن كېيىن قىلىنغان تەۋبە بىلەن شەرئىي جازالار كۆتۈرۈۋېتىلىدىغان بولسا، ئۇ جازالار ھەممىسى ئەمەلدىن قېلىپ، پىتنە-پاساتنى توسىدىغان قورغان بۇزۇپ تاشلانغان بولىدۇ».

ئەمدى، قولغا چۈشۈشنىڭ ئالدىدا قىلىنغان تەۋبىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن تەۋبە قىلغۇچى ئۈستىدىكى اﷲ نىڭ ھەققى بىلەن بەندىلەرنىڭ ھەققى

قالدۇرۇلامدۇ؟ دېگەن مەسىلىگە كېلىمىز.

بۇ ھەقتىكى شەرئىي دەلىللەرگە ئۆتۈشتىن ئىلگىرى، توغرا قاراش شۇكى، مۇھارىب كافىر مۇبادا ئىسلامغا قارشى مۇرتەدلىك ئاساسىدا ئۇرۇش قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار قولىغا چۈشۈشتىن ئىلگىرى قىلغان تەۋبىسى ئۇنىڭ گەردىنىدىكى اللە نىڭ ھەقلىرىنىمۇ، بەندىلەرنىڭ ھەقلىرىنىمۇ ساقىت قىلىدۇ. بۇ ئەبۇ بەكرى ﷺ ۋە ئۇنىڭ زامانىسىدىكى ساھابىلارنىڭ شۇ مەسىلىدە تۇتقان يولى.

ئەبۇ بەكرى ﷺ زامانىسىدا مۇرتەدلەر ئۆز تەۋبىسىنى ئېلان قىلىپ، ھەقىقەتكە قايتىدىغانلىقىنى ۋە ھەق سۆزنى ئاڭلاپ، ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇلاردىن ئىسلام قوشۇنىدىن شۇ مۇرتەدلەر بىلەن بولغان جەڭدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىلەر ئۈچۈن فىدىيە (تۆلەم) ئالماقچى بولغان. بۇ چاغدا ئۇمەر ﷺ تۇرۇپ: شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلاردىن ئۆلتۈرۈلگەنلەر اللە يولىدا ئۇرۇش قىلىپ كەتكەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئەجرى اللە نىڭ زىممىسىدە ..، دېگەن. ئەبۇ بەكرى ﷺ ئۇمەرنىڭ بۇ گېپىگە قوشۇلۇپ، ئۇلاردىن فىدىيە ئالمىغان ۋە بۇ قائىدە ساھابىلار ئارىسىدا شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنغان.

ئەمما مۇرتەدلىك ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزى مۇسۇلمان تۇرۇپ، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلغان، بولاڭچىلىق، قاراقچىلىق قىلغان ئادەم بولسا، ئۇنىڭ تۇتۇلۇشتىن بۇرۇن قىلغان تەۋبىسى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىدىكى اللە نىڭ ھەققى بولغان شەرئىي جازا پۈتۈنلەي كەچۈرۈم قىلىنىدۇ. بىراق ئادەملەرنىڭ ھەقلىرى (قىساس ۋە باشقا ماددى ھەقلەر) يەنىلا ئۇنىڭ زىممىسىدە قالىدۇ. ئۇنى كەچۈرۈم قىلىش-قىلماسلىق ھەق ئىگىلىرىنىڭ ئىلكىدە بولىدۇ. ھەق

ئىگىلىرى ئۇنى كەچۈرۈم قىلغىلى ئۇنىمىغان ئەھۋالدا، ئادەم ئۆلتۈرگەن بولسا قىساس ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلىدۇ، باشقىلارنىڭ مال- مۈلكىنى بۇلىغان بولسا ئۇنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرىدۇ.

بۇ مەسىلە ھەققىدە بۇ ئورۇندا مۇشۇنچىلىك توختۇلىمىز. الله خالىسا، ئۇنىڭ كەڭرى تەپسىلاتى ئۆز ئورنىدا بايان قىلىنىدۇ.

## 2- زىندىق:

زىندىق دېگەن ئىچىدىكى كافىرلىقنى سىرتىدا ئاشكارىلىغان مۇنافىق بولۇپ، ئۇ شۇ قىلمىشىغا قارىتا كەسكىن دەلىل بايان قىلىنىپ تەۋبىگە بۇيرۇلسا، ھەقتىن باش تارتىپ، تېنىپ تۇرىۋالىدۇ.

زىندىق توغرىسىدىكى ئەڭ توغرا قاراش شۇكى، بىر كىمنىڭ زىندىقلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ تەۋبىگە تەكلىپ قىلىنمايدۇ، ھەتتا ئىسلامنى دەۋا قىلىپ، «لا إله إلا الله» دەپ تۇرسىمۇ، ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىدۇ. چۈنكى، ئىنسان تەۋبىگە مەلۇم بىر گۇناھقا قارىتا تەكلىپ قىلىنىدۇ، ئەمما زىندىق ئۆزىنىڭ ھېچبىر قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان تۇرسا، ئۇنى نېمىدىن تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇغىلى بولسۇن؟!

الله تەئالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿ قُلْ هَلْ تَرَبَّصُونَ بِنَآ إِلَّآ إِحْدَى ٱلْحُسْنَيَيْنِ ۖ وَنَحْنُ نَتَرَبَّصُ بِكُمْ أَن يُصِيبَكُمُ ٱللَّهُ بِعَذَابٍ مِّنْ عِندِهِۦٓ أَوْ بِأَيْدِينَا ۖ فَتَرَبَّصُوٓا۟ إِنَّا مَعَكُم مُّتَرَبِّصُونَ ﴿٥٢﴾ ﴾

**﴿ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل گۈزەل ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى**

**كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ اﷲ نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز، سىلەرمۇ (ئۆزەڭلارغا كەلگەننى) كۈتۈڭلار، بىزمۇ ئەلۋەتتە (ئۆزىمىزگە كەلگەننى) كۈتەيلى».﴾** [تەۋبە:52]

ئىبنى تەيمىييە «يالىڭاچلانغان قىلىچ»تا مۇنداق دەيدۇ: «تەفسىر ئۆلىمالىرى ئايەتتىكى ﴿ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز﴾ دېگەننى ‹بىزنىڭ قولىمىز بىلەن قەتلى قىلىنىشىڭلاردىن ئىبارەت جازانى كۈتىۋاتىمىزكى، ئەگەر ئى مۇنافىقلار، قەلبىڭلاردىكى يوشۇرۇن كۇفرىنى ئاشكارىلايدىغان بولساڭلار، سىلەرنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئۆلتۈرۈپ تاشلايمىز› دەپ تەفسىر قىلغان. دېمەك، ئۇلارنىڭ قەلبىدە يوشۇرۇپ تۇرىۋاتقان مۇنافىقلىقىغا قارىتا بىزنىڭ قولىمىز بىلەن بېرىلىدىغان جازا ــ شۇ مۇنافىقلىقنى سىرتىدا ئاشكارىلىغان ھامان ئۇلارنى قەتلى قىلىشتىن ئىبارەت. بىر مۇنافىقنىڭ زىندىقلىقى ۋە مۇنافىقلىقى ئېنىق ئاشكارا بولغاندىن كېيىن تەۋبە قىلىپ تۇرىۋالغاندا، مۇبادا ئۇنىڭغا يەنىلا سىرتىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىنىپ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىش لازىم بولسا، اﷲ تەئالانىڭ ئۇلارغا بىزنىڭ قولىمىز بىلەن جازا بېرىشىنى كۈتىشىمىز ئەسلا مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، بىز ئۇلارنى ئاشكارىلىغان كافىرلىقىغا ئاساسەن قاچان جازالىماقچى بولساق، شۇ ھامان ئۇلارنىڭ تەۋبىنى تەڭلەپ تۇرۇشى مۇقەررەر بىر ئىش. ئۇنىڭدىن باشقا، مۇنافىقلاردىكى كافىرلىق سىرتىدا ئاشكارا بولۇپ ئىسپاتلانغاندىن كېيىن، داۋاملىق يەنە ئۇلارنىڭ سىرتىدىكى تەۋبە ۋە ئىسلام دەۋاسى قوبۇل قىلىنىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مۇنافىقلىققا قارشى جىھادنىڭ يولى پۈتۈنلەي ئېتىلگەن بولىدۇ.»

ئىبنى قەييىم «زَادُ الْمَعَاد (ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ئوزۇق- تۈلكى)» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «دەل مۇشۇ ئورۇندا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ۋە ھەممە ئېھتىياجلىق بولىدىغان زۆرۈر بىر قائىدە ئايان بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، شەرىئەت بەلگىلىگۈچى (الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ) ئەسلىدىنلا كافىر بولغان بىر ئادەم ئىسلامغا كىرسە، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭ ئىسلامغا زىت يەنە بىر كۈچلۈك كىرەك ئامىل يوق بولغاچقا، ئۇنىڭ كۇفرىدىن قىلغان تەۋبىسىنى ھەر ھالەتتە قوبۇل قىلىشنى بېكىتىپ بەرگەن. بۇنىڭغا شۇ بويىچە ئەمەل قىلىش پەرزدۇر. چۈنكى، بۇ ھال ئۇنىڭ قېنىنىڭ قوغدىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى ھېچبىر ئامىل تېپىلمايدۇ. ئەمما زىندىقلا كەلسەك، ئۇ ئاللىبۇرۇن ئۆز قېنىنى ھالاللاپ بېرىدىغان كۇفرى-مۇرتەدلىكنى سادىر قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھاكىم قولىغا چۈشكەندىن كېيىن قىلغان تەۋبىسى ۋە مۇسۇلمانلىق دەۋاسى ئۇنىڭغا شەرئىي ئۆلۈم جازاسىنى پەرز قىلغان ئاشۇ كافىرلىقىنىڭ يوقالغانلىقىغا مەيلى قەتئىي ياكى گۇمانىي دەلىل بولالمايدۇ.

ئەجەبا، ئۇنىڭ قولغا چۈشكەندىن كېيىن، تىلىدا ئىسلامنى دەۋا قىلىپ قويىشى ئۇنىڭ قايتا- قايتا تەكرارلانغان زىندىقلىقىنىڭ دەلىللىرىنى ۋە ئۇنىڭ كۆرگەنلىكى يەردە ئىسلامنى سۆكىدىغان، الله نىڭ دىنىنى ئەيىبلەپ ھاقارەتلەيدىغان، الله نىڭ چەكلىمىلىرىنى كۆزگە ئىلماي، پەرزلىرىگە كۆڭۈل بۆلمەي يۈرگەنلىرىنىڭ ئىسپاتلىرىنى قانداقمۇ يوققا چىقىرالىسۇن؟!

شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر قانداق بىر ئالىمنىڭ ئۆلاردىكى ئاللىقاچان كۈچكە ئىگە بولالمايدىغانلىقى ئىسپاتلانغان ئاشكارا ھالەتكە ئاساسەن نۇرغۇن قەتئىي دەلىللەرنى چۆرۈۋېتىپ، بۇنداق زىندىقلارنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش ھۆكۈمدە

ئىككىلىنىپ قېلىشى توغرا ئەمەس.»

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «زىندىقلىق جىنايىتى ئاشكارىلانغان ئادەمنىڭ قولغا چۈشكەندىن كېيىن قىلغان تەۋبىسىنىڭ ئۇنىڭ قېنىنى قوغداپ قالالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان دەلىللەر جۈملىسىدىن الله تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزى: ﴿**ئېيتقىنكى، «سىلەر پەقەت بىزنىڭ (غەلىبە قىلىش ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت) ئىككى خىل گۈزەل ئاقىۋەتنىڭ بىرىگە ئېرىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتىسىلەر، بىزمۇ الله نىڭ سىلەرگە ئۆز دەرگاھىدىن ئازاب چۈشۈرۈشىنى ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق سىلەرنى جازالىشىنى كۈتۈۋاتىمىز...**﴾ سەلەف سالىھلار ئايەتتىكى ﴿**ياكى بىزنىڭ قولىمىز ئارقىلىق** ﴾ دېگەن سۆز ھەققىدە ‹ئەگەر كۇفرىنى ئىچىڭلاردا ساقلىماي، سىرتىڭلاردا ئاشكارىلايدىغان بولساڭلار بىزنىڭ قولىمىز بىلەن قەتلى قىلىنىشىڭلارنى ...› دەپ تەفسىر ئېيتقان. ئايەت مۇشۇ تەفسىر بويىچە چۈشىنىلىدۇ. چۈنكى، مۇنافىقلارنىڭ قەلبىدە يۇشۇرۇپ ئۆتىدىغان كافىرلىقىغا مۇئمىنلار قولى بىلەن بېرىلىدىغان جازا ئۇلارنى قەتلى قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. مۇبادا، ئۇلارنىڭ زىندىقلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن يەنىلا تەۋبىسى قوبۇل بولىدىغان بولسا، مۇئمىنلار ھەرگىزمۇ الله تەئالانىڭ زىندىقلارنى ئۇلارنىڭ قولى بىلەن جازالىشىنىڭ پۇرسىتىنى تاپالمايدۇ. چۈنكى، مۇئمىنلار قاچان ئۇلارنى جازالىماقچى بولسا، شۇ ھامان ئۇلار مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى تەكلەپ تۇرىۋالىدۇ-دە، مۇئمىنلار ئۇلارغا مەڭگۈ قول سالالمايدۇ.»

## 3- پەيغەمبەر ﷺگە تىل تەككۈزگۈچى:

كىمكى پەيغەمبەر ﷺ تىل سۇنغانلىقى سەۋەبىدىن مۇرتەد بولغان بولسا، ئۇ

كافىر بولغانلىقىغا ئاساسەن شەرئىي جازا سۈپىتىدە تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇلماستىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ئەگەر ئۇ كافىرلىقتىن تەۋبە قىلىپ تەۋبىسىدە راستچىل بولغان بولسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە پەيغەمبەرنى تىللىغانلىقىنىڭ جازاسى قېپقالىدۇ. پەيغەمبەرلەرگە تىل تەككۈزۈشنىڭ شەرئىي جازاسى ئۆلۈمدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېچكىمنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىسى بولمىغان، پەقەت پەيغەمبەر ﷺنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇ ئىشتا جىنايەتچىنى ئەپۇ قىلىۋېتىدىغان ياكى ئۇنىڭغا چاپان ياپىدىغان ھەققى بولمايدۇ.

ئىبنى تەيمىييە رەھىمەھۇللاھ «يالىڭاچلانغان قىلىچ »تا مۇنداق دەيدۇ: «ئادەتتىكى مۇرتەدلەر قىلمىشىدىن تەۋبە قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ، ھالبۇكى، پەيغەمبەرﷺ ۋە ساھابىلار پەيغەمبەر ﷺگە تىل سۇنغۇچىنى تەۋبىگە تەكلىپ قىلماستىن ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى مۇرتەدلىك بولىدىغانلىقى ۋە بۇنداق مۇرتەدنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاش كېرەكلىكى ئايان بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺنى تىللىغۇچىنى ئۆلتۈرۈش ـ گەرچە ئۇ كافىر ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلسىمۇ، شەرىئەتتىكى مۇرتەدلىك ۋە دىن بىلەن دۈشمەنلىششكە بېرىلىدىغان جازادىن باشقا بىر جازا ھېسابلىنىدۇ. ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان شۇ مەزمۇندىكى ھەدىسلەر ۋە پەيغەمبەرﷺ بىلەن ساھابىلارنىڭ الله نىڭ ئەمرى بىلەن بۇنداق جىنايەتچىلەرنى ئىسمىلىرىنى ئاتاپ، تۇتۇپ ئەكىلىپ قەتلى قىلىشى پەيغەمبەر ﷺگە تىل تەككۈزۈشنىڭ مۇرتەدلىك ۋە دۈشمەنلىشىش ئۈستىگە قېتىلغان ئايرىم بىر كۇفرىي جىنايەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭغا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدىغانلىقى سۈننەت ۋە ئىجما بىلەن بېكىتىلگەن ھۆكۈمدۇر.»

بۇ قىسقا بايان بىلەن مۇھىم مەقسەد ئىپادىلەنگەندۇ دەپ ئويلايمەن.

بۇنىڭدىن قانائەت هاسىل قىلالمىغانلار بولسا، ياكى تېخىمۇ كەڭرى مەلۇماتقا، تەپسىلاتلارنىڭ دەلىللىرىگە ئېرىشكۇسى بارلار بولسا « تَنْبِيهُ الْغَافِلِين إلى حُكْم شَاتِم اللهِ وَالدِّيْن (الله قا ۋە دىنغا تىل تەككۈزگۈچىلەرنىڭ هۆكمى ۋە غاپىللارنى ئاگاهلاندۇرۇش)» دېگەن كىتابىمىزغا مۇراجىئەت قىلسۇن. بۇنىڭغىمۇ قانماي تېخىمۇ چوڭقۇر ئىلىمگە ئېرىشكۇسى بارلار شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ «الصَارِمُ الْمَسْلُول عَلى شَاتِم الرَّسُولﷺ (پەيغەمبەر ﷺنى تىللىغۇچىغا يالىڭاچلانغان قىلىچ)» دېگەن بۈيۈك كىتابىنى كۆرۈپ چىقسۇن. الله رەهمەت قىلسۇنكى، شەيخ ئۇنىڭدا ناهايىتى مۇكەممەل توختالغان.

## 4- شەرىئەتتىكى ئۆلۈم جازاسىغا تېگىشلىك بولغان ئادەم:

ناهەق ئادەم ئۆلتۈرگەنگە ئوخشاش شەرىئەتتە ئۆلۈم جازاسى كېلىدىغان بىر جىنايەتنى ئۆتكۈزگەن ۋە ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى ئۇنى ئەپۇ قىلىۋەتمىگەنلىكى سەۋەبىدىن جازا پەرىز بولۇپ قالغان ئەهۋال ئاستىدىكى ئادەمگە الله بېكىتكەن هەدنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۇنى قەتلى قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى تېمىغا مۇناسىۋەتلىك نۇقتا شۇكى، مۇبادا بۇنداق جىنايەتچى قەتلى قىلىنىش ئالدىدا «لا إله إلا الله» دېگەن بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆلۈم جازاسى كۆتۈرۈۋېتىلمەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرۇلىۋېرىدۇ.

**خۇلاسە كالام،** مانا بۇلار ئۆلۈم ئالدىدا «لا إله إلا الله» دەپ تۇرسىمۇ پەرۋا قىلماستىن قىلىچ ئۇرۇلىۋېرىدىغان بىر قىسىم هالەتلەر. بۇ ئورۇندا ئۇلارنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىشىمىز، ئوقۇرمەن بۇرادىرىمىزگە لا إله إلا الله قا مۇناسىۋەتلىك بۇ مەسىلە مۇجمەل بولۇپ قېلىپ، هېلى زىكىر قىلىنغان ئۇسامە ئىبنى زەيد رضي الله عنهنىڭ هەدىسىنى بارلىق هالەتلەرگە ۋە هەممە شەخسلەرگە

تەققاسلاپ چۈشىنىۋېلىپ ھەقتىن تېيىپ كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر. ھەممىنىڭ مەقسىتى اللە قا ئايان، ئۇ زات توغرا يولغا باشلىغۇچىدۇر.

## تەۋھىد شاھادىتىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى مىسالى

ئەزىز ئوقۇرمەن بۇرادىرىمىز بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا، بىز يەنە بىر قېتىم لا إله إلا الله ھەققىدە، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى جۈملىدىن قۇرئان كەرىمدە كەلگەن مىسالى ھەققىدە سۆز قىلماقچىمىز. اللە ئېيتىدۇ:

﴿ أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ ٱللَّهُ مَثَلًا كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِى ٱلسَّمَآءِ ﴿٢٤﴾ تُؤْتِىٓ أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍۭ بِإِذْنِ رَبِّهَا ۗ وَيَضْرِبُ ٱللَّهُ ٱلْأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ﴿٢٥﴾ ﴾

**﴿اللە نىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز ، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى (يەرنىڭ ئاستىدا) مەھكەم قارار ئالغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ. اللە كىشىلەرنى ۋەز-نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ.﴾** [ئىبراھىم: 24]

مانا بۇ اللە تەئالا ئۆز بەندىلىرىگە ئۇلارنىڭ بۇنى تىڭشاپ، مەنىسىنى چۈشىنىپ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ كەڭرى كەتكەن مەزمۇنىغا ئەمەل قىلىشلىرى ئۈچۈن كەلتۈرگەن مىسالى. اللە تەئالا بەندىلىرى ئۈچۈن كەلتۈرگەن تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله ھەققىدىكى بۇ بۈيۈك تەمسىل ئىپادىلەيدىغان

قسمەن مەزمۇنلار تۆۋەندىكىچە:

**1- ئۇنىڭ ئېسىل بېغىشى:** بۇ دەرەخ ئېسىل بولغانىكەن، شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ بېرىدىغان مېۋىسىمۇ ئېسىل، سايە، يوپۇرماقلىرىمۇ ئېسىل بولىدۇ، ئۇنىڭ مەزمۇت قامىتىمۇ، شۇنداقلا ئەتراپىدىكى تەبىئەتكە ۋە كائىناتقا گۈزەللىك ۋە پاكىزلىق بېغىشلايدىغان ھۆسۈن-جامالىمۇ شۇقەدەر قاملاشقان ۋە ئېسىل بولىدۇ. كەلىمە تايىيبەمۇ، تەۋھىد كەلىمىسىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇنى قولغا كەلتۈرگۈچىگە ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈرلۈك مەۋجۇداتقا پەقەت ئېسىل ياخشىلىقلارنى، دۇنيا-ئاخىرەتنىڭ بەخت-سائادىتىنى بېغىشلايدۇ. ھەتتا پۈتكۈل ھاياتقا ھەقىقى مەنا ۋە قىممەت بېغىشلايدىغىنى پەقەت تەۋھىد كەلىمىسىدۇر، دۇنيادا لا إله إلا الله بولمايدىكەن، ئۇنىڭدا ھېچبىر قىممەت ۋە شەرەپلىك غايە مەۋجۇد بولمايدۇ. ئۇنىڭسىز دۇنيا پەردىلەنگەن كۆزلەرگە باشقىچە تۇيۇلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە قاغجىراپ كەتكەن زۇلمەتلىك دەشت - باياۋاندىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**2- بۇ دەرەخ زېمىن تەكتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ۋە مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەن،** تارىخنىڭ بۇران - چاپقۇنلىرى ئۇنى تەۋرىتەلمەيدۇ، كۈنلەرمۇ، يىللارمۇ ئۇنى قېرىتالمايدۇ، ئەكسىچە زامان ئۆتكەنسېرى ئۇ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ، تېخىمۇ مۇستەھكەملىشىپ زېمىندا غايەت زور قەد كۆتۈرۈشكە باشلايدۇ. گوياكى تەۋھىد كەلىمىسىمۇ مۇئمىنلارنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ئورۇنلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. تەۋھىدنىڭ زامان - تارىخىغا كەلسەك، ئۇ كائىنات ئاپىرىدە قىلىنىشتىنمۇ ئىلگىرى مەۋجۇد ئىدى، تارىخنىڭ مابەينىدە زېمىن يۈزىدە اللهنىڭ پەيغەمبەرلىرى

ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى بولغان مۇجاھىد بەندىلەر تەۋھىد دەرىخىنى ئۆزىنىڭ ساپ تەرى بىلەن، قىپقىزىل قېنى بىلەن، مۇقەددەس جىھادى ۋە ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلىرىنى قۇربان قىلىش بىلەن ئۇغۇتلاپ كەلدى. شۇ سەۋەب، الله نىڭ ئىزنى بىلەن تەۋھىد كەلىمىسى ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي زېمىندا مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ كەلدى ۋە قىيامەتكىچە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ۋە بۈيۈكلۈكىنى يوقاتمايدۇ.

**3- دەرەخ يىلتىزىنىڭ قانچە مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر بولۇشى ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ شۇنچە مول ۋە ئاسمان- پەلەك قامىتىنىڭ شۇنچە كاتتىلىقىغا سەۋەب بولىدۇ.** بۇ ئېسىل دەرەخنىڭ يىلتىزلىرى زېمىن قاتلاملىرىغا چوڭقۇرلاپ سوزۇلغانسېرى يېتەرلىك سۇ ۋە ئوزۇقلۇق- قۇۋۋەت سۈمۈرۈشكە تېخىمۇ كەڭرى ئىمكانىيەتكە ئىگە بولىدۇ- دە، ئۇنىڭ مېۋىلىرى تېخىمۇ شىرىن، شاخ- يوپۇرماقلىرى تېخىمۇ بۈك- باراقسان، ھۆسۈن- جامالى تېخىمۇ جەلىبكار، قەددى- قامىتى تېخىمۇ بۈيۈكلىشىپ كېتىدۇ. دېمەك، دەرەخنىڭ كۆزگە چېلىقىدىغان باراقسان شاخلىرى، شىرىن ۋە مول مېۋىلىرى ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ يىلتىزى قوبۇل قىلىدىغان ئوزۇقلۇق ۋە سۇنىڭ ھەمدە تۇپراقنىڭ ئېسىللىكى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

تەۋھىد شاھادىتىمۇ بەئەينى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ئاساسى مۇئمىن قەلبىدە قانچە چوڭقۇر قارار ئالسا، تارماق-پۇتاقلىرى ۋە مېۋىلىرى ئۇنىڭ ھەممە ئەزالىرىدا كۆزگە چېلىقىشقا باشلايدۇ. بۇ بولسا مۇئمىن ۋۇجۇدىنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا الله قا بويسۇنۇپ ۋە تائەت-ئىبادەتكە يۈزلىنىپ، غۇبارسىز پاك شەرىئەتنىڭ تەلىملىرىنى مۇكەممەل ئەمەلىيەتكە چىقىرىشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

تەۋھىد شاھادىتى مۆئمىن قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا مۇكەممەل سىڭىپ يەتكەن چاغدا، ئۇنىڭ مېۋە-بېغىشى سۈپىتىدە بەدەن- ئەزالاردىكى ئىمانىي خىسلەتلەر ۋايىغا يېتىشكە باشلايدۇ. بۇ ئىمانىي خىسلەتلەرنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە كامالەتكە يېتىشى ئۈچۈن، قەلبنى ساپ ۋە مول دىنىي ئىلىم بىلەن ئۇزۇقلاندۇرۇش خۇسۇسەن، ئىمانىي ئۇزۇق مەنبەسى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرىنى چوڭقۇر تەپەككۇر ۋە تەدەببۇر قىلىش، قەلبنى ئىسلامىي تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە پىكىر قىلىشقا ئادەتلەندۇرۇش لازىم.

ئەكسىچە، بىر بەندىنىڭ قەلبىدە تەۋھىد ئاجىزلاپ، گۇناھ- مەئسىيەتلەر تۈپەيلى، ياكى ئىمانىي ئۇزۇقنىڭ يېتەرسىزلىكى سەۋەبىدىن، تەۋھىد ئۇنىڭ قەلبىنىڭ بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىغىچە تولۇق يېتىپ بارالمىسا، بۇ تەۋھىدنىڭ بەدەن ئەزالاردىكى جۇلاسى شۇنچە زەئىپ ۋە خۇنۇك بولىدۇ. ھەتتا، قەلبتىكى تەۋھىدنىڭ ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن، ھەدىستە بايان قىلىنغىنىدەك، ئۇ بەندە ياخشىلىقتىن پەقەت زەررە ئېغىرلىقى ياكى قىچىنىڭ ئۇرۇقچىلىك مىقدارىدىكىدىن زىيادە ئىش قىلالماس بولۇپ كېتىدۇ.

دېمەك، بەدەن- ئەزالاردىكى ياخشىلىق ۋە تائەت- ئىبادەتلەرنىڭ كەم- زىيادە بولۇشى، ئۇنىڭ ناقىس ياكى كامىللىقى قەلبتىكى تەۋھىدنىڭ كۈچلۈك يا ئاجىزلىقىغا بېقىپ بولىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆلىمالار ئىماننى بەندىنىڭ ئەمىلىگە بېقىپ زىيادە بولىدۇ ياكى كېمىيدۇ، كۈچلىنىدۇ ياكى زەئىپلىشىدۇ، دەپ تەرىپلىگەن.

**4- دەرەخنىڭ ئاسمان پەلەك شاخلىرىنىڭ ساغلام ۋە دەخلىسىز بولۇشى ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ مۇستەھكەم ۋە چوڭقۇر بولۇشىغا سەۋەب**

**بولىدۇ.** دەرەخنىڭ زېمىن تەكتىدىكى يىلتىزى زېمىن ئۈستىدىكى مېۋە، شاخ-پۇتاقلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەندەك، ئۇنىڭ غول- پۇتاقلىرى ئۇچرىغان ھادىسە ياكى دەرەخ سىرتقى قىسمىدىن شاخ- يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق قوبۇل قىلىدىغان قۇياش نۇرى، ھاۋا، نەملىك قاتارلىق ئوزۇقلۇقنىڭ سۈپەت ۋە مىقدارى زېمىن ئاستىدىكى يىلتىزىغا سەلبىي ياكى ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ. مۇبادا شاخ-يوپۇرماقلار قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم بولسا ياكى ئۇنىڭدىن سۇ بىلەن ھاۋا توسۇپ قېلىنسا، بۇ دەرھال يىلتىزغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىپ، يىلتىزنىڭ ئاجىزلاپ بوشىشىپ كېتىشىنى، ھەتتا ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، مۇبادا بۇ دەرەخ بۇلغانغان سۇلار بىلەن، يۇندى- گەندىلەر بىلەن سۇغۇرۇلسا ئۇنىڭ مېۋىسىنىڭ تەمى بۇزۇلۇپ تېتىقسىز بولۇپ كېتىدۇ. ئەكسىچە پاكىز سۇ بىلەن سۇغۇرۇلغان، ئېسىل ئوغۇت بىلەن ئوزۇقلانغان، سۇ ۋە ئوكسىگېنغا يېتەرلىك ئېرىشەلىگەن دەرەخنىڭ مېۋىسى راسا ئوخشاپ تەمى ئەڭ ئېسىل ۋە بەلەن بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەرەخ يىلتىزى تېخىمۇ ساغلاملىشىپ، كۈچكە تولۇپ مۇستەھكەملىشىپ كېتىدۇ.

شۇنىڭدەك، قەلبىتىكى ئىمان ۋە تەۋھىدمۇ بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا بېقىپ سىرتقى ئەزالارغا ۋە ئۇنىڭ ئەمەللىرىگە تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ بەدەن- ئەزالار شوغۇللىنىۋاتقان تائەت-ئىبادەت ياكى گۇناھ- مەئسىيەتنىڭ، شۇنداقلا، كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالار ئارقىلىق قوبۇل قىلىنغان مەلۇماتلار ۋە روھىي ئوزۇقلارنىڭ ياخشى يامان تەسىرىگە چوقۇم ئۇچرايدۇ. سىز ئەزالىرىڭىزدىكى تائەت- ئىبادەت ۋە سالىھ ئەمەللەرنى قانچىكى جايىدا ئورۇندىسىڭىز، بۇنىڭدىن قەلبىڭىزدىكى ئىمانىڭىز

شۇنچە ئۇزۇق ئالىدۇ ۋە قۇۋۋەت تاپىدۇ. الله تەئالا ھىدايەت قوبۇل قىلىشىڭىز ئۈچۈن ئاتا قىلغان كۆز، قۇلاق ۋە تىل قاتارلىق ئەزالىرىڭىزنى قانچىكى ساپ ۋە مول دىنىي مەلۇماتلار بىلەن ئۇچراشتۇرسىڭىز، ئۇنىڭ قەلبىڭىزدىكى ئىمان ۋە تەۋھىدكە شۇنچە ئىجابىي تەسىرى بولىدۇ. ئەكسىنچە، سىرتقى ئەزالىرىڭىز گۇناھ- مەئسىيەتكە مۇپتىلا بولسا، كۆز- قۇلاقلىرىڭىز ئارقىلىق دىنىي ۋە ئېتىقادىي بىلىملەرنى ئىشەنچلىك مەنبەدىن — قۇرئان-سۈننەتتىن ۋە دۇنيانىڭ مەنسەپ- شۆھرەتلىرىدىن ئۆزىنى پاك تۇتقان، تاغۇتلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن الله نىڭ ئىزنى بىلەن تامامەن ئازاد بولالىغان، ھەتتا ھاياتىنى تەۋھىد يولىدا قۇربان قىلغان قەدىمقى ۋە ھازىرقى پىداكار ئۆلىمالاردىن، تەۋھىد ئۇستازلىرىدىن قوبۇل قىلماي، بەلكى، بۇزۇق مەنبەدىن — بىدئەتچى، خىيانەتكار موللىلاردىن، بىر كۆزىدە الله نىڭ رىزاسىنى يەنە بىر كۆزىدە تاغۇتلارنىڭ رازىلىقىنى مارىلاپ، دۇنيالىق مەنپەئەتلەر ئۈچۈن دىنىنى، ئىمانىنى شۇنداقلا تەۋھىدىنى ئاللىبۇرۇن قۇربان قىلىپ بولغان ئازغۇن مۇنافىقلاردىن قوبۇل قىلسىڭىز، بۇنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى بىر پۈتۈن ئىمانغا ۋە قەلبىڭىزدىكى تەۋھىدكە كۆرسىتىدىغان زىيىنىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا شۇ زەھەر سەۋەبلىك ئىمان دەرىخىڭىز قۇرۇپ، الله نىڭ ئالدىغا قارىيۈز بېرىپ، زىيانكارلاردىن بولۇپ كېتىشىڭىزمۇ مۇمكىن. الله تەئالا دۇنيا- ئاخىرەتنىڭ شەرمەندىچىلىكىدىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن.

دېمەك، قەلبتىكى تەۋھىد بىر تەرەپتىن سىرتقى ئەزالارنىڭ تائەت- ئەمەللىرىگە تەسىر كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن سىرتقى ئامىلنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ، قۇرئان ۋە سۈننەت ئاساسىدا بېكىتىلگەن ـ بەندىنىڭ ئىچى ۋە

سرتنىڭ ئۆزئارا مۇناسۋىتى بىر- بىرىگە ئوڭ تاناسىپ هالدا سەلبىي ۋە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر شەرئىي قائىدىنى دەلىللەپ بېرىدۇ.
بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن:

"أَلَا وَإِنَّ فِي الْجَسَدِ مُضْغَةً إِذَا صَلُحَتْ صَلُحَ الْجَسَدُ كُلُّهُ وَإِذَا فَسُدَتْ فَسُدَ الْجَسَدُ كُلُّهُ، أَلَا وَهِيَ الْقَلْبُ " متفق عليه.

**«سەمىڭلاردا بولسۇنكى، ئىنسان بەدىنىدە بىر چىشلەم گۆش بار، ئۇ تۈزەلسە پۈتكۈل بەدەن تۈزۈلىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا پۈتكۈل بەدەن بۇزۇلىدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇ دەل قەلبتۇر.»** [بۇخارىي]

ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن:

" إِنَّ الْعَبْدَ إِذَا أَخْطَأَ خَطِيئَةً وفي رواية: إِذَا أَذْنَبَ ذَنْبًا، نُكِتَتْ فِي قَلْبِهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ، فَإِذَا هُوَ نَزَعَ وَاسْتَغْفَرَ وَتَابَ سُقِلَ قَلْبُهُ، وَإِنْ عَادَ زِيدَ فِيهَا حَتَّى تَعْلُوَ قَلْبَهُ وَهُوَ الرَّانُ الَّذِي ذَكَرَ اللَّهُ: ﴿كَلَّا بَلْ رَانَ عَلَى قُلُوبِهِمْ مَا كَانُوا يَكْسِبُونَ﴾ ". رواه الترمذي وابن ماجه

**«ئەگەر بەندە خاتالىق ئۆتكۈزسە،** يەنە بىر رىۋايەتتە: **بىر گۇناھ ئىش قىلسا، ئۇنىڭ قەلبىدە قاپقارا بىر چېكىت پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھتىن دەرھال يېنىپ، مەغپىرەت تىلەپ تەۋبە قىلسا، ئۇنىڭ قەلبى ئەسلىدىكى نۇرانە ھالەتكە كېلىدۇ. ئەمما قايتا گۇناھ قىلۋەرسە، ھېلىقى قارا چېكىت ئاۋۇپ كېتىۋېرىدۇ-دە، ھەتتا ئۇنىڭ پۈتۈن قەلبىنى زۇلمەت بېسىپ كېتىدۇ. بۇ الله تەئالا زىكىر قىلغان دىللارنىڭ قارىيىپ كېتىشىدۇر. ﴿ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ گۇناھلىرى تۇپەيلىدىن دىللىرى قارىيىپ كەتكەن.﴾ »**

" تُعْرَضُ الْفِتَنُ عَلَى الْقُلُوبِ كَالْحَصِيرِ عُودًا عُودًا، فَأَيُّ قَلْبٍ أُشْرِبَهَا نُكِتَ

فِيهِ نُكْتَةٌ سَوْدَاءُ، وَأَيُّ قَلْبٍ أَنْكَرَهَا نُكِتَ فِيهِ نُكْتَةٌ بَيْضَاءُ... " رواه مسلم

**«پتنىلەر قەلبلەرگە قاتار- قاتار بورا ياغاچلىردەك توغرىلىنىشقا باشلايدۇ. قايسى بىر قەلبكە ئۇ سىڭىپ كىرسە، شۇ قەلبتە قاپقارا بىر چېكىت پەيدا بولىدۇ، قايسى قەلب ئۇنى ئىنكار قىلسا، ئۇنىڭدا بىر ئاپئاق چېكىت پەيدا بولىدۇ...»**

ئالدىدىكى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئىنسان قەلبىنىڭ باشقا ئەزالارغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولسا، كېيىنكى ھەدىستە سىرتقى ئەزالارنىڭ قەلبكە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئىشارەت قىلىنغان.

بۇ، جەھمىي ۋە مۇرجىئەلەر تەسەۋۋۇر قىلغان تاشقىرى ئەزالاردىكى ئەمەللەرنىڭ بىر يۈنىلىشتە، قەلبتىكى ئېتىقادنىڭ يەنە بىر يۈنىلىشتە بولالايدىغانلىقى، بەدەن- ئەزالاردا ئاپئاشكارا كۇفرى بولسىمۇ، قەلبتە ئىماننىڭ قارار تاپالايدىغانلىقى، بىرلا ۋاقىتتا سىرتى كافىر، ئىچى مۇسۇلمان بولغىلى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۇلارنىڭ جۆيلۈمىسىنىڭ، بۇزۇق ئەقىدىسىنىڭ ئاساسسىز ۋە باتىل ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭچە، «كافىرلىق پەقەت بىرلا ئورۇندا يەنى قەلبتىلا بولىدىغان نەرسە، ئىمان ۋە تەۋھىد ئاساسلىرىنى ياكى دىندىكى بىلمىسە بولمايدىغان زۆرۈر ھۆكۈملەرنى كىم قەلبىدە ئىنكار قىلسا ۋە يالغانغا چىقارسا ياكى شۇنى تىلىدا ئوچۇق ئاشكارا سۆزلىگەن بولسا ئاندىن كافىر بولىدۇ. بەدەندىكى ئەمەللەرنىڭ ئىمان ۋە تەۋھىد بىلەن مۇناسىۋىتى بولمايدۇ». بۇ ئىنتايىن بىمەنە ۋە رەزىل سۆز بولۇپ، ئۇ روشەن نەقلىي دەلىل ۋە كۈچلۈك ئەقلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزىگە رەد قىلىنىدۇ. ئۆلىمالارنىڭ بۇ ئازغۇن مەزھەبكە ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا قاراتقان

ئىنتايىن ئېغىر سۆزلىرى ۋە كەسكىن رەددىيەلىرى بار. ئۇ توغرىسىدا بىز باشقا كىتابلىرىمىزدا تەپسىلى توختۇلۇپ ئۆتكەن. (ئىلگىرى بۇ كىتابىمىزدا ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ ئۆتكەندۇق.)

**5- دائىملىق مېۋىسى:** تەۋھىدكە تەمسىل قىلىنغان بۇ مۇبارەك ئېسىل دەرەخنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، باشقا دەرەخلەر مۇلۇم بىر پەسىلدە مېۋە بېرىپ، قالغان ۋاقىتتا مېۋىسى توختاپ قالغان بىلەن، بۇ دەرەخ ھەر ۋاقىت، ھەر زامان ئۈزلۈكسىز مېۋە بېرىپ تۇرىدۇ. ھەر پەسىلنىڭ ھەممە كۈندە، ھەممە كۈننىڭ ھەر سائىتىدە ئۇنىڭ مېۋىسى توختاپ قالمايدۇ. ﴿**پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخ...**﴾

شۇنىڭدەك، تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا اللهمۇ ئۇنى قولغا كەلتۈرگەن بەندىگە ھەرۋاقىت ياخشىلىق ۋە ئەجىر-ساۋاب بەخش ئېتىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئۇ مەلۇم بىر زامان ياكى مەلۇم بىر ماكانغا خاس قىلىنغان ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىق ئەمەل - ئىبادەتلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

لا إله إلا الله بەندە بىلەن سەپەردىمۇ، ھەزەردىمۇ بىللە بولىدۇ. تىنچلىقتىمۇ ۋە جەڭ مەيدانلىرىدىمۇ، دوستلۇق ۋە ئادا-جۇدالىقتىمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. يالغۇز قالغاندىمۇ، باشقىلار ئارىسىدا تۇرغاندىمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلمايدۇ. مەيلى ئۇ ئىش ئورنىدا ياكى ئۆيىدە بولسۇن، مەسجىدتە ياكى بازاردا بولسۇن ۋەياكى باشقا ھەر قانداق جايدا بولسۇن، لا إله إلا الله ئۇنىڭدىن ئاجرىماي ئۇنىڭغا يول كۆرسىتىپ، ئۇنى ھەق سۆز ۋە توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھەتتا سۈكۈناتلىرىمۇ تەۋھىد گۇۋاھلىقى لا إله إلا الله نىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىزگۇ-گۈزەللىك _ لا إله إلا الله نىڭ ئۆلچىمىدە

گۈزەل بولغىنى، رەزىللىك ۋە قاباھەت ـ لا إله إلا الله نىڭ مىزانىدا قەبىھ بولغىنى، دوست ـ دۈشمەن ـ لا إله إلا الله نىڭ دوستى ياكى دۈشمىنى.

مۇشۇنداق بۇلالىغاندا ئاندىن تەۋھىد كەلىمىسى لا إله إلا الله، مەلۇم ۋاقىتتا مېۋە بېرىپ، قالدى چاغدا بىكار تۇرىدىغان ئەمەس، بەلكى مېھرىبان ئىگىمىز سۈپەتلىگىنىدەك **﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ھەر ۋاقىت مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان...﴾** ھالەت شەكىللىنىدۇ.

**6- ﴿پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى﴾:** بۇ دەرەخ يۇقىرىقى مېۋىلىرىنى پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن بەرگىنىگە ئوخشاش ئىمان ۋە تەۋھىدمۇ بەندىگە پەقەت الله نىڭ خاھىشى ۋە ئىرادىسى بىلەن بېرىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئىمان ۋە تەۋھىد نېمىتىنىڭ بەندىنىڭ سەۋەپ قىلىشى ۋە تىرىشچانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى الله نىڭ پەزلى ۋە مەرھەمىتى بىلەن ئاتا قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭدىن ئىمان ۋە تەۋھىد نېمىتىنى باشقا ھەرقانداق نېمەت بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان كاتتا نېمەتلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ھەر ۋاقىت بۇ مۇبارەك ئايەتنى تىلاۋەت قىلغىنىمىزدا ئەشۇ مەنا ـ مەزمۇنلارنى چۈشىنىپ تەپەككۇر قىلىشىمىز لازىم. تەۋھىد گۇۋاھلىقىنىڭ بۇ مىسالىنى بۇنداق شەرھلەپ ئۆتىشىمىزدىن مەقسەد رەببىمىز تەئالانىڭ مۇنۇ سۆزىدىكى مەقسەد شۇ: **﴿الله كىشىلەرنى ۋەز ـ نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ.﴾**

## خاتىمە

ئەھمىيەتلىك بۇ مۇھاكىمىمىزنى تاماملاشنىڭ ئالدىدا ئوقۇرمەن بۇرادىرىمىز بىلەن ئۇستاز شەھىد (ئۇنى شۇنداق ھېسابلايمىز، ھېچكىمنى الله ئالدىدا پاك

دېمەيمىز) سەييىد قۇتۇب رەھىمەھۇللاھ نىڭ ئىسسىق قان-تەرى بىلەن پۈتۈلگەن، ئۇنى تاغۇتلارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ ئەكەلگەن لا إله إلا الله ھەقىقىتىدىكى مۇنۇ سۆزلىرى ئارقىلىق خوشلاشماقچىمىز. بىز ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى «قۇرئان سايىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈپ ئالدۇق. ئۈمىدكى، الله تەئالا بۇ ئارقىلىق توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن، ئەمما ئۆزىنى ھەق ئۈستىدە دەپ ئويلايدىغان ياكى ياخشى ئىش قىلىۋاتىمىز، دەپ چاغلايدىغان كىشىلەرنى ھەقىقەتكە ھىدايەت قىلسا ئەجەب ئەمەس. الله تەئالا خالىغىنىغا قادىر زاتتۇر.

سەييىد قۇتۇب مۇنداق دەيدۇ: «ئىككى گۇۋاھلىقنى ــ لا إله إلا الله گۇۋاھلىقى بىلەن مُحمَّدٌ رَسُولُ الله گۇۋاھلىقنى سۆزلەپ قويغانلارنىڭ ھەممىسىنى، تاكى ئۇلار بۇ گۇۋاھلىقنىڭ مەزمۇنى ۋە تەلەپ- تەقەززاسىنى ئادا قىلمىغۇچە، ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەردى، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى بولسا بۇ شاھادەتنى ئېيتقۇچى بەندىنىڭ الله تىن ئۆزگىنى ئىلاھ قىلىۋالماسلىقى، شۇنداقلا، شەرىئەت (قانۇن- تۈزۈم) نى الله تىن باشقىدىن قوبۇل قىلماسلىقىدۇر.

يالغۇز تىلدا سۆزلەنگەن ئىككى گۇۋاھلىق، مۇبادا ئۇنىڭغا لا إله إلا الله نىڭ مەزمۇنى ۋە ھەقىقىتى قېتىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىسا، ئۇ ھېچقاچان ئىسلام بولۇپ قالمايدۇ. لا إله إلا الله نىڭ مەزمۇنى ۋە ھەقىقىتى بولسا ئىلاھنى بىر قىلىش، باشقۇرغۇچىنى بىر قىلىش، ئاندىن ئىبادەت ۋە يۆنىلىشنى بىر ئىلاھقا مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. الله بەندىلەردىن ئىرادە قىلىۋاتقان ئىسلام مانا مۇشۇ. ئىنسانىيەت ئەۋلادلىرىدىن ئەڭ چۈشكۈنلەشكەن بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىكى ياكى ئىسلامغا ھەردائىم يامانلىقنى نىشانلاپ يۈرىدىغان

اﷲ نىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىلا يەردە ئۇچراتقىلى بولىدىغان كۆماشتىلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكى ئىسلامنىڭ اﷲ ئالدىدا ھېچقانداق ئېتىبارى يوق. **﴿كىمكى ئىسلام (دىنى)دىن غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر.﴾**

بۇ ئەقىدە ۋە مەنھەجدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈش ئەمەس، ئەقەللىسى ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ئۆزگەرتىشنى كىرگۈزۈش دىندىكى بۇ زۆرۈر بىلىنمىنى (مەلۇماتنى) ئىنكار قىلغانلىق بولۇپ، ئۇنداق ئادەم تىلىدا مىڭلاپ- ئونمىڭلاپ مەن مۇسۇلمان ئىدىم، دېگەن بىلەنمۇ، بۇ قىلمىشى ئۇنى دىندىن چىقىرىپ تاشلايدۇ.

ئىسلام ــ پۈتكۈل ھاياتنىڭ مۇكەممەل تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت. بۇ تۈزۈلمىگە ئەگەشكەن ئادەم مۇئمىن ۋە اﷲ نىڭ دىنىدا بولىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا تۈزۈلمىگە ئەگەشكەن ھەتتا كەسكىن بەلگىلەنگەن بىر تال شەرئىي ھۆكۈمدە بولسىمۇ[1] اﷲ تىن غەيرىنىڭ تۈزۈلمىسىنى قوبۇل قىلغان ئادەم بىر پۈتۈن ئىماننى رەد قىلىپ، اﷲ نىڭ ئىلاھلىقىغا تاجاۋۇز قىلغان بولىدۇ. ھەر قانچە ئۆزىنى ئەقىدىنى سۆيىدىغان ۋە ئىھتىرام قىلىدىغان مۇسۇلمان دەپ جار

[1] بەزى بىچارىلەر ئۆزىنى چاغلىماي: سەييىد قۇتۇب رەھمەھۇللاھ مۇشۇ گەپلىرىدە سەل ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتىمۇ-نېمە؟ دېيىشى مۇمكىن. بۇ خىل خۇدۇكسىرەش كۆپىنچە ئەقىدىنىڭ تەبىئىتىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن، تەۋھىد ۋە ئىمان مەسىلىسىگە ئۇششاق فىقھىي مەسىلىلەرگە مۇئامىلە قىلغاندەك مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ قىلچە ئۆزگەرتىش ۋە ئىختىلاپ قوبۇل قىلمايدىغان خۇسۇسىيىتىنى نەزەرگە ئالمىغانلىقتىن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە اﷲ نىڭ ھۆكۈملىرىدىن ھەرقانداق بىرىنى رەد قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش مۇسۇلماننى ئىماندىن چىقىرىپ تاشلايدۇ. قۇرئان ئايىتى بىلەن چەكلەنگەن نامەھرەمگە تىكىلىپ قاراش گۇناھىنى مىسال ئېلىپ ئېيتساق، ئۇنى قىلىپ سالسا گۇناھكار بولىدۇ. لېكىن، ھۆكۈمنى ئۇقۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاراملىقىنى ئىنكار قىلسىچۇ؟ ئىبنى قەييىم رەھمەھۇللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: كىمكى نامەھرەمگە قاراشقا ئوخشاش بىر ھارامنى ھالال سانىسا، ئۇنىڭ كافىر بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئۆلىمالار ئىجما قىلغان، يەنى بۇنىڭدا ئۇلار ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. ــ ت.

سالسمۇ، ئۇ ئالللقاچان اللهنىڭ دىنىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ الله نىڭ قانۇن- شەرىئىتىدىن باشقا بىر قانۇن- تۈزۈلمىگە ئەگەشكىنى ئۇنىڭ بۇ خىيالى ۋە دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ ۋە الله نىڭ دىنىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىدۇ.

﴿**ئەگەر ئۇلارغا ئىتائەت قىلساڭلار، سىلەر چوقۇم مۇشرىك بولۇپ قالىسىلەر.**﴾ كىم بىر ئىنسانغا ئۇنىڭ تۈزىۋالغان قانۇنىدا ئىتائەت قىلسا، مەيلى ئۇ قانۇننىڭ كىچىك بىر بۆلىكىدە بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مۇشرىكلا بولىدۇ، خالاس. ئەسلىدە مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق شۇنداق قىلغان بولسىمۇ ياكى شۇنىڭدىن كېيىن «الله تىن باشقىسى ھەق ئىلاھ ئەمەس ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېيىشتىن توختاپ قالمىغان تەقدىردىمۇ، الله تىن غەيرىدىن يولىيۇرۇق قوبۇل قىلىپ، الله تىن غەيرىگە ئىتائەت قىلىپ بويسۇنغان ئىكەن، ئۇ يەنىلا شۇ قىلمىشى بىلەن ھامان ئىسلام چېگرىسىدىن شىرىككە چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام ھەرىكەتلىرى ئەمەلىي دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق قايسىدۇر بىر زامانلاردا ئىسلام يۇرتى بولۇپ اللهنىڭ دىنى ھۆكۈمران بولغان، شەرىئىتى يۈرگۈزۈلگەن زېمىنلاردىكى ئەينى چاغدىكى مۇسۇلمانلار نەسلىدىن بولغان بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەۋجۇد بولغانلىقىدۇر. ھالبۇكى، بۇ كىشىلەر ھەقىقەتتە ئىسلامدىن ۋاز كېچىپ پەقەت ئۇنىڭ نامىنى داۋراڭ قىلىۋاتقان، ھەتتا گۇماندا ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمىغان، دەپ قارىغان بىلەن ئېتىقاد ۋە رېئاللىقتا ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ كەتكەن كىشىلەردۇر.

ئىسلام ـــ لا إله إلا اللهنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇشتۇر. لا إله إلا الله

گۇۋاھلىقى ــ يېگانە اﷲ ــ بۇ كائىناتنى ئاپىرىدە قىلغۇچى ۋە ئۇنى باشقۇرغۇچى بىردىنبىر زات؛ يېگانە اﷲ ــ بەندىلەر بارلىق ئەمەل ــ ئىبادەتلىرى شۇنداقلا پۈتكۈل ھايات پائالىيەتلىرىدە ئۇنىڭغا يۈزلىنىدىغان بىردىنبىر زات؛ يېگانە اﷲ بەندىلەر قانۇن ــ شەرىئەتنى پەقەت ئۇنىڭدىنلا قوبۇل قىلىپ، ھاياتىنىكى ھەممە ئىشلىرىدا ئۇنىڭ ھۆكۈمىگە بويسۇنمىسا بولمايدىغان بىردىنبىر ئۇلۇغ زات، دېگەن ئەقىدىنىڭ بەندىنىڭ ئېتىقادىدا بەرپا بولىشىدۇر. ھەر قانداق بىر شەخس لا إله إلا اﷲ قا مۇشۇ مەزمۇن بويىچە گۇۋاھلىق بەرمىسە، ئۇنىڭ ئىسمى، فامىلىسى نېمە بولسۇن، نەسىبى قانداق بولۇپ كەتسۇن، ئۇ ئەمەلىيەتتە شاھادەت ئېيتمىغان ۋە ئىسلامغا كىرمىگەن بولىدۇ[1]. قايسى ماكاندا لا إله إلا اﷲ گۇۋاھلىقى مۇشۇ مەزمۇنى بىلەن قەد كۆتۈرمىسە، ئۇ تېخى اﷲ نىڭ دىنى بەرپا بولمىغان ۋە ئىسلامغا كىرمىگەن ماكاندۇر.

بۈگۈن زېمىندا ئىنسانلار ئىچىدە ئىسمىلىرى پۈتۈنلەي مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسمىلىرى بولغان، ئۆزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋلادى بولغان قەۋملەر بار؛ بىر زامانلاردا ئىسلامغا ۋەتەن بولغان نۇرغۇن يۇرتلار بار. لېكىن ئۇ قەۋملەر بۈگۈن لا إله إلا اﷲقا بۇ مەزمۇن ۋە شۇ ئېتىقاد بىلەن گۇۋاھلىق بەرمەيۋاتىدۇ، ئۇ يۇرتلارمۇ بۈگۈن اﷲ نىڭ دىنىنى شۇ ئېتىقادنىڭ تەلىپى بويىچە بەرپا قىلمايۋاتىدۇ.

قۇرئان كەرىمگە نەزەر سالغىنىمىزدا شۇنى ھېس قىلىمىزكى، اﷲ تەئالا قۇرئاندا مۇسۇلمانلارغا پەقەت ئەمەل ــ ئىبادەت ۋە دىني پائالىيەتلەرنى تەلىم

[1] بەلكىم ئۇستازنىڭ مەقستى ئۇ ئىسلامغا كىرىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا مەنپەئىتى بولىدىغان، اﷲ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى تەلەپ قىلغاندەك رەۋىشتە كىرگەن بولمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت بولسا كېرەك. تەۋھىدگۇۋاھلىقىنى ئېيتىش بىلەن ئۇ ئىسلامغا كىرىدۇ، ئەمما لا إله إلا اﷲ نىڭ شۇ مەزمۇنى ۋە تەلىپى ئۇنىڭدا تېپىلمىسا، مۇسۇلمانلىق سۈپەت ۋە ھۆكۈم ئۇ كىشىدە داۋاملاشمايدۇ. اﷲ ئەڭ ياخشى بىلگۈچى.

بىرىپ ياكى ئەدەپ-ئەخلاق، قائىدە-يوسۇنلارنىلا ئۆگىتىپ قويۇپ بولدى قىلغان ئەمەس. ھالبۇكى ئىنسانلار ئىسلامنى مۇشۇنداق بىچارىلەرچە تەسەۋۋۇر قىلىشىدۇ. ئەكسىچە الله تەئالا قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئومۇمىيۇزلۇك نەزەرگە ئېلىپ تۇرۇپ، ئىنسانلار ھاياتىدا ئۇچرايدىغان بارلىق رېئال ئەمەلىيەتلەرگە بىرمۇ-بىر ئىلاھى تۈزۈم ئورنىتىپ بېرىدۇ-دە، ھەربىر مۇسۇلمان شەخس ياكى مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ ھاياتىدىكى بارلىق پائالىيەتلەر ئاشۇ تۈزۈمنىڭ يولىيۇرۇقى ۋە قوماندانلىقى ئاستىدا مەيدانغا كەلگەن بولىشى لازىملىقىنى، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئىلاھىي تۈزۈمنىڭ مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىجادىيىتى بولىشى كېرەكلىكىنى ھەمدە الله تەئالانىڭ بۇنىڭدىن باشقىغا رازى بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەننى قوبۇل قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئېنىقنى ئېيتقاندا، مۇسۇلمان شەخس ياكى مۇسۇلمان جەمئىيەتنىڭ ئۆز ھاياتىدا بىر قانچە تۈزۈلمىنى دەستۇر قىلىشى - شەخسىي تۇرمۇش، دىنىي پائالىيەت، ئەمەل-ئىبادەت، ئەدەپ- ئەخلاقلارغا الله نىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان تۈزۈلمىنى يېتەكچى قىلىپ، باشقا ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەردە، ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە، سىياسىي ئىشلار ۋە خەلقئارالىق مەسىلىلەردە باشقا بىر كىمنىڭ كىتابىدىن ياكى ھەر قانداق بىر ئىنساننىڭ پىكىر- تەسەۋۋۇرىدىن ئېلىنغان تۈزۈلمىنى ھۆكۈمران قىلىشى الله نىڭ ھۇزۇرىدا مەقبۇل بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق بولىدىكەن، ئۇ ھەرگىز ئىمان، ئىسلام ئەمەس، ئۇنىڭ ئىمان-ئىسلام بىلەن ئەسلا مۇناسىۋىتى يوق. چۈنكى شۇنداق قىلىۋاتقانلار تېخى ئىسلامغا كىرىپ بولالمىغانلاردۇر، تېخىچە ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىنى جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەڭ ئاۋالقى رۇكنى بولغان، الله تىن باشقىسى ھۆكۈمران ئەمەس ۋە الله تىن ئۆزگە ھېچكىمدە قانۇن-تۈزۈم

بەلگىلەيدىغان سالاھىيەت يوق، دېگەن ئەقىدىنى تەقەززا قىلىدىغان لا إله إلا الله گۇۋاھلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلاردۇر.

بىز ھەر زاماندا، الله قا ئىمانىمىز بار، دەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئەپسۇسكى، ئۇلار الله تەئالانىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىدە باشقا بىراۋنى ئۇنىڭغا شېرىك قىلىۋېلىشقان. بۇ شېرىك ئۇلارنىڭ الله تىن باشقا بىر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا تۈزۈۋالغان قانۇن-شەرىئىتىنى ئۆزلىرىگە ھۆكۈمران قىلىشى، الله نىڭ ئەلچىسى ۋە كىتابىغا ئەگەشمەيدىغان ئىنسانلارغا ئىتائەت قىلىشى؛ الله تىن غەيرىدىن تۈرلۈك تەسەۋۋۇر، قىممەت قاراشلارنى ۋە ھەرخىل ئۆلچەملەرنى، ئەدەپ ـ قائىدە، ئەخلاق مىزانلىرىنى قوبۇل قىلىشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ شەكىلسىز ھالدا ئۇلارنىڭ الله قا ئىمانىمىز بار، دېگەن سۆزىنى ۋە ئۇلۇغ الله ھەققىدە بەرگەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دېگەن گۇۋاھلىقىنى تۈپتىن يالغانغا چىقىرىپ ئىناۋەتسىز قىلىپ تاشلايدۇ.

ئەڭ ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بەزى ئىنسانلار ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىدۇ، ئاندىن ئىنسانىيەتنىڭ ھايات تۈزۈلمىسىدە، الله تەئالا بۇلار شەكسىز قارىغۇلار دەپ سۈپەتلىگەن پالان - پۇستانىنىڭ قانۇن- سىياسەتلىرىنى قوللىنىدۇ، ئاندىن كېيىن، يەنە ئۆزىنى مۇسۇلمان چاغلاپ ياشاۋېرىدۇ.

الله نىڭ بەندىلىرىدىن ھېچبىر كىمنىڭ، مەن الله بەلگىلىگەن تۈزۈمنى (شەرىئەتنى) چۆرۈۋېتىمەن، دەيدىغان ياكى مەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى الله تىنمۇ ياخشىراق ئالدىن كۆرەلەيمەن، دەيدىغان ھەققى يوق. مەيلى تىلى ياكى ئەمەلىيىتى بىلەن كىم شۇنداق دېسە، ئۇ شۇ زامان ئىمانىنىڭ چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئىمان بىلەن اللە نىڭ شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلماسلىق ياكى بۇ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈمگە رازى بولماسلىق بىر ئورۇندا جەم بولمايدۇ. ئۆزىنى ياكى باشقىلارنى مۇئمىن دەپ دەۋا قىلىپ، ئاندىن ئۇلار ھاياتىدا اللە نىڭ قانۇن-شەرىئىتىنى ھۆكۈمران قىلمىسا ياكى ئۇلارغا شەرىئەت ھۆكۈملىرى تەتبىقلانسا، بۇنىڭغا رازى بولمىسا، ئۇلار قىپقىزىل يالغان دەۋانى قىلغان بولىدۇ-دە، بېرىپ مۇنۇ ئايەتكە ئۇسۇپ توختايدۇ: ﴿**ھەقىقەتتە ئۇلار مۇئمىن ئەمەس.**﴾

بىر ئىنسان تاكى دىننىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى، ئۇنىڭ ئۆلچەملىرىنى ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ھالىتى ۋە بارلىق ئىشلىرىدا ھۆكۈمران قىلمىغۇچە، بۇ دىنغا كىرىپ مۇئمىن بولالمايدۇ؛ ئىنسانلار توقۇپ تۇرلۇك ئاتالغۇلار بىلەن ناملاپ مەيدانغا ئاچىققان تەسەۋۋۇرلار، ئۆلچەملەر ۋەقانۇن - تۈزۈلمىلەر بۇ دىننى باشقۇرۇپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەمەس، ھەتتا بۇ دىن مەيدانغا كەلتۈرگەن تۈزۈم بىلەن بىللە ئىنسانلار ھاياتىغا ھۆكۈمرانلىق قىلسا بولىدۇ، دەپ قارىسا، ئۇ يەنىلا بۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئىمان كەلتۈرگەن بولمايدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ھېچقاچان ئۆز دىنىنىڭ ھۆكۈملىرىدىن بىر ھۆكۈمگە ياكى ئېتىقادىي ئاساسلىرىدىن بىر ئاساسقا قارىتا ئۆزرە ئېيتىش پوزىتسىيىسىدە ياكى دىنغا نىسبەتەن ئۆزىنى قوغداش مەيداندا تۇرىۋالسا تېخىمۇ بولمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇ مۇسۇلمان بولغانىكەن، ئۇنىڭ دىنى ئاساس بولىشى لازىم. چۈنكى ئۇ، اللە ئىنسانلاردىن ئۇنىڭدىن باشقىنى مەقبۇل قىلمايدىغان بىردىنبىر دىن ۋە باشقا ھەرقانداق بىر ئۆلچەم ئۇنىڭ ئالدىدا قىلچىلىك كۈچكە ئىگە بولالمايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەمدۇر. شۇنداق بولغانىكەن، بىر مۇسۇلمان ئۆز دىنىنىڭ ھۆكۈمگە نىسبەتەن ئۆزرە ئېيتسا ياكى دىنغا قارىتا ئۆزىنى قوغداش

مەيداندا تۇرسا، بۇ چاغدا ئۇنىڭ دىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئۆلچەمدىن باشقا بىر ئۆلچەمنى ئېتىراپ قىلىشىغا، ھەتتا بۇ غەيرى ئۆلچەم مۇسۇلمانىنىڭ دىنىنى باشقۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلسا بولىدۇ، دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئەقىدىگە بىۋاستە چېتىلىدىغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ بىر پۈتۈن بار ياكى يوق بولۇشىغا چېتىلىدىغان مەسىلىگە ئايلىنىپ، بۇ يەردىن ئالاھىدە دىققەت قىلمىسا بولمايدىغان بىر خەتەر مەيدانغا چىقىدۇ. قارارنى بەندە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ دىنى چىقىرىشى لازىم، چۈنكى ئۇنىڭ دىنى چىقارغان قارار ماھىيەتتە باشقا بىر كىمنىڭ ئەمەس، دەل الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ قارارىدۇر.

زامانلاردىن بېرى پۈتكۈل زېمىن يۈزىدە ھاياتنىڭ قانۇن-نىزامىغا نىسبەتەن ئىككىلا لاگىر مەۋجۇد بولۇپ كەلدى. چۈنكى، زامانلارنىڭ مابەينىدە زېمىن يۈزىدە ھايات تەسەۋۋۇرىغا قارىتا پەقەت ئىككىلا ئاساسىي پرىنسىپ مەۋجۇد ئىدى. بىرى: ئىلاھلىق، پەرۋەردىگارلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە پۈتكۈل سەلتەنەت يالغۇز الله تەئالاغا خاس قىلىنغان پرىنسىپ ئاساسىدا مەۋجۇد بولغان لاگىر. ئۇنىڭدا ئىنسانلار مەبۇدلۇق، پەرۋەردىگارلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە پادىشاھلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىدۇ-دە، بۇلارنىڭ پەقەت يېگانە الله قا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئېتىقادىي تەسەۋۋۇرلارنى، ئىنسانىي قەدىر-قىممەتلەر ۋە ئىجتىمائىي نىزاملارنى، ئەخلاقىي ئۆلچەملەر شۇنداقلا، رېئال ھاياتنىڭ ئاساسىي پروگراممىلىرى ۋە بۇ ھاياتنى كونترول قىلىپ ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قانۇن- تۈزۈلمە ۋە شەرىئەتنى يالغۇز بىر الله تىنلا قوبۇل قىلىدۇ. بۇلارنى الله تىن باشقا ھېچكىمدىن قوبۇل قىلمايدۇ. ئاندىن مۇشۇ ئاساستا: الله تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

يەنە بىرى: اللّٰه تەئالانىڭ ئىلاھلىقى، پەرۋەردىگارلىقى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە شاھۇ ـ سەلتەنىتىنى، يا اللّٰه تەئالانىڭ مەۋجۇدلۇقىنى ئىنكار قىلىپ بىر پۈتۈن رەد قىلىدىغان، ياكى بولمىسا پەقەت زېمىندىكى ئىشلاردا ــ ئىنسانلار ھاياتىدا، جەمئىيەت نىزامى ۋە قانۇن- تۈزۈملىرىدە بۇنى رەد قىلىدىغان پرىنسىپ ئاساسىدا تۇرىۋاتقان لاگېر. بۇ لاگېردىكىلەر مەلۇم ئىنسانلارنىڭ مەيلى ئۇلار بىر شەخس ياكى بىر تەشكىلات بولسۇن، بىر ئورگان ياكى مەلۇم بىر تەبىقە كىشىلىرى بولسۇن، اللّٰه تىن يۈز ئۆرۈپ ياكى ئۇنىڭغا شېرىك بولۇپ ئىنسانلار ھاياتىدا ئىلاھلىق، پەرۋەردىگارلىق، ھۆكۈمرانلىق ۋە پادىشاھلىق قىلىسا بولىدىغانلىقىنى داۋراڭ سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ پرىنسىپ ئاساسىدا كېتىۋاتقان كىشىلەر ھەرگىزمۇ اللّٰه تىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، دەپ شاھادەت ئېيتىپ لا إله إلا الله نىڭ گۇۋاھچىسى بولالمايدۇ.

بۇ بىر پرىنسىپ. ئاۋۇمۇ ئۆز ئالدىغا باشقا بىر پرىنسىپ. بۇ ئىككى لاگېر ھەرگىز جەم بولۇپ بىر يەرگە كېلەلمەيدۇ. چۈنكى بىرى جاھىلىيەت، يەنە بىرى بولسا ئىسلام. كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىۋالغان جاھىلىيەتلىرىنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ ـ خىل، ئەھۋالاتلىرى تۈرلۈك بولىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ يەنىلا جاھىلىيەت! مەيلى ئۇنى شەخس ھۆكۈمرانلىقى ياكى خەلق ھۆكۈمرانلىقى دەۋالسۇن، كوممۇنىزم ياكى سوتسىيالىزم دەپ ئاتىسۇن، دىموكراتىيە ياكى دىكتاتورىيە دەپ ئاتلارنى قويىۋالسۇن، دىنىي دۆلەت ياكى روھانىي ھاكىمىيەت دەپ ناملىۋالسۇن، [مىللەتچىلىك ياكى ۋەتەنچىلىك دېسۇن]، ئەمەلىيەتتە بۇ ناملارنىڭ، بۇ شەكىللەرنىڭ ھېچ ئېتىبارى يوق. چۈنكى ئۇلار ھەممىسى جاھىلىيەت لاگېرىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدا ـ ئىنسانىيەت ئىنسانىيەتكە ئىبادەت

قىلدىغان ۋە اﷲ تەئالانىڭ ئىنسانلار ھاياتىدىكى ئىلاھلىقى، پەرۋەردىگارلىقى، ھۆكۈمرانلىقى ۋە پادىشاھلىقىنى رەد قىلىدىغان ئاساسىي پرىنسىپىدا تامامەن بىرلىشىپ كەتكەن.»

ئاخىرىدا، بۇ قىممەتلىك مۇھاكىمىمىزنىڭ قۇرلىرىغا مۇشۇنچىلىك مەزمۇننى پۈتۈشكە مۇيەسسەر قىلغان اﷲ قا تەشەككۇر ئېيتىش بىلەن بىرگە، پەرۋەردىگارىمىزدىن بۇلارنى بەندىلەرگە ۋە شەھەرلەرگە مەنپەئەتلىك قىلىپ بېرىشىنى ۋە بارلىق ئەمەللىرىمىزنى ئۆز رىزاسى ۋە بۈيۈك جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى تىلەيمىز. ئەمەللىرىمىزدىن رىيا-سۇمئەت ياكى نامۇ-شۆھرەت ئىستىمەيمىز. اﷲ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى، دۇئا قىلغۇچىغا يېقىن ۋە ئۇنى ئىجابەت قىلغۇچى زاتتۇر.

اﷲ رەھبىرىمىز ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەدكە، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ساھابىلىرىغا رەھمەت ۋە ئامانلىق ئاتا قىلسۇن. سۆزىمىزنىڭ ئاخىرى، جىمى ھەمدۇ-سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ قا خاستۇر.

ئابدۇلمۇنئىم مۇستافا ھەلىيمە

ئەبۇ بەسىير تارتۇسىي

20\7\1421 ھ

18\10\2000 م

اﷲ قا شۇكرى ئېيتىمەنكى، ياخشىلىقنىڭ تامام بولغىنى ئۇنىڭ نېمىتىدۇر. ـ ت.